1

# چوڭ نىفاقتىن ئېھتىيات قىلىڭ!

دىنى ئىسلاھات توغرىسىدا ئېلىپ بارغان نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىزگە يەنىلا تۇراقلىق بولغان ئىمان ۋە ئىسلام ئاتا قىلالمايۋاتقان بولسا ،بىز چوقۇم بۇنىڭ تېگىدىكى ھالقىلىق مەسىلىنى ئىزدەپ چىقىپ ،بۇنىڭغا مەخسۇس چارە قىلىشىمىز كېرەك. بىزدە بىز ھېس قىلالمايۋاتقان ،بىزلەرنىڭ ئەخلاقى قۇرئان بولغان پەيغەمبەرنىڭ ھەقىقى ۋارىسى بولالايدىغان مۇكەممەل مۇسۇلمان بولىشىمىزغا توسالغۇ بولۇۋاتقان بۇ يوشۇرۇن كېسەلنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك.بىز پەقەت مۇشۇنداق قىلالىغاندا ،كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىيالىغاندىلا، ئاندىن بىزدە ھەقىقى ئىسلاھات بارلىققا كېلەلەيدۇ.كېسەلنىڭ ھەقىقى مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلماستىن، باشقا تەرەپكە قانچە تىرىشچانلىق قىلغان بىلەن ۋاقتىنىڭ زايە بولىشى ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا بىر نەتىجە تاپالمايمىز. يىلتىزسىز دەرەخكە قانچە رەڭ بېرىپ زىننەتلىگەن بىلەن ،ھامان مېۋە بېرەلمەيدۇ ،ئەمەسمۇ؟!.

جەمئىيىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك دەرىجىدە بىرخىل يوشۇرۇن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەل قىلىش چارىسىنى باشقا بىر نۇقتىلارغا قاراتقانلىقتىن ھېچبىر ئىسلاھاتنىڭ مەيدانغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتىمىزدە ،بىزلەرنى ھىدايەت قىلىشنى ،جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خالايدىغان مېھرىبان ئىگىمىز الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ساناقسىز رەھمىتى بىلەن بۇ كىتاب قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى .الله قا تەۋەككۇل قىلىپ ،قولغا قەلەمنى ئېلىۋېدۇق ،الله نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىمۇ ،الله خالىغان بىر سەۋىيەدە پۈتۈپمۇ قالدى.شۇڭا پۈرسەتنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا نىجادلىقنى ئىزلەۋاتقان بۇرادەرلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى

ئۈچۈن بۇ كىتابنى سۇندۇق .ھەقىقى مەنپەئەت ئېلىشنى خالايدىغانلارغا بۇ كىتابقا ئوقۇشلۇق ھېسابىدا ئەمەس ،بەلكى دەرسلىك ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىپ ،ھەربىر مەزمۇندا ئالاھىدە توختىلىپ ،مەزمۇنلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمىز. تىرىشچانلىقلىرى تۈپەيلىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشۋالغان غالىبلارنىڭ دۇئالىرىدا بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ۋە بىزلەرنى ئەسلەپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ــ بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ئىمانىنى قەلب ئىمانىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا كېچە ــ كۈندۈز تىرىشۋاتقان جەننەت ئاشىقلىرىغا بېغىشلايمىز.

ــ تەرجىماندىن.

## مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە ........ 5**

**1 ـ باب : قەلبىنىڭ تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق يۈز ئۆرۈپ ،باش تارتىشى كۇفرىلىقتۇر.... 8**

بىرىنچى پەسىل : ھەقىقى تەستىقلاش ۋە جەزمىيەت .................. **8**

ئىككىنچى پەسىل : ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشىنىش بىلەن ھېس قىلىشنىڭ پەرقى .... **12**

ئۈچىنچى پەسىل : ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ماھىيىتى ................ **18**

**2 ـ باب : ئاخىرەتنى تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش ............ 26**

بىرىنچى پەسىل : ئاخىرەتكە سەپەر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش ............ **26**

ئىككىنچى پەسىل : ئۆزىنىڭ دۇنيادا مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ......... **40**

ئۈچىنچى پەسىل : جەننەتنى ھېس قىلىش .................. **42**

تۆتىنچى پەسىل : دوزاخنى ھېس قىلىش .................. **49**

**3 ـ باب : ياراتقۇچىنى تەستىقلاپ تۇرۇپ قەلبىدە ئىنكار قىلىش ............ 53**

بىرىنچى پەسىل : الله نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنىڭ پەرقلىرى .................. **53**

ئىككىنچى پەسىل : ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش بىلەن ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر .................. **57**

ئۈچىنچى پەسىل : الله نىڭ مالىك (پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش .................. **67**

تۆتىنچى پەسىل : الله نىڭ ئەزىز ، ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ... **73**

بەشىنچى پەسىل : الله قا بويسۇنۇش ۋە ئېگىلىشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى .... **76**

ئالتىنچى پەسىل : الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش ............ **81**

يەتتىنچى پەسىل : الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى ......... **83**

سەككىزىنچى پەسىل:قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى ........ **91**

توققۇزىنچى پەسىل : مۇكەممەل مۇھەببەت ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇش ......... **94**

**4 ـ باب : پەرىشتىلەرنى تەستىقلىغان تۇرۇقلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش ........... 102**

**5 ـ باب : قۇرئانغا ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ........... 106**

**6 ـ باب : پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ...... 114**

**7 ـ باب : قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش .... 125**

**8 ـ باب : هاۋايى نەپسگە ئىبادەت قىلىش ........................ 132**

**9 ـ باب : دىققەت ئېتىبار ۋە مەقسەتلەرنىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى .. 140**

بىرىنچى پەسىل : دىققەت ئېتىبار (غەم)نىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى .. 140

ئىككىنچى پەسىل : نىشان ۋە ئومۇمىي نىيەتلەرنىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىشى .. 147

**10 ـ باب : قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولىشى ................. 152**

بىرىنچى پەسىل : شەرئى دەلىللەر .............................. 152

ئىككىنچى پەسىل : قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ تەپسىلاتى .... 155

**11 ـ باب : بىر ئىشقا بۇ ئىش كۆرستىۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قىلماستىن ۋە ئويلانماستىن قۇلاق سېلىش ................. 167**

**12 ـ باب : ئىمان ئەركانلىرىنى هېس قىلىش ۋە هېس قىلماسلىقنىڭ تەسىرلىرى .. 187**

**خاتىمە ...................................... 198**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ ئىگىسى اللە قا خاستۇر،ئەڭ ياخشى سالام ۋە رەھمەت ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ يېتەكچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن، مەقسەتكە كەلسەك:

ھەرقانداق مۇسۇلمان چوڭ نىفاققا چۈشۈپ قېلىشىدىن(يەنى مۇناپىق بولۇپ قېلىشىدىن) قاتتىق ئەنسىرەپ تۇرۇشى كېرەك.بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس.بىز مۇناپىقلىقنى پەقەت،قەلبىدە بۇدىنغا ئىشەنمەستىن،سىرتىدا ئىسلامنى ئاشكارا قىلىش دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن،بىراق چوڭ نىفاق (مۇناپىقلىق) ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىدىن ھالقىغان ھالدا، ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن.مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك.چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۆزى تۇيماستىن،دىنىنىڭ بارلىق ئاساسلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا ئىشەنگەن ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلغان تۇرۇقلۇق چوڭ نىفاققا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.بۇ ئەھۋال ھەتتا بەزى دەۋەتچىلەردە يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن!.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىن ئىماننى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ،ئۇنى(ئۇ ئۆزى ھېس قىلالماستىن) مۇناپىق قىلىپ قويىدىغان يەتتە تۈرلۈك سەۋەبنى بايان قىلىدۇ.بۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇناپىقلىق بىلەن دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قېتىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن،بۇ يەتتە تۈرلۈك ئىشلاردىن يىراق بولىشىغا قىلىنغان چاقىرىقتۇر.بۇ يەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى:ئىنسان تۇيغۇلىرىغا ئالاقىدار سەۋەبلەر :

**1** ـ قەلبنىڭ تەستىقلىغان تۇرۇقلۇق،ئىسلام ئەركانلىرىنى ھېس قىلالماسلىقى تۈپەيلىدىن باش تارتىپ،پەرۋا قىلماسلىقى(بىرىنچى بابتىن يەتتىنچى بابقىچە)

2 ـ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئىبادەت قىلىپ كېتىش(ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىپ كېتىشى) (سەككىزىنچى باب)

3 ـ اللە قا بولغان يۈكسەك مۇھەببەتنىڭ ۋە كامىل بويسۇنۇشنىڭ بولماسلىقى (ئۈچىنچى بابنىڭ ئونىنچى بۆلۈمى) بىز ئىنساننىڭ مۇشۇ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ كۆپىنچە ئەھۋالدا يالغان بولىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىمىز.(بىرىنچى بابنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈملىرى، ئۈچىنچى بابنىڭ بەشىنچى ۋە يەتتىنچى بۆلۈملىرى)

ئىككىنچىسى:ئىنسان ئەقلىگە ئالاقىدار سەۋەبلەر :

5 ـ مەقسەت نىشانلارنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى (توققۇزىنچى باب)

6 ـ ھەرقانداق بىر ئىشقا شۇ ئىش كۆرسىتىۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنى ئويلىنىپ، چۈشىنىپ تەسەۋۋۇر قىلماسلىقتا ئادەتلىنىپ قېلىش

ئۈچىنچى:ئىنسان نىيىتى ۋە ئەمىلىگە ئالاقىدار سەۋەبلەر :

7 ـ ئىنسان قەلبىنىڭ قارىداپ كېتىشى(ئونىنچى باب)

ـ بۇ يەتتە تۈرلۈك كېسەللىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى پەقەت اللە لا بىلىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمان شەخسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىدە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.بىز بۇ كىتابتا بىز مۇشۇ دۇنيادا ئېتىراپ قىلىۋاتقان ئىسلامىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن پەقەت اللە لا بىلىدىغان،جەننەتكە كىرىش ياكى دوزاخقا چۈشۈش ئۈنىڭغا باغلىق بولغان،ئىنسان قەلبىدىكى ئىماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە پەرقلەرنى بايان قىلدۇق.(بىرىنچى بابنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئىماننى تونۇشتۇرغان ۋاقىتتا ۋە ئالتىنچى بابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ.)

ـ بىز ئومۇمى كىشىلەرگە مۇشۇ قائىدىلەرنى تەقدىم ئېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدىكى بۇ كىتابنىڭ شەرھىسى ۋە سەھىپە، بابلىرىنىڭ تەرتىپى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەركىزى تېما ئىمان ئەركانلىرىغا بولغان جەزمىيەت(جەزىم قىلىش) ۋە ھەقىقى تەستىقلاشنىڭ بايانىدۇر.بۇ قائىدە بولسا:(جەزمىيەت بىلەن ھەقىقى تەستىقلاش= قانائەت قىلىش، ھېس قىلىش).باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەلبىتىكى ئىمان پەقەت قەلب ئەمەللىرى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.(بۇ قائىدىنىڭ بايانى بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ۋە جىمى

بابلارنىڭ شەرھى تەپسىلاتىدۇر)

ـ بىز بۇ كىتابتىكى ئاساسى مەسلىنى«ئىشىنىشنىڭ ئۆزىلا (ھەقىقى ئىمان بولۇشقا)كۇپايە قىلمايدۇ.»دىگەن سۆزگە يىغىنچاقلىيالايمىز. مەسلەن: ئاخىرەتنى ھىس قىلىش بولمايدىكەن،ئاخىرەتكە قانائەت قىلىش،جەزم قىلىش ۋە تەستىقلاشنىڭ ئۆزىلا ئاخىرەتكە بولغان ئىمان بولالمايدۇ.

مۇئەللىپ: ئۇستاز ھۇسەينى بەشىبىشى

# 1 ـ باب:قەلبنىڭ تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق يۈز ئۆرۈپ ،باش تارتىشى كۇفرىلىقتۇر

## بىرىنچى پەسىل:ھەقىقى تەستىقلاش ۋە جەزمىيەت

ـ بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈر قائىدە:

قەلبنى بويسۇندۇرالمىغان تەستىقلاش ۋە ئىشىنىش يالغان ،ھەقىقى بولمىغان ئىشىنىش ۋە تەستىقلاشتۇر .قەلب ئىماندىن يۈز ئۆرىگەن ۋە باش تارتقان تۇرۇقلۇق ، ئىماننى تەستىقلاش ۋە ئىشىنىش شىرىك ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ئىمان بىلەن شىرىك بىر قەلبتە جۈغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دىگەن:«**ئۇلارنىڭ تولىسى شىرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ** .»(سۈرە يۇسۇپ **106** ـ ئايەت) بۇ ھالەتتە ھەقىقى ئىمان بولمايدۇ ،ۋە ھەقىقى تەستىقلاش ۋە جەزمىيەتمۇ بولمايدۇ . شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابمۇ تەستىقلاش بىلەن يۈز ئۆرۈشنىڭ بىرگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:«چوڭ كۇفرى بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

**1** ـ يالغانغا چىقىرىش .الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**الله قا يالغاننى چاپلىغان ، ھەق كەلگەندىن كىيىنمۇ ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ كاپىرلارغا جەھەننەمدە جاي يوقمىدۇ؟ .(ئەلۋەتتە بار)**»(سۈرە ئەنكەبۇت **68** ـ ئايەت)

**2** ـ تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق چوڭچىلىق قىلىش ۋە باش تارتىش .الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**بىز ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە«ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار .»دىدۇق . ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى .ئىبلىس باش تارتىپ ، چوڭچىلىق قىلدى .شۇنىڭ بىلەن كاپىر بولۇپ كەتتى** .»(سۈرە بەقەرە **34** ـ ئايەت)

**3** ـ شەك قىلىش ۋە گۇمان قىلىش .الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن:

«شۇنڭدەك قىيامەت بولمايدۇ،دەپ ئويلايمەن.ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ)ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن.» (سۈرە كەھف 36 ـ ئايەت)

4 ـ يۈز ئۆرۈش.الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«ئاسمانلارنى،زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ھەق ئاساستا مۇئەييەن مۇددەتكىچە(يەنى قىيامەتكىچە قالىدىغان) قىلىپ ياراتتۇق.كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر.» (سۈرە ئەھقاف3 ـ ئايەت)

5 ـ نىفاق.الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ،ئاندىن (دىللىرىدا)ئىنكار قىلدى.ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)،ئۇلار ئىماننى چۈشەنمەيدۇ.»(سۈرە مۇناپىقۇن 3 ـ ئايەت)

ئىبنى قەييۇم جەۋزى ئەڭ چوڭ كۇفرىنى تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلدى:

1 ـ يالغانغا چىقىرىش ، 2 ـ باش تارتىش ،چوڭچىلىق قىلىش ، 3 ـ يۈز ئۆرۈش ، 4 ـ شەك قىلىش ، 5 ـ نىفاق .

ـ ئىنسان ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپتىن تەركىب تاپقان مەخلۇق بولۇپ،ئىچكى تەرەپ ئىنساننىڭ(تەستىقلاش ۋە ئىشىنىش ئورنى بولغان)ئەقىل ۋە قەلبىنىڭ سىېزىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.تاشقى تەرەپ بولسا،ئىنساننىڭ سۆزى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ياكى كۇفرى ئىنساندا مۇشۇ تۆت تەرەپنىڭ ھەرقانداق بىرىدە پەيدا بولىدۇ.كۇفرىلىق يا ئەزالارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە ياكى ئىنساننىڭ سۆزىدە،ئىشىنىش ـ تەستىقلاشتا (يەنى ئەقىلدە) ۋەياكى قەلبىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىدا،بۇ تۆت تەرەپنىڭ مەلۇم بىرىدە ياكى ھەممىسىدە پەيدا بولىدۇ.بىز ئىنساننىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى شېرىكتىن قۇتۇلغان،شۇنداقلا ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشەنگەن ۋە جەزمىي قىلغان تۇرۇۇقلۇق قەلبىدە پەيدا بولىشى مۇمكىن بولىدىغان چوڭ نىفاق توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز.مانا بۇ بىز يۇقىرىدا تەستىقلىغان تۇرۇۇقلۇق باش تارتىش ۋە يۈز ئۆرۈش دەپ ئاتىغان كۇفرىلىقتۇر.

ـ بىز مۇشۇ ئارقىلىق بارلىق كىشىلەرگە مۇھىم بىر قائىدىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىمىز .ئۇ قائىدە بولسىمۇ:ھەقىقى ئىشىنىش ۋە جەزمىيەت بولسا ، ئىشىنىش ۋە ھېس قىلىشنىڭ يېغىندىسىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، قەلبتىكى ئىمان قەلب ئەمەللىرىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى بىلەن يالغان ئىمان بولۇپ قالىدۇ .ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشىنىش ۋە تەستىقلاپ قويۇشنىڭ ئۆزى ئىمان بولالمايدۇ.چوقۇم ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش كېرەك .بىز بۇنى كىتابنىڭ بارلىق بابلىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز .

ـ ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ)تولۇق ئىشەنچىنىڭمۇ قەلب ئەمەللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:«قەلب كىبرى ۋە ھەسەدكە ئوخشاش ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىمان ئەركانلىرىنى قەلبىدە تەستىقلاش قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى بىر پۈتۈن مەيدانغا كەلتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن .» الله  بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە پەقەت كىبرى باردۇر.**» (سۈرە غافىر **56** ـ ئايەت) مۇشۇ خىل شەخستە تەستىقلاش ھېس تۇيغۇسىز (قەلبنىڭ ئەمىلىسىز) بارلىقلا كېلىپ قالغان بولىدۇ .

ـ ئىنسان بەزىدە ھەرقانداق زۆرۈر دىنى مەلۇماتلارنى يامان كۆرۈشى ،ياكى الله نى ياخشى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن . شۇنداقلا شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئىمان ئاساسلىرىغا ۋە دىنىنىڭ  پرىنسىپلىرىغا تولۇق ئىشەنگەن بولىشى مۇمكىن .مانا بۇنداق ئىنسان الله نى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش قەلبى ئەمەللەرنى قىلماي تۇرۇپ ،ئىمان ئەركانلىرىنى تەستىقلاپ قالغان .(يەنى بۇ ئىنساننىڭ ئىمان ئەركانلىرىغا بولغان ئىشەنچىسى ئۇنىڭدا الله نى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش قەلبى ئەمەللەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىگەن . ) «**ئۇلارنىڭ تولىسى شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ .**»(سۈرە يۇسۇپ **106** ـ ئايەت) شۇڭلاشقا ئىشىنىش ۋە تەستىقلاش مەۋجۇت بولسىمۇ ،قەلبى باش تارتقان ۋە يۈز ئۆرىگەن ھەرقانداق كىشى(الله  پاناھ بەرسۇن!) چوڭ نىفاققا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ .

قەلبتە يۈز ئۆرۈش دېگەن ئىماننىڭ ئەركانلىرى ،دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى ئالدىدا خۇددى ئۆلۈككە ئوخشاش ھېچقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرمەسلىك ، يامانمۇ كۆرمەسلىك ، ياخشى ـ يامانلىقنى ھېسمۇ قىلماسلىقتۇر .قەلبتە باش تارتىش بولسا ئىماننىڭ ئەركانلىرى

دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە الله نىڭ بۇيرۇقلىرى، ئاخىرەت ئىشلىرىغا سەل قاراش، بۇلارنى كىچىك ساناش ۋە باش تارتىشتۇر.بۇنداق شەخستە ئاخىرەتنىڭ ھەيۋىتىنى ھېس قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن،ئۇنىڭ قەلبىدە الله نىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلىماسلىق،الله نىڭ بۇيرۇق ـ پەرمانلىرىغا سەل قاراش يۈز بېرىدۇ.

ـ بىز بۇ كىتابتىكى ئاساسى مەسىلىنى«ئىشىنىشىنىڭ ئۆزىلا (ھەقىقى ئىمان بولۇشقا) كۇپايە قىلمايدۇ»دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىيالايمىز. مەسىلەن: ئاخىرەتكە ئىشىنىش،تەستىقلاشنىڭ ئۆزىلا ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقانلىق بولمايدۇ. چوقۇم ئاخىرەتنى ھېس قىلىش كېرەك.شۇنىڭدەك سىزنىڭ رەببىڭىز، ئىلاھىڭىز، ياراتقۇچىڭىزنىڭ بارلىقىنى تەستىقلاش ۋە ئىشىنىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا شۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىڭىز بولمايدۇ. چوقۇم سىزنىڭ رەببىڭىز،ئىلاھىڭىز، ياراتقۇچىڭىزنىڭ بارلىقى ئىپادىلەۋاتقان ۋە دالالەت قىلىۋاتقان مەزمۇننى ھېس قىلىشىڭىز لازىم.شۇنىڭدەك ئۆلۈمگە ئىشىنىشىڭىزنىڭ ئۆزى سىزنىڭ پات يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنگەنلىكىڭىز بولمايدۇ.چوقۇم ئۆلۈمنى ھەقىقى ھېس قىلىش لازىم.بىز يۇقىرىقىلاردىن ئەقىدىنى ۋە قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھېس تۇيغۇنى ئىسلاھ قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:« **ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» (سۈرە رەئىد 11 ـ ئايەتتىن)**

ـ دېمەك،ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئەمىلىلەشمەسلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت ئىشنىڭ بىرى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاۋۋال ھېس تۇيغۇدا پەيدا بولىدۇ.(ئۇنىڭ تەستىقلاش،ئىشىنىش،ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشلار بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ.)ۋە ئۇنىڭ بىر شەخسنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئىسلامىغا تەسىرىمۇ بولمايدۇ.ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قەلبنىڭ ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈشى.

2 ـ قەلبنىڭ ئاخىرەتتىن باش تارتىشى.

3 ـ ئاخىرەتنى يامان كۆرۈش.

4 ـ ئاخىرەتنى ھېس قىلالماسلىق.

5 ـ ئاخىرەتكە بولغان ساختا ئىشىنىش .

ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتنى ھېس قىلالمىغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ .

## ئىككىنچى پەسىل:ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشىنىش بىلەن ھېس قىلىشنىڭ پەرقى

ـ شۈبھىسىزكى ،ئىماننىڭ ئالتە ئەركانى بار .كىمكى بۇ ئالتە ئەركاننى تولۇق ھېس قىلالىسا ،ئىماننى ھېس قىلغان ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ .كىمكى ئۇلارنى ھېس قىلالمىسا ،ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ .چۈنكى ئىماننىڭ ھەرخىل تەمى ۋە ھالاۋىتى بار .شۇنىڭدەك ئىمان سەن ئىشىنىپ قويىدىغانلا نەرسە ئەمەس ،بەلكى ھەقىقى ھېس قىلىدىغان نەرسىدۇر .بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«اللە نىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە ، ئىسلامنىڭ دىنى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولغان كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان بولىدۇ .»(مۇسلىم نەقىل قىلغان)

ـ مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى پەقەت ئىماننىڭ ئەركانلىرىغا ئىشىنىشلا ئەمەس ،بەلكى ئۇنى ھېس قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ .چۈنكى ئەقىدە دېگەن ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىنسان بىر نەرسىگە ھېس قىلماستىن ئىشەنگەن بولسا ،بۇنىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ .شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسان ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تەسىر ئالالمايدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىتابتا ئىمان ئەركانلىرىنى پەقەت ھېس ـ تۇيغۇ تەرەپتىن چۈشەندۈرىمىز .ھەم غەيىپ ئىشلار ۋە ئىمان ئەركانلىرى ئالدىدىكى مۆئمىننىڭ قەلبىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىنى تەھلىل قىلىمىز .

ـ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ،ئەگەر بىر كىشى ئاخىرەتتىن كىشىلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلسە ،ئۇ كىشى كىشىلەرگە نېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن؟ .بۇ كىشى ئۇلارنى ئۇلار اللەقا ، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە دىنىنىڭ ھەربىر پرىنسىپلىرىغا تولۇق ئىشەنگەن ، ھەتتا ئۇلار غەيىپ توغرىسىدا بۇ كىشىدىن كۆپرەك تەپسىلاتلارنى بىلگەن ھالەتتە تاپسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرى ،خەتەرلىرى ياكى اللە نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ

قۇدرىتىغا بولغان ھېس قىلىشنى ئويلىغان ۋاقىتتا،بۇ كىشىلەردىن بۇنداق تۇيغۇنى تاپالمايدۇ.(دېمەك كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتكە بولغان بىلىشى ۋە ئىشىنىشى ئۇلاردا ئاخىرەتكە بېرىپ باققان كىشىدىكىگە ئوخشاش بولغان ھېس ــ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلالمايدۇ.) كىمكى ئۇلۇغ الله نى ھېس قىلسا،ئۇ الله نىڭ ھەيۋىتىنى،الله قا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە الله قا بولغان مۇھەببەتنى ھېس قىلالايدۇ.قانداق كىشى ئاخىرەتنى،ئاخىرەتتىكى خەتەرنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ھامان قايتىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىسا،ئۇ ئاخىرەتتىن قورقۇشنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ.ئۇنداقتا ئەقىل بىلەن قەلب ،يەنى بىر نەرسىگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا پاسىلىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟ مانا بۇ،بىز بۇ كىتابتا چۈشەندۈرمەكچى بولغان يادرولۇق مەسىلىدۇر.

ــ دۇنيا ئەرزىمەس،يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسە،ئاخىرەت بولسا ھەقىقى ھايات ۋە ھەقىقى مەنپەئەت دەيدىغان، ئاندىن ھېس تۇيغۇسى ئاخىرەتتىن ئۈزۈلۈپ،دۇنياغا يۈزلىنىپ كەتكەن كىشى كاززاپ يالغانچىدۇر.ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزىدە راستچىل بولىدىغان بولسا،ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇلىرى ئاخىرەت بىلەن باغلانغان بولاتتى. دېمەك ئۇ ئاخىرەتكە ئىشىنىشتە راستچىل،ئاخىرەتنى ھېس قىلىشتا يالغانچىدۇر.چۈنكى ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇسىدىكى دۇنيا ھەقىقى ھايات،كېلەچەك ۋە ئاقىۋەت بولۇپ قالغان.بىز بۇ ئارقىلىق ھەقىقى تەستىقلاش (يەنى ھېس تۇيغۇنىڭ تەستىقلىشى)نىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ئىمان ئەركانلىرىنى تەستىقلاشنىڭ پەقەت ئىشىنىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئىمان ئەركانلىرىنى ھەقىقى ھېس قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بىرىنچى: بىر نەرسىگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مىساللىرى.

**1** ــ مىسال: ئەگەر سىز بىر يولۋاسقا ئۇچرىسىڭىز،ھەم ھېچقانداق قورقۇنچ ھېس قىلمىسىڭىز،ئۇنداقتا بۇ يولۋاس ھەيكەل ياكى بۈت بولغان بولىدۇ. ھەقىقى يولۋاس بىلەن يولۋاسنىڭ ھەيكىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى يولۋاسنىڭ ھەيكىلى پايدا

يەتكۈزەلمەيدۇ . بۇ ئىككىسى پەقەت ئىسمىدىلا ئوخشايدۇ .ھەقىقى يولۋاسنىڭ ئىسمى ھەقىقى . ھەيكەلنىڭ بولسا الله ئۇ توغرىسىدا بىرەر پاكىت چۈشۈرمىگەن ،كىشىلەر تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان ئىسمى بار .شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا پايدا ـ يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى:« **سىلەر الله نى قويۇپ ،سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ .»**( سۈرە ئەنبىيا **66** ـ ئايەت )

**2** ـ مىسال : بەزى ئىنسانلار قىزىل گۈلنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ،لېكىن ئۇلار قىزىل گۈلگە قارىغان ۋاقتىدا ،ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماسلىقى مۇمكىن .لېكىن بەزى كىشىلەر قىزىل گۈلدىكى گۈزەللىكتىن ھۇزۇر ئالالايدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى جانلىنىپ ئۇ گۈلدىن مەنپەئەت ئالىدۇ .

**3** ـ مىسال : تاماكا چەككەن كىشى تاماكا چېكىشنىڭ خۇددى تاماكا قېپىغا يېزىلغاندەك ساغلاملىققا زىيانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ .لېكىن ئۇ ئەشۇ ئىشلارنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلالمايدۇ .بۇ خەتەرلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق سانايدۇ . رازىمۇ بولمايدۇ .ئۇ ئىشلاردىن ئەجەبلەنمەيدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاماكا چېكىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ .

**4** ـ مىسال : سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا قەبرە ئازابى ۋە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئالىغا تامامەن ئىشىنىش مەۋجۇت .ئەگەر ئۆلۈكلەرنىڭ بىرى تۇرۇپ ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئالى ۋە قەبرە ئازابى توغرىلىق خەۋەر بەرسە ،سىز ئۇنىڭغا قەلبىڭىز قېتىپ كەتكەن ھالەتتە : مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىشلارنى بىلىمەن . دېيىشىڭىز مۇمكىن .ئەگەر ئۇ سىزگە : سەندە قەبرە ئازابىنى ھېس قىلىش مەۋجۇت ئەمەسكەن ،چۈنكى سەن مۇشۇ ئىشنىڭ خەتىرى ۋە بۇ ئازابنىڭ دەرد ئەلىمىنى ھېس قىلالمايدىكەنسەن .دېسە ،توغرا دېگەن بولىدۇ .( چۈنكى سىزنىڭ بىلىشىڭىزنىڭ قانچىلىك كۆپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ،يەنىلا بۇ سىزدە ئەمىلى كۆرۈپ باققان كىشىدە يۈز بەرگەن كۈچلۈك ھېس تۇيغۇلارنى پەيدا قىلالمايدۇ . )

**5** ـ مىسال : ئەگەر سىزگە كىشىلەر : دادىڭىز ئۆلۈپ كەتتى .دېسە ،ئەگەر سىز

ئەشۇ خەۋەرنى پەقەت ئىشىنىش يولى بىلەنلا بىلىسىز،بۇ ئىش ئاددىي بىر ئىش بولغان بولىدۇ.چۈنكى ئۇ پەقەت بىلىپ قويۇشتۇر.لېكىن نورمال بىر ئىنسان بۇ ئىشنى ھېس قىلىش يولى بىلەن بىلىدۇ.ئۇ مۇشۇ ئىشتىكى ئەھمىيەت ۋە خەتەرلەرنى،بۇ ئىشنىڭ يات ۋە تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى،دادىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.ئۇ مۇشۇلارنى ئەسلەيدۇ ــ دە،غەم ــ قايغۇ ھېس قىلىدۇ.

**6** ــ مىسال : ئىنسان ئىككى رەكەت نامازنىڭ مىڭ جۇنەيھتىن ( مىسىرنىڭ پۇل بىرلىكى)ئارتۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.لېكىن ئۇ ئۆز ھېس تۇيغۇسىدا بۇنىڭغا رازى بولۇش ۋە بۇنىڭدىن راھەتلىنىش ۋە بۇنى قوبۇل قىلىشنى ھېس قىلالمايدۇ ــ دە،ئۇ مىڭ جۇنەيھنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق بولىشى ئۇ ئاخىرەتتىكى ئىككى رەكەت نامازنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالمىغان.ھەقىقەتەن ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى پۈتكۈل دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەربىر نەرسىدىن ئارتۇقتۇر.چۈنكى ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:«ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر.»( مۇسلىم نەقىل قىلغان) بەزىلەر بۇنى قەلبىدە سىقىلىش بولماستىن ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا بۇنى ھەقىقى ھېس قىلماقچى بولغاندا قەلبىدا بىر سىقىلىشنى ھېس قىلىدۇ.(بۇ يەردىكى سىقىلىش دېگەن بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىچ ــ ئىچىدىن قايىللىق ۋە قانائەتنىڭ بولماسلىقىدۇر.)

ــ مۇلاھىزە : بىر نەرسىگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق شۇكى،بىر نەرسىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭدىن تەسىر ئېلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ھېس ــ تۇيغۇلار(قەلب ئەمەللىرى)پەيدا بولىدۇ.ئەمما بىر نەرسىگە پەقەتلا ئىشىنىپ قويۇشتىن ھەرقانداق ھېس ــ تۇيغۇ پەيدا بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى : ئىماننى تونۇشتۇرۇشتىكى ئىشىنىش بىلەن ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

ــ دىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاشكارىدىن بىز«ئىسلام»كەلىمىسىنى مەقسەت قىلىمىز.يوشۇرۇن تەرەپتىن بولسا بىز«ئىمان» كەلىمىسىنى مەقسەت قىلىمىز.لېكىن«ئىسلام»ياكى «ئىمان» كەلىمىسى ئوتتۇرىغا

قويۇلغان ۋاقىتتا بۇ ئىككى كەلىمىنىڭ ھەرئىككىلىسى دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مەقسەت قىلىغان بولىدۇ .شۇنداقتىمۇ بۇيەردە «مۆئمىن»كەلىمىسى بىلەن«مۇسۇلمان» كەلىمىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار . مەسىلەن: «مۆئمىن» كەلىمىسى بىلەن الله تىن باشقىسى بىلمەيدىغان ، جەننەتكە كىرىش ياكى دوزاخقا چۈشۈش ئۇنىڭغا باغلىق بولغان قەلبتىكى ئىمان مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ .«مۇسۇلمان»كەلىمىسى بىلەن ئاشكارا ئىسلام مەقسەت قىلىنىدۇ . لېكىن بىز«مۇسۇلمان» ۋە«مۆئمىن»دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ۋاقىتىمىزدا ، بىز بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ ھەممىسىنى مەقسەت قىلىمىز .چۈنكى بىز پەقەت سىرتقى كۆرۈنىشنىلا بىلىمىز .قۇرئۇبىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق بايان بار:«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«**ئەئرابىلار:«ئىمان ئېيتتۇق»دېدى .ئېيتقىنكى ،«سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار ، لېكىن«مۇسۇلمان بولدۇق»دەڭلار .»دېگىن .**»الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسلام كەلتۈرگەن ھەربىر كىشىنىڭ مۆئمىن ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەسۇلۇللاھغا:پالانىغا سوۋغاتلاردىن بەرگىن .ئۇ مۆئمىن . دېگەن ۋاقىتتا:بەلكى مۇسۇلمان . دېگەن .مانا بۇ شۇنىڭغا دەلىلكى ئىمان دېگەن ئىسلامنىڭ ئۆزى ئەمەس ،چۈنكى ئىمان دېگەن يوشۇرۇن ،ئىسلام دېگەن ئاشكارىدۇر .»سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەرسىلەرنى تەقسىم قىلدى .مەن:«ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى ، پالانىغا بەرگىن .ئۇ مۆئمىن»دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«بەلكى مۇسۇلمان» دېدى .مەن بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدىم . رەسۇلۇللاھمۇ ماڭا«بەلكى مۇسۇلمان!»دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى .» (مۇسلىم رىۋايىتى) ،ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ:بۇ يەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«بەلكى مۇسۇلمان!» دېگەن سۆزى ھېلىقى كىشىنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس ،بەلكى مىسال كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان .

بۇ ئارقىلىق«ئىمان»دېگەن سۆزنىڭ«ئىسلام»دېگەن سۆزدىن پەرقلىنىدىغانلىقى نامايان بولىدۇ .بۇ يەردىكى ئىمان الله تىن باشقىسى بىلمەيدىغان قەلبتىكى ئىماندۇر .

يۇقىرىقى شەكىللەردىن شۇ ئايدىڭلاشتىكى ئىمان ياكى ئىسلامنى ،ياكى الله بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ئىبادەتنى كۆپ خىل ئۇسۇلدا تونۇشتۇرۇش مۇمكىن .

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى بار.ئۇلار(ئاشكارە، يوشۇرۇن)، ياكى (ئىمان،ئىسلام)،ياكى(ئەقىدە،ئەمەل،تىلدا ئىقرار قىلىش)، ياكى (تىلدىكى ئىقرار، قەلبتىكى ئېتىقاد، ئەزالاردىكى ئەمەل)،ياكى(قەلبتىكى ۋە تىلدىكى ئىقرار، قەلبتىكى ۋە ئەزالاردىكى ئەمەل)،ۋەياكى(الله ياخشى كۆرۈدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز ۋە ئىش ــ ھەرىكەتلەر)دۇر. يوشۇرۇن ئەمەل دېگىنىمىز قەلبنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدۇر.

ــ يەكۈن: «تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىش تولۇق ئىشقا ئاشماي تۇرۇپ، ئېتىقاد تولۇق بولمايدۇ. بىرى: قەلبنىڭ ئەشۇ ئىماننىڭ ئەركانلىرىنى بىلىشى. يەنە بىرى: قەلبنىڭ ئەشۇ ئىمان ئەركانلىرى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ ئەمەل قىلىشى.قەلبتە بىلىش دېگەن خۇددى ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغاندەك: مۆئمىنلەر ۋە غەيرى مۆئمىنلەرنىڭ ئېڭىدا كۆپ تېپىلىشى مۇمكىن.ئەمما قەلبنىڭ ئەمىلى پەقەت ھەقىقى مۆئمىندىلا تېپىلىدۇ.» (ئەقىدە توغرىسىدا رىسالە ــ دوكتور ئەلى جۇرەيشە سەھفە)

ئۈچىنچىسى: ساغلام قەلبنى تونۇشتۇرۇشتىكى ئىشىنىش بىلەن ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۇرۇش.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «ساغلام قەلب دېگەن قىيامەت كۈنى ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن كەلمىسە نىجات تاپالمايدىغان قەلبتۇر.چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «**ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ.**»(سۇرە شۇئەرا **88 ــ 89** ــ ئايەتلەر) كىشىلەر ساغلام قەلبنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.ئاساسى مەزمۇنى شۇكى،ساغلام قەلب دېگەن الله نىڭ ئەمىر پەرمانلىرىغا قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق ئارزۇ ــ ھەۋەس ۋە الله نىڭ خەۋەرلىرىگە زىت كېلىدىغان بارلىق شۈبھىلەردىن سالامەت قالغان قەلبتۇر.» (ئىغاسەتۇل لەھفان)

## ئۈچىنچى پەسىل:ھېس ــ تۇيغۇنىڭ ماھىيىتى

ـ كىشىلەر ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ماددا ،ھېساب ،دەلىل ۋە ئىشىنىش دېگەن ئاتالغۇلارغا ئادەتلىنىپ ،ھېس ـ تۇيغۇ دېگەن ئاتالغۇنى ئۇنتۇپ كەتتى . ھەتتا ھېس ـ تۇيغۇنى ئىشىنىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى .شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئەركانلىرىغا تولۇق ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنى الله نى ياخشى كۆرۈۋاتىمەن ، بويسۇنىۋاتىمەن ،الله تىن ۋە ئاخىرەتتىن قورقۇۋاتىمەن دەپ ئويلاپ قالدى . . . . . . . . .ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ بۇلارنى ھېس قىلىش مەۋجۇت ئەمەس ،ئۇنىڭدىكى بۇخىل ھېس ـ تۇيغۇلار قوپقۇرۇق بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن . ئېھتىمال ئىمان ئەركانلىرىغا تولۇق ئىشىنىۋاتقان ئىنسان ئۆزىنى الله ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن ، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ھېچقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلمايۋاتىمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن . لېكىن ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىگە يۈزلىنىپ كەتكەن ،ئاخىرەتتىن غاپىل قالغان بولىشى مۇمكىن .

***بىرىنچى : ھېس قىلىش***

ـ ھېس قىلىش دېگەن سۆزدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ .بىز بىر نەرسىنى ھېس قىلىش دېگەندىن ،شۇ نەرسىنىڭ مەنپەئەتى ،خەتىرى ۋە تەسىرىنى ھېس قىلىشنى مەقسەت قىلىمىز . مەسىلەن:سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا الله نىڭ كاتتىلىقى ۋە قۇدرىتى قانچىلىك ئەكس ئېتىدۇ؟ . سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاخىرەتنىڭ ئەھمىيتى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى قانچىلىك گەۋدىلەندى؟ . مانا بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە . . . .

ـ ھېس قىلىش بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمە؟سىزدىن ئەسلىدە الله نى ياخشى كۆرۈش ،ئۇنىڭدىن قورقۇش ،ئۇنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ مۇتلەق بويسۇنۇش ۋە ئاخىرەتتىن قورقۇش . . . . . . . . قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇلار (قەلب ئەمەللىرى ) ئەڭ ئەۋۋەل تەلەپ قىلىنغان ئەمەس .بەلكى سىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقىنى الله نىڭ كەرىمىنى ،ئېھسانىنى ۋە سىزگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى ھېس قىلىشتۇر .ئەگەر سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز جەزمەن الله نى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز . سىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقىنى ئاخىرەتنىڭ ئەھمىيتى ۋە خەتىرىنى ھېس قىلىشتۇر .ئەگەر شۇنداق قىلالىسىڭىز جەزمەن

ئاخىرەتتىن قورقىسىز . ( يەنى الله نى ياخشى كۆرۈش ۋە ئاخىرەتتىن قورقۇشقا ئوخشاش ھېس ــ تۇيغۇ (قەلب ئەمەللىرى) ئۆزلىگىدىن پەيدا بولىدۇ ــ ت) . . . . . ۋەھاكازالار . ئىنسان ھېس ــ تۇيغۇلارنى ئۆزى ياساپ چىقالمايدۇ ،بەلكى بۇ ھېس ــ تۇيغۇلار بىرەر نەرسىدىكى ئەھمىيەت ،مەنپەئەت ياكى خەتەرلەرنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا شەرتسىز ھالدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى الله نى تونۇش (الله نى تونۇشتىن مەقسەت الله نى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشتۇر .پەقەت ئىشىنىپ قويۇشلا ئەمەس) . ئىنسان الله نى تونۇغان ۋاقىتتا ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ،ئۇمىدىنى پەقەت ئۇنىڭدىن كۈتىدۇ . ھېس ــ تۇيغۇلار الله نى تونۇش ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ .دېمەك بىر نەرسىنى ھېس قىلىش ھېس ــ تۇيغۇدا مۇشۇ نەرسىلەردىن تەسىرلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ .

ــ ئۇنداقتا ئىمانىنىڭ ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش قانداق بولىدۇ؟ سىز مەلۇم بىر ئىش توغرىلىق سۆزلەۋاتقاندا ( مەسىلەن ،بۇ ئىش ئاخىرەت بولسۇن ) ،بۇيەردە سىز سوراشقا تېگىشلىك ئىككى سوئال پەيدا بولىدۇ .يەنى ئاخىرەت دېگەن نېمە؟ ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟ .

ئەگەر ئاخىرەت سىز ئۇنىڭدىكى خەتەرلەرنى بىلگەن ،لېكىن تەسىرلەنمىگەن تۇرۇقلۇق ،يەنىلا بەكلا تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە مۇھىم ئىش دەپ قارالغان بولسا ، ئۇنداقتا سىز پەقەت ئاخىرەتتىكى ئىشلارنى بىلگەن بولىسىز . لېكىن ئۇنىڭدىكى خەتەرلەرنى ھېس قىلالمايسىز .شۇنىڭدەك سىز ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى(قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن دەلىللەر ئارقىلىق) قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىگە قايىل بولۇشنى ھېس قىلماي تۇرۇپ بىلگەن بولىسىز ،پەقەت ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا بىلىسىز ،لېكىن ھېس قىلالمايسىز . ئەگەر قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى ۋە ئاخىرەتتىكى خەتەرلەرنى ھېس قىلىش پەيدا بولمايدىكەن ، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىشەنگىنىڭىز ، پايدا ــ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ، ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان ،سىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان نەرسىگە ئىشەنگىنىڭىزگە ئوخشاشتۇر .

دېمەك : ئىمانىنىڭ ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن چوقۇم تۆۋەندىكى ئىككى

ئىشنى ئورۇنلاش كېرەك.بىرى مانا مۇشۇ ئالتە ئەركاندىكى ئەھمىيەت، خەتەر ۋە قىممەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش،يەنە بىرى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش لازىم.(بىز بۇكىتابىمىزدا ئىماننىڭ ئالتە ئەركانلىرىدىكى ئەھمىيەت،خەتەر ۋە قىممەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.ئەمما قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا كەلسەك،باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ئىگەللىۋېلىڭ.)

***ئىككىنچى: ھېس ــ تۇيغۇ***

ھېس ــ تۇيغۇ مەسىلىسى ئەسلىدە مۇشۇ ھېس ــ تۇيغۇلارنىڭ مەۋجۇد بولۇش ياكى بولماسلىق مەسىلىسىدۇر. مەسىلەن:تۆۋەندىكى ئايەت ئوقۇلغاندا: «**بەزى ئادەملەر الله دىن غەيرىلەرنى الله غا شېرىك قىلىۋالىدۇ،ئۇلارنى (مۆئمىنلەرنىڭ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ(يەنى ئۇلۇغلايدۇ،چوڭ بىلىدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر.**»(سۈرە بەقەرە 165 ــ ئايەتتىن) مەن سىزدىن ئەۋۋەل : سىزنىڭ ئېڭىڭىزدىكى الله نى ياخشى كۆرۈش باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۈستۈن تۇرامدۇ؟ . دەپ سورىمايمەن.بەلكى مەن سىزدىن : سىز الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھەقىقەتەن ھېس قىلىۋاتامسىز ياكى ھېس قىلمايۋاتامسىز؟ . دەپ سورايمەن.الله نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ھېس قىلىنغانلىقى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن : سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا الله نى ياخشى كۆرۈش باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۈستۈن تۇرامدۇ؟.دەپ سورايمەن.بۇنداق بولۇشى بىز ئۆزىمىزنىڭ الله نى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىمىزنى، اللەنى ياخشى كۆرۈشىمىزنىڭ ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتىمىز.لېكىن بۇيەردە ئۆزىنىڭ الله نى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى، قەلبىنىڭ الله نىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغانلىقىنى،اللەقىلا بويسۇنىدىغانلىقىنى،اللەتىن باشقىغا باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، اللەتىنلا قورقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق كىشىدىن قورقمايدىغانلىقىنى........دەۋا قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار بولسىمۇ، ماھىيەتتە،ئۇلارنىڭ ئېڭىدا الله نى ياخشى كۆرۈش،الله قا باش ئېگىش،الله تىنلا قورقۇش تۇيغۇسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «ھېس ــ تۇيغۇ دېگەن ئىشنىش شۇ» دەپ قارىلىۋاتقان بۇ سائەتلەردە،ئەشۇ ھېس ــ تۇيغۇلار قۇرۇق دەۋا،يالغان ھېس ــ تۇيغۇ ۋە

پەقەت گۇمانمۇ؟ ياكى ھەقىقى ھېس ـ تۇيغۇمۇ؟ بۇنى ئايرىش ئۈچۈن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىدىغان ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ھەقىقى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان روھى تەھلىل(دىئاگنوز) ئېلىپ بارىمىز.

ھەر قانداق ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ھەقىقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۈچ خىل شەرتى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1** ـ روھى ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولىشى : چوقۇم ھەرقانداق ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئۇنىڭدىكى سىقىلىش ،دەرد ـ ئەلەم ۋە ياكى خۇشال ـ خۇراملىقنى ھېس قىلىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان تەسىرلىك ،روھى ۋە ھېسسىي ،ۋىجدانى ھالەتلەر مەۋجۇت بولىشى كېرەك. ئەگەر ھەرقانداق بىر ھېس ـ تۇيغۇدا بۇ خىل ھالەتلەر مەۋجۇت بولمايدىكەن ،بۇ ھېس ـ تۇيغۇ ئەمەس.بەلكى قۇرۇق دەۋا بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: اللەنى ياخشى كۆرۈش چۈشىنىكسىز، مەۋھۇم بىر نەرسە ئەمەس.بەلكى ئىنسان بىلەلەيدىغان، ھېس قىلالايدىغان نەرسىدۇر.(يەنى بىز ھېس قىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر مۇھەببەتتە مەۋجۇت بولىدىغان روھى ھالەت بىلەن الله نى ياخشى كۆرگەندىكى روھى ھالەت ئوخشاش بولىدۇ ـ ت). ئەگەر بىز قورقۇنچلۇق روھى ھالەتنى ئىپادىلىمەكچى بولساق (ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئىنتىزار بولغىنىغا ئوخشاش)مەلۇم بىر خەتەرگە دۇچ كەلگەن كىشىدە پەيدا بولىدىغان روھى ھالەتنى مىسال قىلىپ سۆزلەيمىز.قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان بۇ خىل ھالەتنى چۈشىنىش ئاسان.چۈنكى ئۇنى( ئەگەر بۇ كىشىگە ئۆزى ھېس قىلغان بۇ خىل روھى ھالەتنى تىلدا ئىپادىلەش قىيىن بولسىمۇ)ھەرقانداق ئادەم ھېس قىلالايدۇ.ياكى سىز غەزەپلەنگەن كىشىدە ئىچكى ئەسەبىيلىكنىڭ تەسىرىنى ئۇچرىتىسىز، بۇنى غەزەپلىنىپ باققان ئىنسان ھېس قىلالايدۇ.يەنە مەسىلەن: خاتىرجەملىك ئۇنىڭدا خۇشال ـ خۇراملىق، تەمكىنلىك ھېس قىلىنىدىغان بىرخىل روھى ھالەتتۇر...

**2** ـ بۇخىل روھى ھالەتنىڭ بۇنى پەيدا قىلغۇچىسىنىڭ دەرىجىسىگە ماسلىشىشى: ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىر نەرسىنىڭ دەرىجىسى (مىقدارى)، قىممىتى ۋە ئۇنىڭدىكى پايدا ـ مەنپەئەتلەر بىلەن تەسىرلىنىدۇ. ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ بىر نەرسىدىن

تەسرلىنىش مىقدارى شۇ نەرسىدىكى پايدا ـ زىيان مىقدارى بويىچە بولىدۇ. چۈنكى پايدا ـ زىيان مىقدارى چوڭ بولغان نەرسە بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ بەك تەسرلىنىدۇ.

3 ـ بۇ خىل روھى ھالەتنىڭ داۋاملىششى: ـ ھەرقانداق ئىنسان مەلۇم نەرسىدىن (مەسىلەن ئاخىرەتتىن) تەسىرلەنسە ،ئۇنىڭ بۇ نەرسىنى ھېس قىلىشى ئەشۇ تەسىر كۆرسەتكۈچ يوقالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.ئەگەر ئۇ داۋاملاشمىغان بولسا ،بۇ خىل ئەھۋال (مەسىلەن)ئاخىرەتنىڭ ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇسىدا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ھېس ـ تۇيغۇلار بەزىدە يوقاپ كېتىدۇ.يەنى ئىماننىڭ روھى يوقاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن مۇددەتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ يوقاپ كېتىدۇ: **«ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار كىتاب ھەققىدە قاتتىق دەرگۇماندىدۇر.»** (سۈرە شۇرا **14** ـ ئايەت) شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم قەلبنىڭ قاساتلىشىپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:**«مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە(يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى)زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى.ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»** (ھەدىد **16** ـ ئايەت)

كىشىلەر تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىسا ھېس ـ تۇيغۇلىرى جانلىنىپ كېتىدۇ.لېكىن ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ھېس ـ تۇيغۇ پەسلەپ قالىدۇ.بۇ خەتەرلىك ئىش ئەمەس ،لېكىن ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ،ئىمان ئەركانلىرىغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇنىڭ يوقاپ كېتىپ ،قانچىلىك ۋەز نەسىھەتلەرنىڭمۇ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەسلىكىدۇر.

ـ بۇنىڭغا تۆتىنچى بىر شەرتنىمۇ قوشۇپ قويۇش مۇمكىن.ئۇ بولسىمۇ تەسىر كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدۇر: ـ بۇ بەك زۆرۈر شەرت ئەمەس.لېكىن ئۇ ھېس ـ تۇيغۇنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ بېرەلىشى مۇمكىن. بۇنداق دېگەنلىك ھەرقانداق ھېس تۇيغۇنىڭ ئۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان روھى ھالەت ۋە ئالامەتلىرى بار دېگەنلىكتۇر.مەسىلەن: غەزەپنى ھېس قىلىش.سىز ئىنساننى بۇ ۋاقىتتا يۈزلىرى قىزارغان ۋە ئۇنىڭدا غەزەپنىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرى بولغان ھالەتتە ئۇچرىتىسىز.ھەرقانداق

ھېس ـ تۇيغۇنىڭ روھى ھالەتكە تەسىرى بولىدۇ.مەقسەت ۋە پىكىرگىمۇ، مىجەز ـ خاراكتېرگىمۇ، ئىش ـ ھەرىكەت، قەلبىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ۋە قاندىكى ھورمونلارنىڭ دەرىجىسىگىمۇ تەسىرى بولىدۇ..........

ـ شۇنىڭدەك ھەرقانداق ھېس ـ تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن مۇئەييەن يول ۋە كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولىدۇ.الله تىن قورققان كىشىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەسىرلىرىنىڭ بىرى شۇكى ـ سىز بۇ كىشىنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا يىغلايدىغانلىقىنى كۆرۈسىز. غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ تەسىرىنى ئۇنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ،چىراي ئىپادىلىرىدىن كۆرۈسىز. خۇشال بولغان كىشىنىڭ يۈزىدىن تەبەسسۇم ھېس قىلىسىز.

ـ شۇنىڭدەك غەيىپلەرنى ھېس قىلماسلىق بەزى ۋاقىتلاردا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، زۆرۈر بولغان دىنى ئىشلار تىلغا ئېلىنغاندا ئاشكارا بولىشى مۇمكىن. الله بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:**«كاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە ،ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە(قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكتىن)ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈسەن ،ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى كۆرۈسەن، ئېيتقىنكى: «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ئۇ دەۋزەختۇر.الله ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى،ئۇلار قايتىپ بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!»**(ھەج **72** ـ ئايەت)**«يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا،ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. الله دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا،ئۇلار خوش بولۇپ كېتىدۇ.»**
(سۇرە زۇمەر **45** ـ ئايەت)

ئەكسىچە بولسا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا يىغلاشقا ئوخشاش قورقۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

سىز بىر ئىنسان بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا،ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان ۋاقىتتا ئېھتىمال سىز ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا جەننەت ۋە دوزاخنىڭ،ياكى ئۇنى ھەردائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان،سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بىر رەببىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. الله بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:**« ئەگەر بىز خالىساق ،ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ ،سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ**

**ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن ،الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»**
**( مۇھەممەد 30 ـ ئايەت)**

ـ بىز ھېس تۇيغۇغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئۈچ شەرتنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنى كېيىن ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ـ ئىمان تۇيغۇلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق:

الله نى ياخشى كۆرۈش ،الله قا بويسۇنۇش ،الله تىن قورقۇش ،الله تىنلا ئۈمىد قىلىش ، ئاخىرەتتىن قورقۇش . . . . . . قا ئوخشاش ئىمان تۇيغۇلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرەلىگەنلىكى بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقى نەتىجە ھېسابلىنىدۇ .لېكىن بۇلارنى ئەمىلىلەشتۈرمەي تۇرۇپ ، ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشىنىپ قويۇش ،قۇرۇق ئارزۇ قىلىش ،باشقىلارنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ،كىشىلەرگە بۇلارنى ئۆگىتىش ۋە بۇ توغرىسىدا باشقا تىرىشچانلىقلارنى كۆرستىش ئىنسان ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ .(مانا بۇ ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر .الله ساقلىسۇن! ـ ت) كىمكى مۇشۇ ھالەتتە بولىدىكەن ،ئۇنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمايدۇ .چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىدىغان ،ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشىنىڭ مىسالى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىپ ، ئۆزىنى كۆيدۈرىدىغان پىلىككە ئوخشايدۇ.»
**(سەھىھۇل جامىئ 5837)**

**الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ھالبۇكى ،سىلەر كىتاب(يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر ، چۈشەنمەمسىلەر .»**
**(بەقەرە 44 ـ ئايەت)**

ھەتتا بۇ ئىنسان ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشنى ئەمىلىلەشتۈرمەستىن ، دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالىم ۋە ئەمەل قىلغۇچى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ،ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ .كىشىلەرنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل ئۆمرىدە مەن بۇ ھېس ـ تۇيغۇلاردا كەمچىل ،بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئويلايمەن دەپ ئۆتىدىغان كىشىلەر ناھايىتى نۇرغۇن. خۇددى الله تۆۋەندىكى ئايەتتە سۈپەتلىگەندەك:

«ئۇلار:«ۋاي ئېسىت! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق»دېيىشتى. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر،ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى.»(ئەنبىيا 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر)،مانا بۇلار ھەممەيلەن ئۇنى ئىقرار قىلغان، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەن مۇھىم ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر.لېكىن ئەمىلىيەتتە كىم ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇردى؟!:«ئى مۆئمىنلەر سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟(يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟).سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)»(سەپ 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر) سىز ئۆز قەلبىدە مۇشۇنداق تۇيغۇلار(قەلب ئەمەللىرى) ئەمىلىلەشكەن دەپ دەۋا قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن،لېكىن:«اللە (ئىمانىدا)راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ،(ئىمانىدا)يالغانچىلانىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (ئەنكەبۇت 3 ـ ئايەتتىن)،«اللە مۆئمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (ئەنكەبۇت 11 ـ ئايەت)

# 2 ـ باب:ئاخىرەتنى تەستىقلاپ تۇرۇغلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش

## بىرىنچى پەسىل:ئاخىرەتكە سەپەر قىلىۋاتقانلىقنى ھېس قىلىش

***1 ـ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قېلىش ۋە ئۇنتۇش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر:***

«ئۇلارنى(يەنى كىشىلەرنى)ھەسرەت كۈنى(يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن ، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ ،ھالبۇكى ،ئۇلار غەپلەتتىدۇر ، (قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر .»( مەريەم39 ـ ئايەت)

«كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ(ئەمەللىرىدىن)ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت(يەنى قىيامەت)يېقىنلاشتى ،ھالبۇكى ، ئۇلار غەپلەتتىدۇر ،(قىيامەت توغرىلىق ئويلىنىشتىن)يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر .» ( ئەنبىيا1 ـ ئايەت)

«ئاندىن ئۇلارغا (ياردەم بېرىش ،ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت)ۋەدىمىزنى راست قىلىپ بەردۇق ،ئۇلارنى ۋە بىز خالىغانلارنى قۇتقۇزدۇق ، (كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا)ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق» ( ئەنبىيا 9 ـ ئايەت)

«كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى ،ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى ،ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇچرىششىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش ،بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دەۋزەختە قالدۇرىمىز» ( ئەئراف51 ـ ئايەت)

«شۈبھىسىزكى ،اللهنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى(يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (ساد26 ـ ئايەت)

«(ئەھلى دەۋزەخكە ئېيتىلىدۇ)«مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىششىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن(بۇ خورلىغۇچى ئازابنى)تېتىڭلار ،بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى

**ئۇنتۇدۇق ،قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار»(سەجدە 14 ـ ئايەت)**

**«(ئۇلارغا دېيىلىدۇ):«سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش ،بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)سىلەرنىڭ جايىڭلار دەۋزەخ بولىدۇ ،سىلەرگە(سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان)ھېچقانداق ياردەمچىمۇ بولمايدۇ» (جاسىيە34 ـ ئايەت)**

بۇ يەردىكى«نىسيان» دېگەن سۆز ئۇنتۇش مەنىسىدە كەلگەن ،يەنى بىر نەرسىگە ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكۈچى مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتماسلىق ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك مەسىلىسى ئەمەس.بەلكى كىشىلەر ئاخىرەتنى خۇددى بولمايدىغاندەك ،ھەم بىرەرسى ئۇلارغا ئاخىرەت توغرۇلۇق سۆزلىمىگەندەك ، ئاخىرەت توغرۇلۇق ھېچنەرسە ئاڭلاپ باقمىغاندەك ئۇنى ئىنكار قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتى.تەپسىر ئىبنى كەسىردە مۇنداق بايانلار كەلگەن: «قىيامەت كۈنىسىدە دوزاخ ئەھلىگە: سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قىيامەتكە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئۇنتۇغانلىقىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار، قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق سانىغانلىقىڭلار، قىيامەتنى ئۇنتۇپ كەتكىنىڭلار ئۈچۈن مانا بۇ ئازابنى تېتىڭلار.چۈنكى سىلەر قىيامەتكە خۇددى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن كىشى مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدىڭلار ،بىزمۇ سىلەرگە ئۇنتۇغىچىنىڭ مۇئامىلىسىدە مۇئامىلە قىلىمىز. دېيىلىدۇ.بۇ يەردىكى ئۇنتۇش ،الله تائالا بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ،ھەم ئېزىپمۇ كەتمەيدۇ.لېكىن الله ئۇلار قىيامەتنى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئازابتا قېلىشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ.»

مۇقەررەر ھالدا ئۇلار قىيامەت كۈنىنىڭ خەتەرلىرىدىن غاپىلدۇر. ۋاھىدىنىڭ تەپسىرىسىدا مۇنداق بايانلار بار:«ئۇلارنىڭ قەلبى ياخشىلىق ۋە ھىدايەتنى چۈشەنمەيدۇ.ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھىدايەت يوللىرىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايدۇ.شۇڭا ئۇلار يەپ ئىچىدىغان، ئاخىرەتكە نەزەرمۇ سالمايدىغان ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر. چۈنكى ھايۋانلار الله غا ئىتائەت قىلىدۇ.كاپىرلار بولسا ئىتائەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ كاپىرلار ئاخىرەت ئازابىدىن غاپىلدۇر.»يەنە بۇ ھەقتە تەپسىرى قۇرتۇبىدا مۇنداق بايانلار بار:

«ئۇلار غاپىللاردۇر. يەنى دوزاخ ۋە جەننەت توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمايدىغان ،ھەم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەردۇر.»

***2 ـ ئاخىرەتكە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق:***

ئىنسان ئۇيلىنىش پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ***ئاخىرە***تنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سالغان ۋاقىتتا ،ئۇ ئاخىرەتتىكى خەتەرلىك ئىشلارنىڭ دائىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.چۈنكى قىيامەت دېگەن قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك بولغان بىر كۆرۈنۈشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئاخىرەتتىكى خەتەر ۋە مەنپەئەتلەرگە دىققەت قىلىش ۋە جىددىي قاراش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ ،ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا قىيامەتنىڭ خەتەر ۋە مەنپەئەتلەرگە بولغان بىر ئىنكاس پەيدا بولىدۇ.ئاندىن شۇ ئاخىرەتتىكى خەتەرلەردىن چۆچۈش،قورقۇش تۇيغۇسىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە،ئاخىرەتتىن ھەقىقى قورقۇشقا باشلايدۇ.ۋە دۇنيادا غېرىبلىقنى ھېس قىلىپ،جەننەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ ۋە ئىشتىياق باغلايدۇ.دوزاختىن قورقىدۇ ۋە شۈركىنىدۇ.........

ئەمما ئاخىرەتكە پەقەتلا ئىشىنىپ قويغان كىشىگە كەلسەك ،ئۇنىڭدىن يۇقىرىقىدەك ھېس تۇيغۇلار پەيدا بولمايدۇ. دېمەك ،ئاخىرەتنى ھەقىقى ھېس قىلغاندا ،ئاخىرەت ئىنسانغا نىسبەتەن خەتەرلىك ۋە ۋەھىملىك بولىدۇ.لېكىن پەقەت ئىشىنىپلا قويغاندا ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ھېچقانداق تەسىر قىلالمايدىغان، قورقۇنچىسى، ھەيۋىتى بولمىغان ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

***3 ـ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتكە قاراپ سەپەر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش:***

سىزگە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى باشقا بىر پىلانىتقا سەپەر قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغانلىقى ئاجايىپ ۋە ھەيران قالارلىق ئىشتەك تۇيۇلغان بولسا ،ئۇنداقتا سىز بىزنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ،ئۇنىڭدىمۇ يىراق بولغان ئاخىرەتكە قاراپ سەپەر قىلىۋاتقانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟!،سىز ھازىر ياشاۋاتقان ھاياتقا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ھاياتقا ،سىز يەۋاتقان يېمەككە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل يېمەككە ، سىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئۆيگە ئىنتىزار بولۇپ باقتىڭىزمۇ؟! يەنە سىز ھازىر تۇرىۋاتقان ئۆيىنىڭ سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەسلىكىنى،بەلكى سىزنىڭ

هەقىقى ئۆيىڭىزنىڭ ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى،ۋە ئاخىرەتتە سىزنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ھۆر ئەيىنلەرنىڭ بارلىقىنى (الله سىزگە نېسىپ قىلسا!)ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟! سىزنىڭ ھېس- تۇيغۇڭىزدا سىز يەۋاتقان يېمەكلىكنىڭ پەقەتلا ۋاقىتلىق يېمەكلىك ئىكەنلىكى، سىز تۇرىۋاتقان ئۆينىڭ ۋاقىتلىق ئۆي ئىكەنلىكى ھېس قىلىندىمۇ؟ياكى ئۇلارنى مەڭگۈلۈك يېمەك ۋە تۇرالغۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟!،ئۆزىنىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرىنىڭ پەقەتلا ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى دۇنيانىڭ يېمەكلىرىگە،تۇرالغۇلىرىغا ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ.ئۇ قانداقسىگە شۇنداق قىلسۇن؟!.. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «ئاخىرەتنىڭ يېمەكلىرى ۋە لىباسلىرى دۇنيانىڭ يېمەكلىرى ۋە لىباسلىرىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان بىر يېمەك ۋە لىباسلاردۇر. دۇنيانىڭ يېمەك لىباسلىرى ساناقلىق كۈنلەرگىلا خاستۇر.» ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلى ۋەتىنى ۋە ئائىلىسىگە قايتىدىغان كۈنگە بولغان تەشنالىق ۋە ئىنتىزارلىقنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟!،يەنە سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىر ياقا- يۇرتلاردا (يەنى دۇنيادا) ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟!، سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق كىشىلەر ۋە سىز ئىگە بولغان ھەربىر نەرسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولدىمۇ؟!،سىز ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ئائىلىڭىزگە يېتىپ بارىدىغان كۈنگە بولغان كۈتۈش ۋە ئىنتىزارلىقنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟!.........

ئەمىلىيەتتە غەيىپ دۇنياسىنى ھېس قىلغان كىشى ئۆلۈمنىڭ پەقەتلا بىر ھاياتتىن يەنە بىر ھاياتقا يۆتكىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.شۇڭا ئۇ ئۆلۈمنى يامان كۆرمەيدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا پەقەت ۋەدىلىشىپ قويغان كىشى كەلگەن بولىدۇكى،ھەرگىزمۇ بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس،بەلكى ھەقىقى ھاياتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.ئەمما غەيىپ دۇنياسىنى ھېس قىلالمىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ پەقەت ئۆلمەيدىغاندەكلا ياشايدۇ.ئۆلۈمگە بولسا پەقەت ئىشىنىپ قويىدۇ. ئۆلۈم ئۇنىڭغا كەلگەن ۋاقىتتا ھاياتىنىڭ مەڭگۈ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.شۇڭلاشقا ئۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ.ئۆلۈم پەرىشتىسىنى يامان كۆرىدۇ ......

سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا مانا مۇشۇ سەپەر ئەڭ ئاخىرقى سەپەر ،شۇنداقلا قايتمايدىغان سەپەر دېگەنلەرنى ھېس قىلىش بولدىمۇ؟! . . . .نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە نۇرغۇن دەۋرلەر سىزدىن بۇرۇن كەتتى ۋە سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۇتۇپ تۇرىۋاتىدۇ! . . . .بۇ مەسىلە شەك قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ،ئېھتىماللىقتا ئورۇن قالمىغان ،بەك كەسكىن ،بەك خەتەرلىك ، بەك مۇھىم ،بەك دەھشەتلىك . . . . . . بولغان مەسىلە! .لېكىن بىز غەپلەتتە . . . . . .ھېلى ھاياتىڭىز ئاخىرلىشىپ قالسا سىز قانداقمۇ قىلارسىز؟! . . . . بۇ قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت ئەمەس! .بەلكى ھەقىقەت ۋە قەلبىتىكى ھەقىقى ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر .مانا ھازىر سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى غەيىپ دۇنياسىنىڭ پەقەتلا ئىشىنىشىڭىزدە مەۋجۇد بولۇپ ،ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا قىلچىلىك مەۋجۇد ئەمەسلىكى ئاشكارا بولىۋاتىدۇ .سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز شۇنداق دەۋاتىدۇكى ،بىز ياقا ـ يۇرتلاردا ئەمەس ،بىز سەپەر ئۇستىدە ئەمەس . . . . . . . . سىز ئاخىرەتكە تولۇق ئىشەنگەن بولسىڭىزمۇ ،سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىز يەنە شۇنداق دەۋاتىدۇ:**«بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر ،بىز ئۆلۈمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز) ،بىز قايتا تىرىلمەيمىز .»**( مۆئمىن **37** ـ ئايەت) سىز بۇ ھەقىقەت ۋە كېلىۋاتقان بۇ كېلەچەكتىن غاپىل بولۇۋېلىش ۋە قېچىشقا قانچىلىك ئورۇنۇپ كۆرۈڭ ،بەرىبىر ،ئۇنىڭ كېلىشىنى پەقەت ساناقلىق كۈنلەرلا توسۇپ تۇرىۋاتىدۇ . سىز رازى بۇلۇڭ ياكى رازى بولماڭ ،بۇنى ھېس قىلىڭ ياكى ھېس قىلماڭ ،ئاخىرەت بىلەن ئەتە چوقۇم ئۇچرىشىسىز .سىزدىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يەرگە كېتىپ بولدى .بۇلارنى ھېس قىلغان كىشىلەر قېنى؟: **«بۇنىڭدا(ھەقىقەت ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان)قەلبكە ئىگە بولغان ئادەم ياكى(ۋەز ـ نەسىھەتكە)ھۇزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۇچۇن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار»**(قاف**37** ـ ئايەت)

سىز گەرچە ئۆلۈمگە ۋە ئۇنىڭغا ئۇچرىشىدىغانلىقىڭىزغا تامامەن ئىشەنسىڭىزمۇ ، لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ ئۆلۈمنى ھېس قىلىشتىن غاپىل بولۇۋېلىش بىلەن ئۆلۈمدىن قاچالايدىغانلىقىڭىزنى گۇمان قىلىپ قالغان بولىشىڭىز مۇمكىن . ئۇنداقتا سىز خالىغانچە ياشاڭ ، شەك ـ شۇبھىسىزكى سىز جەزمەن ئۆلىسىز .سىز خالىغان نەرسىنى ياخشى

كۆرۈڭ ، چوقۇم سىز ئۇنىڭدىن جۇدا بولىسىز .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ يېنىمغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى:«ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام!سەن خالىغانچە ياشا .شەكسىز ئۆلىسەن .خالىغان نەرسىنى ياخشى كۆر ، چوقۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن . خالىغىنىڭنى قىل .ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرۈسەن . بىلىپ قويغىنكى ، مۆئمىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ كېچىدە قىيامدا تۇرۇشى ،ئۇنىڭ ئەزىزلىكى ئۇنىڭ كىشىلەردىن بىھاجەت بولىشىدۇر .»(سەھىھ ھەدىسلەر 831)

***4 ـ ئاخىرەتتىكى خەتەرنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈ قېلىش ئۇقۇمىنى ھېس قىلىش:***

ھەقىقەتەن‹ئاخىرەت›دېگەن بۇ ئۇقۇم قورقۇنچلۇق ،خەتەرلىك ، دەھشەتلىك بىر كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ .ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن قورقۇش ،بىئارام بولۇشنى ھېس قىلمايسىز؟ . قىيامەتنىڭ يەۋمۇل ھەسرەت (ھەسرەت كۈنى) ، يەۋمۇل زىلزىلە(تىترەش كۈنى)ۋە يەۋمۇل تەشخەسۇلئەبسار (كۆزلەر ئالىچەكمەن بولىدىغان كۈن) قاتارلىق ئىسىملىرى بار. قىيامەت دېگەن ئىنسان ھاياتىكى ئەڭ خەتەرلىك كۈن. قىيامەتنىڭ ئەھۋالى تەسەۋۋۇرسىز ، مۆلچەرلىگۈسىز ،تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە دەھشەتلىك ھەم قورقۇنچلۇقتۇر. ئىنسان قىيامەتنى ئەملى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنىدا ھېس ـ تۇيغۇلىرى تەسىرلىنىپ ،قاتتىق قورقۇنچ ھېس قىلماي قالمايدۇ. قىيامەتنىڭ ئەھۋالى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قاتتىق خەتەردىنمۇ چوڭ ۋە خەتەرلىكتۇر.لېكىن بىز بۇنىڭدىن ھېس قىلغان خەتەر قىيامەتنىڭ ئەملى خەتىرىنىڭ مىليوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيۋاتىدۇ.نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى دۇنيا خەتەرلىرى ئالدىدا قاتتىق جانلىنىپ ، ھەرىكەتلىنىپ كەتسىمۇ ،لېكىن بۇ ئىشقا قەلبى قاتقان ھالدا مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ.

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن سالىھلارنىڭ ئاخىرەتتىن قانداق قورققانلىقىغا قاراپ بېقىڭ!!!..... ئەگەر بىزنىڭ قېشىمىزغا ئاخىرەتتىن بىر ئىنسان كەلسە ئۇ ئىنسان بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى كۆرسە ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۇ ۋەيران قىلغۇچى خەتەر ئالدىدىكى بىزنىڭ بۇ پاسسىپ مۇئامىلىمىزنى

كۆرسە يۈرىكى توختاپ، نېرۋا تومۇرلىرى قېتىپ قىلىشى مۇمكىن.سىز قىيامەت توغرىسىدا قۇرئانى كەرىمنىڭ قانداق ئىبارەت كەلتۈرگەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ..اللە بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال(قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن)ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ،ھەربىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرۈسەن ، ھالبۇكى،ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس(دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.»**(ھەج 2 ـ ئايەت)

سىز ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن مەس بولۇپ كەتكەن ئىنساننى كۆرگەنمۇ؟. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى ئاخىرەتكە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن غاپىل قالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى.ئاخىرەتكە ئىشەنمىسىمۇ، ئاخىرەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا،قورقۇنچلۇق فىلىملەردىن قورققاندەك بىر قورقۇشنى ھېس قىلالىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قىيامەت ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا ئاددىي بىر ئىشتەك بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىز يۈزلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ مەنپەئەت ۋە زىيان دائىرىسىنى چوقۇم ھېس قىلىشىڭىز لازىم. ئىنسان قانداقمۇ ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان ھادىسىنى ھېس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمىسۇن.ھەقىقەتەن بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى ئاخىرەت ھەقىقى ئاخىرەتكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە ئاخىرەت بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا ھېچقانداق جاپا ـ مۇشەققەت،خېيىم ـ خەتەر بولمىغان ئاخىرەتتۇر.ئۇلار ئاخىرەتنى ئادەتتىكى بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ.ئەگەر سىز ھېس ـ تۇيغۇڭىزدىكى ئاخىرەتنىڭ خەتىرى بىلەن دۇنيانىڭ خېيىم ـ خەتەرلىرى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز،ئاخىرەت سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا سىز دۇنيادا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەرگە ئوخشاش ھەقىقى خەتەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.ئاخىرەتنىڭ خېيىم ـ خەتەرلىرى بىلەن دۇنيانىڭ خېيىم ـ خەتەرلىرى ئوتتۇرىسىدا شۇنداق چوڭ پەرق بولسىمۇ،سىز ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا پەقەت دۇنيا خەتەرلىرىنىڭ مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن.بىز بۇ يەردە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم قائىدە شۇكى،ھەيۋەتلىك

بىر نەرسىدىن ھېچقانداق تەسىرگە ئىگە بولمىغان كىشى ئۆزىنىڭدىكى خېيىم ــ خەتەرلەرنى ھېس قىلمىغان كىشىدۇر. مەسىلەن : ئاخىرەت بەك ھەيۋەتلىك ، خەتەرلىك. بۇنى ھېس قىلمىغان كىشى ئۆزىنىڭدىن ھېچقانداق تەسىرلەنمەيدۇ .

***5 ــ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:***

شۇنداق بىر تۇركۇم كىشىلەر باركى ئۇلار يەپ ــ ئىچىپ، كۆچىنىڭ يېتىشچە ماددىي بۇيۇملاردىن مەنپەئەتلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەنپەئەتلەر بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەتسە، ئۇلار ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مۆئمىنىنىڭ زىندىنى، كافىرنىڭ جەننىتى» (مۇسلىم نەقىل قىلغان). چۈنكى بۇكىشىلەر ھەقىقى يېمەك، ئىچمەك ۋە ھەقىقى ھاياتنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. ۋە يەنە بىز ياشاۋاتقان بۇ ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى ھايات ئىكەنلىكى ھېس قىلالمايدۇ. ۋەھالەنكى الله بۇ ھاياتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:«**دۇنيا تېرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ــ كۈلكە ۋە غەپلەتتىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقى ھايات(يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى(بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)**»(ئەنكەبۇت **64** ــ ئايەت)، «**ئۇ ئېيتىدۇ: «كاشكى مەن (دۇنيادىكى)ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!**»(فەجرى **24** ــ ئايەت). ھەقىقى ھاياتلىق ئاخىرەت ھاياتىدۇر. ئاخىرەتنى ھەقىقى ھايات دەپ ھېس قىلغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ دۇنيانىڭ يېمەك، شاراب ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى دۇنيا دېگەن ۋاقىتلىق تۇرالغۇ. ئەگەر دۇنيانىڭ يېمەك، شاراب ۋە ماددى بۇيۇملىرى ئۇنىڭ قولىدىن كەتتى دېگەندىمۇ، ئۇنى باشقا يېمەك ۋە مەنپەئەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. يەنە شۇنداق بىر تۇركۇم كىشىلەر باركى، ئۇنىڭ پۈتكۈل غەم ــ ئەندىشىسى ھاياتىنى ساقلاش، ساغلاملىقىنى ئاسراش، ماددىي بۇيۇملار ۋە دۇنياسىنى قوغداش. الله ھەق سۇبھانۇ ۋەتەئالا بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «**شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىسمەن كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ**

**قالالمايدۇ،الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»**(سۇرە بەقەرە **96** ـ ئايەت). ھايات دېگەن سۆز ئومۇمىي ئىسىم بولۇپ،بۇ كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق ھاياتنى(مەيلى خار،مەيلى كۇفرانە بولسۇن) ئىزدەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىز الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قاراڭ: **«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق.»**(بەلەد **4** ـ ئايەت) يەنى الله تەئالا بۇ ئايەتتە دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىق تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. لېكىن سىز يەنىلا مۇشۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلىك دۇنيانى بەخت ـ سائادەت ھويلىسى قىلىشقا،ئۇنىڭدىن ھەقىقى بەخت ـ سائادەتنى ئىزدەشكە ئورۇنىۋاتىسىز .سىز دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈشكە ۋە دۇنيادا ھەقىقى بەخت ـ سائادەتنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىشقا ئورۇنۇڭ ،بۇ دۇنيا بەرىبىر جاپا ـ مۇشەققەت دۇنياسىدۇر.سىز ھەرگىز بۇ دۇنيانى سائادەت يۇرتى قىلىشقا قادىر بولالمايسىز. ئىشەنمىسىڭىز مال ـ دۇنيا توپلىغان كىشىلەردىن سوراپ بېقىڭ!.بۇمال دۇنيا ئۇلارغا ھەقىقى بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلەلىدىمۇ؟.سىز دۇنيانى مەڭگۈلۈك دۇنيا قىلىشقا ئورۇنسىڭىزمۇ ،سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا قادىر بولالمايسىز.سىز بۇ دۇنيادا مەڭگۇ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۇچىرىتىشىڭىز مۇمكىن.لېكىن بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى بۇ ۋاقىتلىق دۇنيا. شۇنىڭدەك سىز يەنە پۈتكۈل غېمى راھەت ـ پاراغەت ئىزدەش،جاپا ـ مۇشەققەت،دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقى ۋە تۇرمۇش خاپىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇش بولغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىسىز.بۇنداق كىشىلەر ھەرگىزمۇ ھەقىقى راھەت ـ پاراغەت تاپالمايدۇ. چۈنكى الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: **«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق.»**(بەلەد **4** ـ ئايەت)،سىز مەيلى قانچىلىك يەپ كېتىڭ، ئىچىپ كېتىڭ،بەرىبىر بۇدۇنيادىن ھەقىقى بەخت ـ سائادەت تاپالمايسىز. چۈنكى الله تائالا بۇ دۇنيانى جاپا مۇشەققەت يۇرتى دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن.ئەمما ھەقىقى بەخت ـ سائادەت يۇرتىغا كەلسەك ئۇ ئاخىرەتتە.دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيادا بىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان كىشى ئۆزىدىكى يېمەك،ئىچمەك، تۇرالغۇلارغا رازى بولىدۇ.......ۋە ئۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ.ئۇ زىيادە ئارزۇ قىلمايدۇ.ھەم

يېمەك ، ئىچمەك ،ماددىي بۇيۇملار. . . . . . .توغرىسىدا بىھۇدە خام ـ خىياللارنى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ سەرگەردانلىق ئىچىدە ياشايدۇ.مەلۇم بىر شەھەردە غېرىب ـ مۇساپىرلىق ھالىتىدە ياشايدىغان كىشى يېمەك ـ ئىچمەك ،كىيىم ـ كېچەك . . . . . . قاتارلىقلارغا پەرۋا قىلمايدۇ.ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى تاپالىغان نەرسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە ماددىي بۇيۇملىرى ئاخىرەت يۇرتىدىكى ئۆز ۋەتىنى ،ئۆز تۇرالغۇسىدا بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«قېرى قەلبمۇ داۋاملىق دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇزۇن ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى قىلىشتا ياش بولىدۇ.»(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس) ،«ئادەم ئەۋلادى قېرىسىمۇ،لېكىن دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر قېرىمايدۇ.» (سەھىھۇل جامىئ **8173**) ،«ئادەم ئەۋلادى قېرىيدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا مال دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە ھاياتنى ياخشى كۆرۈش قېرىمايدۇ.» (سەھىھۇل جامىئ **8173**)

ـ دېمەك دۇنيا جاپالىق ،ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى بەك ئاز ،جاپاسى كۆپ .مانا بۇ الله تائالانىڭ رەھمىتى.ئەگەر الله دۇنيانى مەنپەئەتلەرگە تولدۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن جاپا مۇشەققەتنى كۆتىرىۋەتكەن بولسا ئەلۋەتتە پۈتكۈل كىشىلەر بۇزۇلۇپ كاپىر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«ئەگەر الله بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا ، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى ،لېكىن الله خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن)تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (شۇرا 27 ـ ئايەت) ، «ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ)ھەممىسى(كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك الله نى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق . ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق ،ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت( يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ ـ نېئمەتلەر )**

**تەقۋادارلارغا خاستۇر.»**(زۇخرۇف 33 ـ 35 ـ ئايەتلەر) ، بۇ ئايەتتىكى«كىشىلەر بىرلا ئۇممەت بولىدۇ»دېگەننىڭ مەنىسى كىشىلەر كۇفرىدا بىر ئۇممەت بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. يەنى كىشىلەر كاپىر بولغانلارغا بۇ نېئمەتلەرنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسە ھەممىسى كاپىر بولۇپ كېتەتتى دېگەن مەنىدە.شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ئەرزىمەس قىممەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

ـ ئاخىرەتنى ھېس قىلالمىغان كىشى دۇنيا ئۈچۈنلا ياشايدۇ.ئۇنىڭ قەلبى ھاياتنىڭ ئىشلىرىغىلا باغلانغان بولۇپ، پەقەت دۇنيا بىلەنلا خاتىرجەم بولىدۇ، ئاخىرەتتىن بىخەۋەر،غاپىل ھالدا ياشايدۇ.الله بۇنداق كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **«شۈبھىسىزكى بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى الله قا مۇلاقەت بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)**،**دۇنيا تېرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار،بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار،ئەنە شۇلارنىڭ جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دەۋزەخ بولىدۇ.»**(يۇنۇس 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر) **«ئۇلار ھەقىقەتەن(شامغا بېرىپ كېلىشتە)يامان يامغۇر(يەنى تاش)ياغدۇرۇلغان شەھەردىن ئۆتىدۇ،ئەجەبا ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ (ئىبرەت ئالامدۇ؟)ياق(يەنى ئىبرەت ئالمايدۇ)** ، **ئۇلار(قىيامەت كۈنى)قايتا تىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.»**(فۇرقان 40 ـ ئايەت) **«چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقمايتتى.»**(نەبە 27 ـ ئايەت)

### *6 ـ دۇنيانىڭ سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:*

دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھى.بۇ ھاياتنىڭ مەۋجۇد بولىشىنىڭ سەۋەبى سىناق ۋە ئىمتىھان قىلىشتۇر.بىز مۇشۇ ھاياتتا مۇشۇ سىناق ئۈچۈنلا ياشايمىز. دېمەك پۈتكۈل دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسىدۇر.دۇنيا بىزنىڭ ياشىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا بەخت ـ سائادەتنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈن يارىتىلمىدى. پەقەت سىناق ئۈچۈنلا يارىتىلدى.مۆئمىنلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى غەم ـ ئەندىشىسى ۋە ھېس تۇيغۇسى ئىمتىھان ۋاقتىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئوخشايدۇ. بەلكى بۇنىڭدىن كاتتىراق بولىدۇ. سىناق دېگەن شۇكى،الله نىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا پىتنىگە تولغان، ئالدايدىغان، ئازدۇرىدىغان شەھۋەتلەرنى تاشلاپ قويۇپ،ئاندىن ماللار، ئايالالار، زىبۇ ـ

زىننەتلەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەر. . . . .دىن ئىبارەت بۇ شەھۋەتلەرگە بويسۇنماسلىق، ئەگىشىپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغانلىقىدۇر.يەنى سىزدىن ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ دۇنياغا ئەمەس،بەلكى ئىمان ئەركانلىرىغا يۈزلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ شەھۋەتكە ئەمەس،الله قا يۈزلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن،دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن)ئارتۇق كۆرىدىكەن ،ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ.پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا(سوراققا تارتىلىشىدىن) قورققان، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن)چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ»**(نازىئات 37 ـ 41 ـ ئايەتلەر)

### *7 ـ دۇنيانىڭ قىممەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:*

ئىنسان ئۆزى ھېس قىلغان ئاخىرەتتىكى خەتەرلەر ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۇ قېلىش بىلەن ئۇ ھېس قىلغان دۇنيانىڭ قىممەتسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى سېلىشتۇرغان ۋاقىتتا،ئۇ بىز ھازىر ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچە ھايات ئىكەنلىكى، بەلكى ئويۇن تاماشا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:**«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر،شۈبھىسىزكى،ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقى ھايات(يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى(بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)»**(ئەنكەبۇت 64 ـ ئايەت)،**«ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېئمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق،ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېئمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا)ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.»**(شۇئەرا 205 ـ 207 ـ ئايەتلەر)،دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدۇ.لېكىن بىز دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى بەك چوڭ ھېس قىلىپ،ئەنە شۇ دۇنياغا ئالدىنىۋاتىمىز.بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:«ئەگەر دۇنيا الله نىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلگەن بولسا، كافىرلارغا بىر تېمىم سۇ بەرمىگەن بولاتتى.» (سەھىھۇل جامىئ 5292)، دۇنيانى ئەرزىمەس،يوقاپ كېتىدۇ،ئاخىرەت بولسا ھەقىقى ھايات ۋە مەنپەئەت دەيدىغان، لېكىن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئاخىرەتتىن

ئۈزۈلۈپ دۇنياغا يۈزلىنىپ كەتكەن كىشى كاززاپتۇر.ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزلىرىدە راستچىل بولىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئاخىرەتكە باغلانغان بولاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئىشىنىشى راست،ھېس ـ تۇيغۇسى يالغان،چۈنكى دۇنيا ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا ھەقىقى ھايات، ھەقىقى مەنزىل.بىز بۇ ئارقىلىق بىز ھەقىقى راستچىللىقنىڭ (ھېس تۇيغۇنىڭ راستلىقى)نىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز.

***8 ـ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئاخىرەتكە يۈزلىنىشى:***

تەبىر ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ مەۋجۇد بولىشىنىڭ ئاساسى مەنپەئەت ۋە زىياندۇر.ھېچقانداق مەنپەئەت ياكى زىيان يوق نەرسىدىن ھېس ـ تۇيغۇلار تەسىرلەنمەيدۇ. ئەگەر بىر ئىنسان پايدا ۋە زىياننىڭ دۇنيادا ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتە پايدا زىياننىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلغان بولسا،ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى دۇنيا تەرەپكە يۈزلىنىپ كېتىدۇ. بۇلار ئەكسىچە بولغاندا ئاندىن توغرا بولىدۇ. پايدا ـ زىيان مىقدارى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ يۈزلىنىش مىقدارى ئۇنىڭ تاناسىپ بولغان بولىدۇ.ھېس ـ تۇيغۇسى ئاخىرەتكە باغلانغان كىشى جەننەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ ۋە دوزاخنىڭ خەتەرلىرىنى ھېس قىلىدۇ. دۇنيادىكى سەرسانلىقنى ھېس قىلىدۇ.چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ قىممەتسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىدىغانلىقنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇنيا ئالدىدىكى ھېس تۇيغۇسى بەك ئاجىز بولىدۇ. مۆئمىن ئۈچۈن بۇ ئىككىسى(دۇنيا بىلەن ئاخىرەت)نىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇشقا يول يوق.چۈنكى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا دۇنيا نۆلگە ھېساب . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقى كەلگۈسىنىڭ، مەنزىلىنىڭ،ۋەتىنى ۋە تۇرالغۇسىنىڭ ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.ئەمما ھېس ـ تۇيغۇلار ئاخىرەتتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا دۇنياغا يۈزلىنىپ كېتىدۇ.شۇ ۋاقىتتا ھېس ـ تۇيغۇلاردا دۇنيادىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ:«يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەن ئۇنى قىلسام الله مېنى ياخشى كۆرۈدىغان ، كىشىلەرمۇ مېنى ياخشى كۆرۈدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ قويغىن.»دېۋىدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنيادىن ئۆزۈڭنى تارتقىن، الله سېنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارتقىن، كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرىدۇ.»دېدى.(ئىبنى ماجىجە نەقىل قىلغان)

ـ شۇنداق كىشىلەر باركى ،ئۇلار ئۆزى نۆۋەتتە ياشاۋاتقان دۇنيا ھاياتىنى ھەقىقى ھايات دەپ ھېس قىلىدۇ. ئاخىرەتتىكى ھەقىقى ھاياتى بولسا ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ سېزىملىرىدا مەۋجۇد ئەمەس. گەرچە ئۇلار ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ھەقىقى ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، دۇنيا ئۇنىڭ ھاياتى ، ئارزۇسىنىڭ ئاخىرقى چېكى ، ئۇنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى ،ھاياتىنىڭ شېرىن چۈشى ، ھاياتىنىڭ مەركىزى ئارزۇ ـ نىشان غايىسى ،ئۇ ئىزدەيدىغان ، تەلپۈنىدىغان ھەقىقى بەخت ـ سائادىتى بولغان بولىدۇ . بۇ كىشىلەر ئاخىرەت مەسىلىسىنى ئۇنتۇپ ، دۇنيا ئۈچۈن ياشاشقا رازى بولىدۇ . ئۇلار ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھۋاللارغا ئۇلارغا نىسبەتەن مەۋجۇد بولمىغان ياكى مۇھىم بولمىغان ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ھېچقانداق تەسىرلىك قىممىتى بولمىغان نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ.شۇنىڭدەك ئاخىرەت ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى، كەلگۈسى، ھاياتىنىڭ مەركىزى ئەمەس.ئاخىرەت گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدە يىلتىز تارتقان بولسىمۇ ،ھېس ـ تۇيغۇسىدا ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس .

### *9 ـ ئاخىرەتنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولغان تۇيغۇلار:*

ئاخىرەتتىكى خەتەر ۋە مەڭگۈلۈك قېلىشنىڭ دائىرىسىنى ،دۇنيانىڭ قىممەتسىزلىك دائىرىسىنى ھېس قىلغان كىشىدە غېرىبلىق ،قورقۇنچلۇق ، بىئارامىلىقنى ھېس قىلىش ،ئاخىرەتنى سېغىنىش ۋە ئىنتىزار بولۇش ،مۇسىبەتلەرگە سەۋرى قىلىش تۇيغۇلىرى پەيدا بولىدۇ .الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**«ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى ،سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكرى قىلىشتىن ،ناماز ئۆتەشتىن ،زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ .ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈنىدىن(يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ»** (نۇر **37** ـ ئايەت) ،

**«ياق ،(يەنى ئۇلار مۇنداق تامادىن يانسۇن) ،بەلكى ئۇلار(ئاخىرەتتىن) قورقمايدۇ .»**( مۇدەسسىر **53** ـ ئايەت)

**«شۈبھىسىزكى ،بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز»** (ئىنسان **10** ـ ئايەت)

**«مەديەن (ئاھالىسىگە)ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى(پەيغەمبەر قىلىپ**

**ئەۋەتتۇق) ،شۇئەيىب:«ئى قەۋمىم! بىر الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار» دېدى»**( ئەنكەبۇت **36** ـ ئايەت)،

### ***10 ـ ئاخىرەتنى ھېس قىلىشىنىڭ تەسىرلىرى:***

ھەقىقەتەن ئىنسان ئاخىرەتنى ھېس قىلسا،ئۇ ئاخىرەتتىن تەسىر قوبۇل قىلىدۇ.ئۇنىڭ ھاياتىدا **180** گرادۇسلۇق بۇرۇلۇش بولىدۇ.چۈنكى ئۇ بىز ھازىر ياشاۋاتقان ھايات ۋە ئۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ ئىشلارنىڭمۇ ئۆتكۈنچى ھايات ۋە ئويۇن ـ تاماشا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.بۇلار كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشاسىغا ئوخشايدۇ.الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر،شۈبھىسىزكى،ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقى ھايات (يۇرتىدۇر)،ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى(بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)»**( ئەنكەبۇت **64** ـ ئايەت)، ئەمما ئۇنى دۇنيانىڭ ئويۇن تاماشىلىرى ئاخىرەتتىن غاپىل قىلىپ قويغان بولسا،ئۇ پات يېقىندا نادامەت پايدا بەرمەيدىغان كۈندە ئاخىرەتنى ھەقىقى ھېس قىلىپ قالىدۇ:**«ئۇ ئېيتىدۇ: «كاشكى مەن(دۇنيادىكى)ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!»**( فەجرى **24** ـ ئايەت)

## ئىككىنچى پەسىل:ئۆزىنىڭ دۇنيادا مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش

مۇجاھىد ئارقىلىق ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق نەقلى قىلىنىدىكى ئۇمۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ دولامنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :«سەن دۇنيادا غېرىپ ـ مۇساپىر بولۇپ ياشىغىن،ئۆزۈڭنى قەبرە ئەھلى ئىچىدە دەپ ھېسابلىغىن ،سەن ئەتتىگەندە ئۆزۈڭگە كەچ توغرىلىق سۆزلىمە،كەچتە ئەتتىگە توغرىلىق سۆزلىمە،سەن ئاغرىپ قېلىشتىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى قەدىرلە،ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھاياتىڭنى قەدىرلە،ئى ئابدۇللا سەن ئەتە ئۆزۈڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىڭنى بىلمەيسەن»

ـ غېرىبلىقنى ھېس قىلىشنىڭ روھى ھالەتلىرى:سىز ئۆز ئەھلى،ئايالى، بالىلىرى

ۋە ۋەتىنىگە قايتماقچى بولىۋاتقان غېرىب ـ مۇساپىر كىشىنىڭ روھى ھالىتى،ھېس ـ تۇيغۇسى،مىجەزى ـ خاراكتېرىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ ،ۋە يەنە ئۇنىڭ قايتىشقا بولغان سېغىنىشى،تەشنالىقى،قايتىش كۈنىدىكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ـ ئارامىلىرى ۋە پىكىرلىرىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ....مانا بۇ روھى ھالەت غېرىب ـ مۇساپىرلىقنى ھېس قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سىزدە بۇ روھى ھالەت بولمىسا ئۇنداقتا ئاخىرەت ۋە ئاخىرەتكە قايتىش سىزنىڭ ھېس تۇيغىڭىزدا مەۋجۇت بولمايدۇ،غېرىبلىقنى ھېس قىلغان كىشى يېمەك ـ ئىچمەك، راھەت ـ پاراغەت ئىزدەپ يۈرمەيدۇ،ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىنكى يېمەك ـ ئىچمەك، راھەت ـ پاراغەتنى كۈتىدۇ. ئەمما سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا سىز يەۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرۇۋاتقان تۇرالغۇلارنى ۋاقىتلىق دەپ ھېس قىلىش بولدىمۇ ياكى مەڭگۈلۈك دەپ ھېس ـ قىلىش تۇيغۇسى بولدىمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇساپىر ئىكەنلىكىڭىزنى،ئۆز يۇرتىڭىزغا قايتقاندىن كېيىن مەڭگۈ يېنىپ كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرقى سەپەر ئىكەنلىكىنى ۋە قايتمايدىغان سەپەر ئىكەنلىكىنى ھېس ـ قىلدىڭىزمۇ؟سىز ئۆزۋەتىنىڭىز،ئەھلىڭىزگە قايتىدىغان كۈنگە بولغان تەشنالىقنى، ئىنتىزارلىقنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ غېرىب بىر شەھەردە (يەنى دۇنيادا)ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىۋاتامسىز؟.دېمەك بۇ يەردىكى مەسىلە بەك كەسكىن،بەك خەتەرلىك،ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىن بىخەۋەر،غاپىل قىلىش مۇناسىپ كەلمەيدىغان بولسىمۇ،بىز يەنىلا غەپلەتتە قېلىۋاتىمىز.بىز پەقەت يەرشارى ئۈستىدىكى مېھمانلار. مانا ھازىر غەيىپ دۇنياسىنىڭ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىلا مەۋجۇتلىقى. سىزنىڭ بۇنىڭغا پەقەتلا ئىشىنىدىغانلىقىڭىز،لېكىن ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا ئۇنىڭغا قىلچىلىك ئورۇننىڭ يوقلىقى ئاشكارا بولىدۇ.ئۆزىنىڭ ئىككىنچى بىر دۇنياغا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدىغان كىشى ھەرگىز ئۆلمەيدىغاندەك ياشايدۇ.چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنى پەقەت تەستىقلاپلا قويىدۇ.لېكىن ئۆلۈمنى ھېس قىلالمايدۇ.ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ يوقالدى دەپ ئويلايدۇ،شۇڭا ئۆلۈشنى خالىمايدۇ بەلكى جېنىنى ئالىدىغان كىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئۆلۈم دېگەن قۇرۇق ۋەز ـ نەسىھەت ئەمەس بەلكى ھەقىقەت.ئۇنداقتا سىز قاراپ بېقىڭ سىز بۇ غېرىبلىقنى، ئاخىرەتكە بولغان تەشنالىقنى ھەقىقى ھېس قىلدىڭىزمۇ

ياكى قۇرۇق داۋا قىلدىڭىزمۇ؟ .بۇ غېرىبلىقنى ھېس قىلىش بەك مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇنى ھېس قىلمىغاندا ئاخىرەتنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

ــ سىز تۇرمىدىكى بىر كىشىنىڭ روھى ھالىتىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ .ئۇ ئائىلىسى،ۋەتىنىگە قايتىشقا تەشنا بولۇپ تۇرمىدە سىقىلىشنى ھېس قىلىدۇ.مانا بۇ ھەدىستىكى مۆئمىنىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ :«دۇنيا مۆئمىنىنىڭ زىندانى، كاپىرنىڭ جەننىتى.»( تىرمىزى نەقلى قىلغان )

ــ دائىم غېرىبلىقنى ھېس قىلىشنىڭ شەرتى:مەلۇم بىر شەھەردە مۇساپىر بولغان كىشى غېرىبلىقنى ھېس قىلىدۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقا تەشنا بولىدۇ. ئۇ داۋاملىق ئائىلىسىگە قايتىدىغان كۈن توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. غېرىبلىقنى ۋە ئۆلۈمنىڭ پەقەت بىر ئۆتكەل ئىكەنلىكى ۋە ئۆلۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان ھالىتىدە ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن كىشى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈمنى ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان كىشنى يامان كۆرىدۇ .چۈنكى ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇسىدا ئۆلۈم مەڭگۈلۈك يوقىلىشتۇر.

## ئۈچىنچى پەسىل:جەننەتنى ھېس *قىلىش*

### *1 ــ جەننەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە لەززەتلىرىنى ھېس قىلىش*

سىزگە مەلۇم بىر كىشى ئۆزىنىڭ چىرايلىق بىر قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەنلىكىنى،لېكىن ئۇ قىزنىڭ بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىكى مەلۇم بىر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقنى،ئۆزىنىڭ ئۇ قىزنىڭ قېشىغا ئايروپىلان بىلەن چىقالمايدىغانلىقنى، ئۇ قىزنىڭ قېشىغا پەقەت ئۆلگەندىن كېيىنلا يېتىپ بارالايدىغانلىقنى،دەپ بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.بۇ سىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاجايىپ بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلىشى مۇمكىن.سىز بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ بولغان جەننەتتىكى ھۆر ــ ئەيىنلەرنىڭ بارلىقنى بىر

تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنىڭىزدا ، قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتەرسىز؟ .چۈنكى سىز ئەمىلىيەتتە بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ماكاندا تۇرىۋاتقان چىرايلىق قىزلار بىلەن ۋەدىلىشىپ بولغان .سىز پەقەت ئۆلۈپ جەسىدىڭىز تۇپراققا كىرىپ ،ئۇيەردە سىزگە يېڭى بىر روھ كىرىپ بولغاندىن كېينلا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن ماڭىسىز .

ـ سىز چىرايلىق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ،ئۇنىڭغا ئۇچرىششقا تەشنا بولىۋاتقان بىر كىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ .ئۇنى نېمىنى ھېس قىلىۋاتقاندۇ؟ . جەننەتتىكى ھۆر ـ ئەيىنلەر ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ،ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق . . . . . . . . . .ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش خام ـ خىيال ئەمەس . . . . . شۇنداق تۇرۇقلۇق سىز نېمە ئۇچۇن جەننەتتىكى ھۆر ـ ئەيىنلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلالمايسىز؟ .نېمە ئۇچۇن سىز ئۇلار بىلەن ئۇچرىششقا ئىشتىياق باغلىمايسىز ۋە بۇ ھەقتە شېرىن خىياللارنى سۈرمەيسىز؟ . نېمە ئۇچۇن سىز جەننەتتىكى ھۆر ـ ئەيىنلەردىن بولغان گۈزەل ،نازاكەتلىك قىزلار بىلەن خىياللىرىڭىزنى پەرۋاز قىلدۇرمايسىز؟ .شۈبھىسىزكى ،ھەرقانداق ئاشىق مەشۇقى توغرىسدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ ئەمەسمۇ؟ .ياكى بۇ ھۆر ـ ئەيىنلەر ھەققى ئەمەسمۇ؟ . سىزگە نېمە بولدى؟ .ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش تولىمۇ يېقىن بىر ۋاقىتتا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«جەننەت ھەربىرىڭلارغا ئۇنىڭ ئاياغ بوغۇچىدىنمۇ يېقىنراق .دوزاخمۇ شۇنداق .»(بۇخارى نەقىل قىلغان6567) ، لايىدىن ياسالغان ئاياللارنىڭ كەينىدە نۇرغۇن كىشىلەر شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ ، شۇ ئاياللار ئۇچۇن ياشاۋاتىدۇ .بۇ ئاياللار ئەگەر ھۆر ـ ئەيىنلەردىن بولغان بولسا ،ئەھۋال نېمە بولۇپ كېتىشى كېرەك؟ . ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ جەننەتتە ياكى دوزاختا بىر ئورنى بولغان بولىدۇ. سىز ھۆر ـ ئەيىنلەرنىڭ ھازىر سىزگە ئىشتىياق باغلاۋاتقانلىقىنى ،سىزبىلەن ئۇچرىششقا ئىنتىزار بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«بىر ئايال دۇنيادا ئېرىگە ئەرزىيەت بەرمىسۇن .ئەگەر ئەرزىيەت بېرىپ قالسا ،بۇ ئەرنىڭ جەننەتتىكى ئۇنىڭغا ئەرزىيەت يەتكۈزمەيدىغان ھۆر ـ ئەيىندىن بولغان ئايالى ئۇ ئايالغا:الله ساڭا لەنەت قىلسۇن! .ئۇ سېنىڭ يېنىڭدا خار بولۇپ قالدى .ئۇ سەندىن ئايرىلىپ بىزنىڭ قېشىمىز كېلەي دەپ قالدى . دەيدۇ .»

(تىرمىزى نەقىل قىلغان1207) ،دېمەك بىز يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئۈزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق ،شۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن: «ھۆر ـ ئەيىن» دېگەن سۆز نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىشەنچتە مەۋجۇد بولغان ۋە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان بولسىمۇ ،لېكىن ھېس ـ تۇيغۇلاردا مەۋجۇد ئەمەس.

ـ سىز ئۇنىڭدا ئايالار ،شاراپ ،ئويۇن ـ تاماشا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك . . . . . . لەردىن ئىبارەت تۇرلۇك نازۇ نېئمەت ،لەززەتلەر بولغان بىر ماكاننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. (سىز چوقۇم بۇ يەرگە قىزىقىپ قالىسىز.) ۋەھالەنكى ، ئاخىرەتتىكى جەننەت بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپتۇر .لېكىن نېمە ئۇچۇن سىز جەننەتكە بولغان ئەملى قىزىقىشنى ھېس قىلالمايسىز؟ . جەننەتنىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىگە ئىشتىياق باغلىمايسىز؟ . سىزدىكى جەننەتكە بولغان ئىشتىياق ۋە ھەقىقى قىزىقىش نەلەرگە كەتتى؟ .

ـ سىز يەنە شۇنداق بىر ئىنساننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭكى ،ئۇ قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتقان ،ئاغرىپ قالمايدىغان ، ئۆلمەيدىغان ،ئۇنىڭ كۆڭلى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن ھوزۇرلىنىۋاتقان كىشىدۇر .نېمە ئۇچۇن سىز ئەشۇنداق كىشى قاتارىدىن بولۇشنى ياخشى كۆرمەيسىز؟ .دۇنيا ئۇچۇن ياشايدىغان كىشىنىڭ نىشانى پەقەتلا يەپ ـ ئىچىش ، تۇرلۇك راھەت ـ پاراغەتلەردىن مەنپەئەتلىنىشتۇر. ئاخىرەت ئۇچۇن ياشىغان ئىنسانمۇ يەپ ـ ئىچىشنى ،تۇرلۇك راھەت ـ پاراغەتلەردىن مەنپەئەتلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .لېكىن ئۇ قايسى خىل تائام ،قايسى خىل مەنپەئەتنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ .شۈبھىسىزكى ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدىغان ،ئۇنى كېسەل ،قېرىلىق ،ئۆلۈم ۋە ياكى نېئمەتنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت ھەرقانداق قورقۇنچلار قورشىمىغان ھەقىقى مەنپەئەتنى تاللايدۇ .يەنى ئۇ دائىملىق مەنپەئەتنى ،دائىملىق ياشلىقنى ،ئۆلمەيدىغان ،كېسەل بولمايدىغان ھاياتنى ، گۇزەل ، نازىن ، چىرايلىق ھۆر ـ ئەيىنلەر بىلەن تولغان ھاياتنى ئارزۇ قىلىدۇ . دېمەك ،قانداق ئەقىل دۇنيادىكى ئەرزىمەس ، تۇگەپ كېتىدىغان لەززەتلەرنى دەپ ياشايدۇ. دۇنيا ھاياتىنى ھەممىدىن ئارتۇق كۆرگەن كىشى دۆت ئىنسان بولۇپ ،ئۇ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلەرنى ھېس قىلالمايدۇ:«كىمكى(كۇفرىدا ،گۇناھتا) چېكىدىن ئاشسىكەن ،دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن)ئارتۇق كۆرۈدىكەن ، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ»(نازىئات

**37 ـ 40)** جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى خىلمۇ ـ خىل نازۇ ـ نېئمەت ۋە مەنپەئەتلەرنى ھېس قىلغان كىشى ھەرقانداق ئەھۋالدا پانى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئارتۇق بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«قانداق كىشى ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرسە،ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.ئاخىرەتنى ياخشى كۆرسە دۇنيانى ئۇنتۇپ قالىدۇ.يوقاپ كېتىدىغان نەرسىدىن مەڭگۇ قالىدىغان نەرسىنى ئارتۇق بىلىڭلار.»(سەھىھى تەرغىب ۋە تەرھىب **3247**)

ـ سىز الله نىڭ گۈزەل ئىكەنلىكى،الله تائالانى كۆرۈش جەننەتنىڭ ھەرقانداق نازۇ ـ نېئمەتلىرىدىن لەززەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ!. الله تائالانىڭ جامالىغا قاراش لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن جەننەتكە قىزىقىدىغانلار بارمۇ؟!. . . . . . . .

ـ جەننەت دېگەن مەنپەئەت ۋە لەززەت دېگەن سۆزدىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشى ئۈچۈن مەنپەئەت ۋە لەززەتتۇر.ۋە ئۇ تىجارەت ۋە پايدا ـ زىيان دېگەن سۆزدىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشى ئۈچۈن پايدا تاپىدىغان تىجارەتتۇر. جەننەتنى مەنپەئەت ۋە پايدىلىق تىجارەت دەپ ئىشىنىدىغان كىشى بىلەن جەننەتنى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئوخشاش ئەمىلى لەززەت دەپ ھېس قىلىدىغان كىشى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. لېكىن جەننەت لەززەت دېيىلگەندە چەك ـ چېگراسىز ، تەسۋىرلىگۈسىز ھەقىقى لەززەت. تىجارەت دېگەندە،چەك ـ چېگراسىز، ھەددى ھېسابسىز پايدىغا ئېرىشتۈرىدىغان تىجارەتتۇر. **«ئى مۆئمىنلەر !سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە(چىن)ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن،جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر،ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر.»**(سەپ **11**،**10** ـ ئايەتلەر) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىگە ئىشتىياق باغلىغۇچىلار ناھايىتى كۆپ،لېكىن جەننەتكە ئىشتىياق باغلىغۇچىلار قەيەردە؟ بۇنىڭ سەۋەبى، شۇكى ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا جەننەت مەۋجۇد ئەمەس. قانداق كىشى جەننەتكە ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى دەۋا قىلسا،ئاندىن ئۇنىڭدا مەھبۇبىغا ئىشتىياق باغلىغۇچىنىڭ روھى ھالىتى تېپىلمىسا،ئۇنداقتا ئۇ كاززاپتۇر.

***2 ـ جەننەتتە مەڭگۈ قېلىش ئۈقۇمىنى ھېس قىلىش:***

جەننەت دېگەن مەنپەئەت ۋە لەززەتلەردە چېكى بولمىغان ،ئادەمنى بىھوش قىلىدىغان ، گۈزەل ،نازىن . . . . . . ھۆر ـ ئەيىنلەر بىلەن تولغان مەڭگۈلۈك سائادەتتۇر . ئۇ جەننەت يۈز يىللىق ،مىڭ يىللىق ،مىليون يىللىق ۋەياكى مىليارد يىللىق . . . . . . .ھايات ئەمەس . بەلكى ئۇ چېكى يوق ھايات .سىز دۇنيادىكى چەكلىك يىللار ئالدىدا مانا بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ .ئۇنى سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .الله تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ دۆت دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنى كۆرگىنىڭىزدە ،ئۇلانىڭ ئەمىلىيەتتە شۇنداق دۆت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز:**«شۈبھىسىزكى ، الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي)گاس بولىۋالغان .(ھەقنى سۆزلىمەي)گاچا بولىۋالغان .(ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەي)ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر»**( ئەنفال 22 ـ ئايەت ) ، سىز ئاغرىپ قالمايدىغان ،ئاچىزلاپ قالمايدىغان ،ئۆلمەيدىغان ،تۇرلۇك نازۇ ـ نېئمەتلەر بىلەن تولغان مەڭگۈلۈك جەننەتتە قېلىشنى ھەقىقەتەن خالامسىز؟ . . .

***3 ـ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ ئازلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى،مەڭگۈلۈك سائادەتنى ئەمىلىلەشتۈرۈشكە يارىمايدىغانلىقى، دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەت يۇرتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:***

ھەقىقەتەنمۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ .ئىنسانىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ،شەھۋەتلەردىن لەززەتلىنىش قۇدرىتى تولىمۇ چەكلىك بولغان بولىدۇ .قاچانكى ئۇ قېرىپ كەتسە ،ئۇنىڭدىن ئالىدىغان مەنپەئەتلىرى ئازلاپ كېتىدۇ .ئېھتىمال ئۇ چارچاپ قېلىشى مۇمكىن . سىز ئادەمنى جەننەتتىن چىقىرىش بىلەن ئاياللارنىڭ پىتنىسى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ:**«ئى ئادەم باللىرى!شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى ( ئازدۇرۇپ )جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك ، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن ، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرستىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزىۋەتكەن ئىدى(يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى) ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر سىلەرنى كۆرەلەيدۇ ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر ، شۈبھىسىزكى ، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق .»**( ئەئراف

**27 ـ ئايەت)** ، جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى ئوخشاش بولسىمۇ ، شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھېلىقى چەكلەنگەن دەرەخنى باشقىسىدىن ئەۋزەل قىلىپ كۆرسەتتى . شۇنىڭدەك ئاياللاردىكى مەنپەئەتلەر ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن شەيتان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئايالىدىن باشقىسىدا مەنپەئەت بەك كۆپكەن دېگەن گۇمانغا كېلىشى ئۈچۈن ،ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئېچىشقا ئورۇنىدۇ .چۈنكى بارلىق ئاياللار ئەۋرەتلىرىنى ئاچقان ۋاقىتتا بۇ ئاياللاردا مەنپەئەت بەك كۆپتەك كۆرۈنىدۇ .بۇنىڭ ئازدۇرۇش دائىرىسى بەك چوڭ ،لېكىن ھەقىقى مەنپەئەت بەك ئازدۇر.مانا بۇ شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن چىقىرىشتىكى ھىلىسىدۇر.چۈنكى ئىنسان ئۆز ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن شەھۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتسە ھالاك بولىدۇ.دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.ئەگەر ئىنسان شۇ شەھۋەتلەرنى كۆپەيتمەكچى بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ لەززىتى ئازلاپ كېتىدۇ . ھەتتاكى يوقاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.خۇددى ھالۋىنى كۆپ يېسە نجاسەت تېتىيدۇ . دېگەندەك تائام شاراپ ،جىما ۋە ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراش كۆپىيىۋەرسە ئۇلاردىكى لەززەت يوقاپ كېتىدۇ.مانا بۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيتى.ئەمما جەننەتتە ئۇنىڭ لەززەتلىرى كۆپەيسە كۆپىيىدۇكى ، ھەرگىز ئازلاپ قالمايدۇ:**«ئۇ شاراپنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ،مەس بولمايدۇ.»** (ۋاقىئە **19** ـ ئايەت) ، دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرى ئەرزىمەس بولغىنىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس.چوقۇم جاپا تارتىشقا ،كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ، ھېرىپ ئېچىپ تەرلەشكە . . . . .توغرا كېلىدۇ.دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس.دۇنيا تېپىشتا مۇسابىقىلەشكۈچىلەر بەك كۆپ .ئۇلار شۇ دۇنيا ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىدۇ . چىش ـ تىرنىقى بىلەن مال دۇنيا بۇلايدۇ.دۇنيا ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇسابىقىلەشكىلى كەلگەنلەرگە ئۇلار رەھىممۇ قىلمايدۇ.ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتى بەك ئاز. لېكىن شەيتان ئىنساننى شۇ هارامغا سۆرەپ ئەكىرىش ئۈچۈن ئىنسانلارغا ھەرقانداق ھارام نەرسىنى ئۇنىڭغا زىننەتلەپ كۆرسىتىدۇ. شەيتان ئۇنىڭغا خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىلغاندەك بۇنىڭدا كۆپ مەنپەئەتلەر باردەك تەسەۋۋۇرغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ: **«شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە**

قىلىپ:«ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.»(تاھا 120 ـ ئايەت) ئىنسان قانچىلىك تىرىشسا تىرىشسۇن،بەربىر دۇنيا جاپا مۇشەققەت يۇرتىدۇر:«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق»(بەلەد 4 ـ ئايەت) ئەمما جەننەتنىڭ لەززەت، تائام ۋە مېۋىلىرى:«ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن،سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن،ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن،ئېقىپ تۇرغان سۇدىن،تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.»(ۋاقىئە 33 ـ ئايەت)

### *4 ـ جەننەتنىڭ يېقىندىكى مەنزىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:*

سىز چېكى يوق نازۇ ـ نېئمەت ۋە مەنپەئەتلەرگە يېتەي دەپ قالغان تۇرۇقلۇق،نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىنى ئارزۇ قىلىسىز.نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولىسىز.نېمە ئۈچۈن ئەشۇ توغرىسىدىلا پىكىر يۈرگۈزىسىز؟. جەننەت بىر نەچچە دەقىقىدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن.لېكىن سىز ئەشۇ بىر نەچچە دەقىقىلەرنى ھېس قىلالمايۋاتىسىز. «جەننەت ھەربىرىڭلارغا ئۇنىڭ ئاياغ بوغۇچىدىنمۇ يېقىنراق.دوزاخمۇ شۇنداق.»(بۇخارى نەقىل قىلغان6567) جەننەتتە چەكسىز نازۇ ـ نېئمەتلەر تۇرۇقلۇق قانداقسىگە سىز دۇنيانىڭ لەززەت مەنپەئەتلىرىنى ئارتۇق بىلىپ قالدىڭىز؟.بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بار.ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن نەقىل قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ بىر تۇرالغۇمىزنى ئوڭشاۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيەردىن ئۆتۈپ قالدى ۋە:«بۇ نېمە؟»دېدى.مەن:«بۇ بىزنىڭ تۇرالغۇمىز.بىز بۇنى ئوڭشاۋاتىمىز.» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن ئۆلۈمنى بۇ ئىشتىنمۇ تېز كېلىدۇ دەپ قارايمەن.» دېدى. (ئىبنى ماجىە 4299)

### *5 ـ جەننەتنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلار:*

جەننەتنى سېغىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلىش.

جەننەت توغرىسىدىكى ئارزۇ ئۇمىدلەرنى ھېس قىلىش.

جەننەتكە كىرەلمەسلىكتىن قورقۇشنى ھېس قىلىش.

جەننەتكە يىتىش ئۈچۈن سەۋرى قىلىش ،كۈتۈش ،ئىنتىزارلىقنى ھېس قىلىش .

***6 ـ جەننەتنى ھېس قىلىشنىڭ تەسىرلىرى:***

ـ قانداق كىشىنىڭ ئېڭىدا جەننەتنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى ئەمىلى بولسا ، ئۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتا ـ مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىشكە ئالدىراپ كەتمەيدۇ .ئۇ سەۋرى قىلىدۇ . چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ چەكسىز نازۇ ـ نېئمەتلىرىگە يېقىنلاپ قالغانلىقنى ھېس قىلالايدۇ .ئۇ بىرەر مەزگىل سەۋرى قىلغان ۋاقتتا ،نازۇ نېئمەتلىك جەننەتلەردىكى چەكسىز لەززەت ، نازۇ ـ نېئمەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ . **«پەقەت سەۋرى قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»**(زۇمەر **10** ـ ئايەت)

ـ دۇنيا ئاياللىرىغا ھەۋەس قىلىدىغان كىشى ئەگەر بۇ ئاياللاردىن باشقا چىرايلىق ، گۈزەل ،نازىن ئاياللارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسا بۇ ئاياللارغا قاراپمۇ قويمايدۇ .

ـ ھەقىقەتەن ئىنسان ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ .ئەگەر ئۇ جەننەتنىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىنى ھەقىقى ھېس قىلسا ،ئۇ جەننەتتىكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرى ،ھەددى ھېسابسىز پايدىسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ .لېكىن ئۇ جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىنى ھېس قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ،ئۆزىنىڭ مەنپەتىنى دۇنيادا دەپ قاراپ ،ئاخىرەت ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەل قىلمايدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرەت ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەم بولالمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:«سەن ساڭا ھەقىقى مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىگە قىزىققىن .» (ئىبنى ماجىھ نەقىل قىلغان **4168**) لېكىن بىز بىزگە مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىنى پەقەت دۇنيادا دەپ قاراۋاتىمىز .شۇنداق ئەمەسمۇ؟! . . . . . . . . . .

## تۆتىنچى پەسىل:دوزاخنى ھېس قىلىش

***1 ـ دوزاخنىڭ ئەلەملىرى ۋە ئازابلىرىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىش:***

ئەگەر سىز كۆيدۈرۈلۈۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسىڭىز قانداق بولۇپ كېتەرسىز . سىز

ئۇنىڭ ئورنىدا كۆيدۈرۈلگەن بولسىڭىزچۇ؟ .ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىنىڭ كاۋاپ قىلىش ئۇچۇن ئوتتا قويۇلغان بىر توخۇغا ئوخشاش پىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ .ئەگەر سىز مۇشۇ توخۇنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسىڭىز قانداق بولۇپ كېتەرسىز؟ .ئەگەر سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا دوزاختىن قورقۇشنى ھېس قىلىش ئەمىللەشمىسە ،ئۇنداقتا سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدىكى دوزاخ بىزنىڭ يېتەكچىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ئوتقا ئوخشاش ھېچقانداق پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئوتتۇر. ھەقىقى ھېس قىلىنغان ۋاقىتتىكى دوزاخ ئازابى ناھايىتى قاتتىق .ئەمما دوزاخ ئازابىغا ئىشىنىپلا قويۇپ ،ئۇنى ھېس قىلمىغان ۋاقىتتا ئۇ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولمىغان ئوتتۇر خالاس .بۇنداق كىشىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا دوزاخ ئازابى دېگەنلەر ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. سىز دوزاخ ئازابىنى ھەقىقى ھېس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ .

***2 ـ دوزاخنىڭ ئازابى ئالدىدا دۇنيا ئازابىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقلىقىنى ھېس قىلىش:***

ھەقىقەتەن ئاخىرەتنىڭ ئوتى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىغان ئەڭ خەتەرلىك ئوتتۇر. ئەگەر ئاخىرەت ئوتى بىلەن دۇنيانىڭ بارلىق قورقۇنچ ئەلەملىرى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز ،دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى دوزاخ ئازابىغا سېلىشتۇرغان ۋاقىتتا ھېچ نەرسگە تەڭ كەلمەيدۇ .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى دۇنيادىكى ئەڭ پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرگەن بىر كاپىر كەلتۈرۈلۈپ:ئۇنى دوزاخقا بىر قېتىم چۆكتۈرۈڭلار! . دېيىلىدۇ .ئۇ كاپىر دوزاخقا بىر قېتىم چۆكتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:ئى پالانى!سەن دۇنيادا ھۇزۇر ھالاۋەت سۇرۇپ باقتىڭمۇ؟ . دېيىلىدۇ .ئۇ:مەن قەتئىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۇرۇپ باقمىدىم .دەيدۇ. ئاندىن دۇنيادا بالايى ـ مۇسىبەتلەرگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان مۆئمىنلەرنىڭ بىرى كەلتۈرۈلۈپ:ئۇنى جەننەتكە بىر قېتىم كىرگۈزۈڭلار! . دېيىلىدۇ .ئۇ جەننەتكە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ،ئۇنىڭغا:ئى پالانى! ،سەن دۇنيادا زىيان ـ زەخمەتكە ،بالايى ـ مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغانمۇ؟ . دېيىلىدۇ .ئۇ مۆئمىن: مەن دۇنيادا قەتئىي زىيان زەخمەتكە ئۇچراپ باقمىدىم .دەيدۇ .»(ئىبنى ماجىجە **4464**) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:«قىيامەت كۈنى دۇنيادا بالايى مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغان

كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەن ۋاقىتتا ، بالايى ـ مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىمىغان كىشىلەر ئۆز تېرىلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن قايچىلانغان بولىشىنى ئۇمىد قىلىپ قالىدۇ .»(تىرمىزى **2582**) لېكىن سىز دۇنيانىڭ مەلۇم بىر ئىشلىرىدىن قورققان چاغدىكى روھى ھالەت بىلەن ئاخىرەتتىن قورققان چاغدىكى روھى ھالەتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز ،سىز دوزاختىن قورقىمەن دەپ دەۋا قىلغان كىشىدە دوزاختىن قورقۇشنى ھەقىقى ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى تاپالمىغان بىلەن ،دۇنياۋى دەرد ئەلەملەردىن ھەقىقى قورقۇش ھالەتلىرىنى ئۇچرىتالايسىز .ئۇنىڭدا ئاخىرەتتىن قورقۇش تۇيغۇسى بار دېگەندىمۇ ،ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچىسى دۇنيادىكى قورقۇنچلىرىنىڭ مىڭدەن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. جەننەت يولىدىكى دەرد ـ ئەلەملەر دەرد ئەلەم ئەمەس. ئاخىرى دوزاخقا تۇتاشقان يولدىكى راھەت ھەقىقى راھەت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىل كىشىنىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ(جەننەت ئۈچۈن ئۇچراۋاتقان) دەرد ئەلەملىرى بىلەن ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر .**«(الله تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله بەرگەن نەرسىگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر ،الله مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ .»**(ھەدىد **23** ـ ئايەت) سىز يوقاپ كەتكۈچى دۇنيانىڭ قورقۇنچىسى بىلەن سىز ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ،چەكسىز ئازاپ ئىچىدە ياشايدىغان مەڭگۈلۈك بەختسىزلىك ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ!. شۈبھىسىزكى ،دۇنيانىڭ بارلىق دەرد ـ ئەلەم ، غەم ـ ئەندىشە ، قايغۇ ـ ھەسرەت ،جاپا ـ مۇشەققەتلىرى دوزاخ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە تەڭ ئەمەس .

***3 ـ دۇنيانىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئازابلىرى بىلەن دوزاختا مەڭگۈ قېلىشنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىش:***

سىز دۇنيادىكى قىسقىغىنە ھايات بىلەن ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ،ئۇزۇن ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. **«ئېيتىپ باققىنە! ،ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن)يىللار (نىئمەتلىرىمىزدىن)بەھرىمان قىلساق ،ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاپ كەلسە ، ئۇلارنىڭ بەھرىمان بولغان نىئمەتلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ .»**(شۇئەرا **205 ـ 207**) ، ئۆمۈر دېگەن پەقەت ئىككى كۈنلۈك .بىر كۈننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۆلۈمنىڭ بىركۈن

يېقىنلاپ كەلگەنلىكىدۇر. «جەننەت ھەربىرىڭلارغا ئۆنىڭ ئاياغ بوغۇچىدىنمۇ يېقىنراق. دوزاخمۇ شۇنداق.» (بۇخارى نەقىل قىلغان6567)

***4 ـ دوزاخنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلار:***

ـ دوزاختىن قورقۇشنى ھېس قىلىش.

ـ دوزاختىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىش.

ـ دوزاخنى قاتتىق يامان كۆرۈشنى ھېس قىلىش.

ـ دوزاخ تىلغا ئېلىنغاندا سىقىلىش، ئەلەملىنىش، نەپرەتلىنىشنى ھېس قىلىش.

# 3 ـ باب:ياراتقۇچىنى تەستىقلاپ تۇرۇپ قەلبىدە ئىنكار قىلىش

## بىرىنچى پەسىل: الله نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنىڭ پەرقلىرى

ـ ھەقىقەتەن ياراتقۇچى الله نىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ۋە ئىشىنىش ئۇنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارالمىسا ،بۇ بىلىش يالغان بىلىشتۇر .بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

**1** ـ كىم الله نى تونۇسا جەزمەن الله تىن قورقىدۇ .الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ .**» (فاتىر **28** ـ ئايەت) قۇرتۇبى بۇئايەتنى مۇنداق تەپسىرلىگەن: يەنى بۇ ئالىملار الله نىڭ قۇدرىتىدىن ھەقىقى قورقىدىغان كىشىلەردۇر .الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ ھەرنەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ،الله نىڭ گۇناھكارلارنى جازالايدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنىدۇ . ئەلى ئىبنى ئەبى تەلھە ئارقىلىق ئىبنى ئابباستىن شۇنداق نەقىل قىلىنىدىكى ،ئۇ مۇنداق دېگەن **الله تىن** ئۇنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئالىملار بەك قورقىدۇ .بۇ ئالىملار الله نىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىلەردۇر . رەبىئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېگەن:كىمكى الله تائالادىن قورقمايدىكەن ،ئۇ ئالىم ئەمەس . مۇجاھىد مۇنداق دېگەن:ھەقىقى ئالىم دېگەن الله ئەززە ۋە جەللىدىن قورققان كىشىدۇر .ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن:بىر ئادەمنىڭ ئالىم ئىكەنلىكىگە الله تىن قورققانلىقى ،بىلىمسىز ئىكەنلىكىگە الله تىن قورقمىغانلىقى كۇپايە . سەئىد ئىبنى ئىبراھىمدىن مەدىنە ئەھلىدىن كىم ئەڭ ئالىم دەپ سورالغاندا ،ئۇ:الله تىن ئەڭ قورقىدىغانلىرى .دەپ

جاۋاب بەرگەن .مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: الله تىن قورققان كىشى ھەقىقى ئالىمدۇر . ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ:الله تىن ئۇنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئالىملارلا قورقىدۇ . يەنى الله نى تونۇيدىغان ئالىملار الله تىن ھەقىقى رەۋىشتە قورقىدۇ . چۈنكى قاچانكى بارلىق كامالى سۈپەت ۋە گۈزەل ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەممىنى بىلگۈچى ، ھەممىگە قادىر ،ھەممىدىن ئۇلۇغ الله نى تونۇش مەيدانغا كېلىدىكەن ،ۋە بۇ تونۇش ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل بىلىشكە ئايلىنىدىكەن ،ئۇ الله تىن قورقۇش شۇنچە قاتتىق ۋە كۆپ بولىدۇ .شۇبھىسىزكى ئۇنىڭدىن قورقۇش ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۆپ بولىدۇ . تەپسىرى تىبرىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: قەتادىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدىكى ،ئۇ الله نىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتى توغرىسىدا:قورقۇش ئالىملىقنىڭ ئىپادىسىدۇر .دەيدۇ . روھى مەئانىدا مۇنداق كەلگەن:**«سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟(ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن ـ دە(ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)دېگىن»** (نازىئات **19** ـ ئايەت )بۇنىڭ مەنىسى:مەن سېنى الله ئەززە ۋە جەللىنى تونۇشقا باشلايمەن . ئاندىن سەن ئۇنى تۇنۇساڭ ،جەزمەن ئۇنىڭدىن قورقىسەن .دېگەنلىك بولىدۇ . تەفسىر سەئالىبىيدا مۇنداق كەلگەن«الله تائالا« **الله تىن** ئالىملارلا قورقىدۇ»دېيىش ئارقىلىق قورقۇش ئۈچۈن بىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن .ۋە ئۆلىمالار پەقەتلا الله تىن قورقىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ .»ئىبنى ئۇبباد شەرھى ھۆكۈمدە مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى ،سەلەپ ۋە خەلەف ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن مەنپەئەتلىك ئىلىم دېگەن پەقەت شۇ ئىلىمنى بىلگۈچىنى الله تىن ھەقىقى قورقۇشقا ،الله تائالا ئۈچۈن بويسۇنۇش ،باش ئىگىشكە ،ئىمان ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ، ئاخىرەتنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىشكە ،الله تائالانىڭ ئالدىدا ئەدەبلىك بولۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالى سۈپەتلەرگە ئېلىپ بارالايدىغان ئىلىمدۇر .»فەتھۇل قەدىرنىڭ تەپسىرىسىدە مۇنداق كەلگەن: «ئۆلىمالار دېگەن الله تىن ھەقىقى قورقىدىغان كىشىلەردۇر .»

**2** ـ جامىئۇل ئۇلۇم ۋە ھۆكۈمدە مۇنداق بايان بار:«بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنى تونۇشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ .بىرى ئاممۋى تونۇش ،يەنى الله نى تىلدا ئىقرار قىلىش ،قەلبتە تەستىقلاش ۋە ئىمان ئېيتىش .بۇ پۈتكۈل مۆئمىنلەرگە ئومۇمىيدۇر . يەنە بىرى ئالاھىدە

تونۇشتۇر.بۇ قەلبىنىڭ اللەقا ئومۇمىيۈزلۈك مايىل بولىشى، ئۇنىڭغىلا خالىس بولىشى، ئۇنىڭ بىلەنلا سىردىشىش،ئۇنى ئەسلەش بىلەن خاتىرجەم بولۇش،ئۇنىڭدىن ھايا قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.مانا بۇ تونۇش پەقەت اللە نى ھەقىقى تونۇغۇچىلارغا خاس.بەزىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەم دۇنيادا ياشىغان تۇرۇقلۇق،دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسىنى تېتىيالمىغان ئادەمدۇر. ئەڭ ياخشى نەرسە قايسى نەرسە دېيىلگەندە:اللە ئەززە ۋە جەللىنى تونۇش.دېگەن.ئەھمەد ئىبنى ئاسىم ئەنتاكى:مەن ئىگەمنى تونۇماي تۇرۇپ ئۆلۈشنى ياخشى كۆرمەيمەن.اللە نى تونۇش دېگەن ئۇنى ئىقرار قىلىشلا ئەمەس،سەن ئۇنى ھەقىقى تونۇساڭ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىسەن. دېدى.»

**3**ـ سىزنىڭ ناھايىتى تەسىر قىلارلىق بىر نەرسىگە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تەسىرلەنمەستىن ئىشىنىشىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس.ئىنسان اللە نىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېئمەتلىرى ۋە ئۇاللە نىڭ سۈپەتلىرىنى تەسەۋۋۇرقىلغان ۋە ھېس قىلغان ۋاقىتتا، جەزمەن اللە نى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.اللە نىڭ ئۇنىڭ ئېھتىياجلىق نېمەتلىرىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن اللە قا بويسۇنۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.ئۇنىڭغا اللە تىن باشقا نېئمەت بەرگۈچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن اللە قا تەۋەككۇل قىلىش تۇيغۇسى.... اللەنىڭ شۇ نېئمەتلەرنى تارتىۋېلىشىدىن قورقۇش تۇيغۇسى.......اللەنىڭ نېئمەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش تۇيغۇسى.... ئۇلۇغ اللەئالدىدا ئۆزىنىڭ خارلىقىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى...كۈچلۈك اللە ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى... ئۆزىگە ياردەم قىلغۇچى،ئىگە بولغۇچى ئالدىدا دوستلۇقنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى... اللەنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقۇش تۇيغۇسى......اللەنىڭ بايلىقى ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ نامراتلىق ۋە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى.....اللەنىڭ سېخىلىقىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى... اللە سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن چۆچۈش، تەشۋىشلىنىشنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى.... اللەنىڭ ئۆزىنى دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن اللە قا بولغان دوستلۇقنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى......بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان اللەقا ئۆزىنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى......ئۆزىنىڭ اللەنى ياخشى

كۆرگەنلىكى تۇپەيلىدىن ئاللاھقا ئۇچرىششقا بولغان تەشنالىقنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى . . . بۇيۇك ئاللاھ نىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى . . . . كۈچلۈك ئاللاھقا بويسۇنۇشنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى . . . . . . ئاللاھ ئۇنىڭدىن نېئمەتلىرىنى تارتىۋالغان ۋاقىتتا ، بۇلارنىڭ ئاللاھ نىڭ مۈلۈكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بولغان رازىلىق تۇيغۇسى . . . . ئۆزىدىكى نەرسىلەرگە رازى بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قانائەت قىلىش تۇيغۇسى . . . . . . قاتارلىق ھېس ــ تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ .

ــ يۇقىرىقىلار ئىماننىڭ ئەركانلىرىغا ئىشىنىش بىلەن ئىماننىڭ ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ .دېمەك ئىشىنىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ .چۈنكى مۇناپىقمۇ ئىمان ئەركانلىرىنى بىلىدۇ ۋە تونۇيدۇ .لېكىن بۇ ئىماننىڭ ئەركانلىرىنى ھېس قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈلمۇ بۆلمەيدۇ .ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر مېيىت ــ ياكى سىلەرنىڭ بېرىڭلار ــ قەبرىگە قويۇلسا ئۇنىڭ قېشىغا قاپقارا ۋە كۆپكۆك بولغان ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ .ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مۇنكەر ،يەنە بىرى نەكىر دەپ ئاتىلىدۇ .بۇ ئىككىسى بۇ مېيىتكە:«سەن بۇ كىشى( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) توغرىسىدا نېمە دەيتتىڭ؟» دەيدۇ .بۇ :«ئۇ ئاللاھ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ،مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن .»دەيدۇ . ئاندىن ئۇ ئىككى پەرىشتە:«بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق .» دەيدۇ ــ دە ،ئۇنىڭغا قەبرىسى يەتمىش گەز كېڭىيىدۇ ۋە قەبرىسى يورۇپ كېتىدۇ . ئاندىن ئۇنىڭغا‹ئۇخلا› دېيىلىدۇ .ئۇ مېيىت:«مەن ئەھلىمگە قايتىپ ،ئۇلارغا خەۋەر بېرىمەن .»دەيدۇ .ئۇ ئىككى پەرىشتە:«سەن ھەتتا سېنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى شۇ ياتقان ئورنىڭدىن تېرىلدۈرگەنگە قەدەر ئائىلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىدىن باشقىسى ئۇنى ئويغىتالمايدىغان يېڭى توي قىلغان يىگىت ئۇخلىغاندەك ئۇخلىغىن .» دەيدۇ . ئەگەر ئۇ مۇناپىق بولسا:«مەن بىلمەيمەن . مەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ،ئۇلارنى دوراپ دېگەن .مەن بۇنى بىلمەيمەن .»دەيدۇ . ئىككى پەرىشتە:«بىز سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق .»دەيدۇ .زېمىنغا: «ئۇنى قىستىغىن!»دېيىلىدۇ .ئاندىن ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى ئۆز ــ ئارا كىرىشىپ كېتىدۇ .

هەتتا الله ئۇنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرگەنگە قەدەر شۇنداق ئازابلانغان ھالەتتە تۇرىدۇ.» (تىرمىزى **1092**) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق مەزمۇنلار كەلدى:«ماڭا سىلەرنىڭ قەبرەڭلاردا مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسگە ئوخشاش ـ ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ـ پىتنىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭلار ۋەھى قىلىندى.مېيتقا:‹ سەن بۇ كىشىنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) قانداق تونۇيسەن.› دېيىلىدۇ.ئەگەر مۆئمىن بولسا........دەيدۇ.ئەگەر مۇناپىق ـ ياكى شەك قىلغۇچى ـ بولسا: ‹مەن بىلمەيمەن. مەن كىشىلەرنىڭ بىرنەرسە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،شۇنى دەپ قويغان.› دەيدۇ.»(بۇخارى **86**)

## ئىككىنچى پەسىل:ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشىنىش بىلەن ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر

ـ ياراتقۇچى مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش پەقەتلا بىلىپ قويۇشتۇر. لېكىن ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىشنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىمىز:

***بىرىنچى:ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قانداق ئەمەللىشىدۇ؟*** ـ ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. (تەپسىلاتىنى ئون بىرىنچى بابتىن كۆرۈۋېلىڭ.)

***ئىككىنچى:ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش:***

***1 ـ ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش:***

بىر شەيئىنى سەزگۈ ئەزالىرى(كۆز،قۇلاق،بۇرۇن،قول،ئېغىز......)دا تونۇش بىلەن ھېس ـ تۇيغۇدا تونۇش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار.نۇرغۇن چەكلىمىلەرنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق ئادەم الله نى كۆرەلمەيدۇ.لېكىن الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.چۈنكى بىر نەرسىنى كۆرگىلى بولماسلىق ئۇنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى

چۈشەندۈرمەيدۇ. بەلكىم بۇنى كۆرۈشنى توسىدىغان ئامىللار بولىشى مۇمكىن.ئەگەر الله بۇ چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئىرادە قىلغان بولسا،ئەلۋەتتە بارلىق كىشىلەر ھازىرقى دۇنيادا الله تائالانى كۆرەلىگەن بولاتتى. خۇددى ئۇلار ئاينى..... كۆرگەندەك.بۇ توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:«شۈبھىسىزكى پەرۋەردىگارىڭلارنى مانا مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك كۆرۈسىلەر ........»(بۇخارى 553) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھەقىقەتەن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى ئۆز ئەينى كۆرۈسىلەر.» (بۇخارى 7525)يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«سىلەر ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتە شەك قىلامسىلەر؟.قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟.»دېگەندە،ساھابىلەر:«ياق.» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرۋەردىگارىڭلارنى سىلەر ئۇنى كۆرۈشتە شەك قىلمايدىغان ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرگەندەك كۆرۈسىلەر.»(تىرمىزى 2752) ئەگەر ئىنسان چىرايلىق بىر ئايالغا قارىسا، ئۇ شۇ ئايالغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ.ئەگەر سىز ھۆر ـ ئەيىنلەرگە قارىغان ۋاقتىڭىزدا نېمە بولۇپ كېتەرسىز؟ ئەگەر سىز جەننەتتە ئۇلۇغ الله نىڭ جامالىغا قارىغان ۋاقىتتا نېمە بولۇپ كېتەرسىز؟.سىز ئۇلۇغ الله نىڭ جامالىنى كۆرگەندە جەننەتتىكى بارلىق لەززەتلەرنى ئۇنتۇپ قالىسىز.

ـ ئىنسان ئاخىرەتتە بۇ چەكلىمىلەرنىڭ مەۋجۇد بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا الله نىڭ كۆرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. سىز بۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلارسىز الله نىڭ سىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايسىز.شۇنداقلا الله نىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ھېس قىلالمايسىز.(مانا بۇ يەردە الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاشكارا بولىدۇ.) سىز رۇكۇ قىلغان،سەجدە قىلغان ۋاقىتلاردا چوقۇم سىز رۇكۇ قىلىۋاتقان،سەجدە قىلىۋاتقان زاتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا سىز كىمگە رۇكۇ، سەجدە قىلىۋاتىسىز؟.مۇشرىكلار بولسا ئالدىدىكى بۇتلارغا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلاتتى.سىز بولسىڭىز ئالدىڭىزدىكى الله قا رۇكۇ قىلىسىز. گەرچە سىز ئۇنى كۆرەلمىسىڭىزمۇ ئۇنى ھېس قىلىشىڭىز لازىم.«**مەشرىقمۇ، مەغرىپمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى)الله نىڭدۇر،قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ،ئۇ الله نىڭ تەرىپى**

**يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر. اللە (نىڭ مەغرىپى)ھەقىقەتەن كەڭدۇر، اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»**(بەقەرە **115** ـ ئايەت) يەنى سىز قايسى تەرەپكە يۈزلەنمەڭ، اللە قا يۈزلىنىسىز.شۇڭا سىز يۈزلىنىۋاتقان، رۇكۇ قىلىۋاتقان زاتنى ھېس قىلىڭ.سىز اللە قا دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتتا سىز سۆزلىشىۋاتقان زاتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.ئۇنداق بولمىغاندا سىز كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسىز؟ .پەقەت سىز ئۆزىڭىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بولىسىز.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:«شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى!، اللە  تائالا غاپىل  بىخۇد قەلبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ.»(تىرمىزى **3816**)سىز قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا سىزگە ۋە كىشىلەرگە خىتاب قىلىۋاتقان زاتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا سىزگە سۆزلەۋاتقان زادى كىم؟ سىز سۆزلەۋاتقان زاتنىڭ اللە تائالا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز، خىتاب قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سىز ۋە بارلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز لازىم.ئۇنداق بولمىسا بۇ سۆزنى سۆزلىگۈچىنى ۋە بۇ سۆزنىڭ كىمگە دېيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايسىز.سىز ھەرقانداق ئەمەلنى قىلغان ۋاقىتتا سىز مۇشۇ ئەمەلنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىۋاتقان كىشىنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا سىز بۇ ئەمەلنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن،ياكى بولمىسا باشقا بىرى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بولىسىز.سىز بىرسىنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا (ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر نەرسىنى ئوڭشاشتەك)ئۇ سىزنى ئۇزۇن ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرغان بولسا سىزگە نىسبەتەن بۇ نەرسىنى ئوڭشاش شۇ نەرسە ئۈچۈن ئەمەس،بەلكى شۇ كىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان بولىدۇ.(يەنى بۇ ئىشنى شۇ كىشى ئۈچۈن قىلىسىز)سىز اللە  ئۈچۈن ياكى بولمىسا باشقا بىرى ئۈچۈن قۇل بولۇپ ئىشلەشنى تاللىغان بولسىڭىز.چوقۇم بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئەۋۋەل،سىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان زاتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.(بۇنىڭدىن سىز اللە نى ھېس قىلىشنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئەسلى يىلتىزى ئىكەنلىكى،ئۇنىڭدىن نىيەت مەقسەتلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى،ئەشۇنىڭ تەسىرىدىن اللە  بىلەن روھى باغلىنىش دەپ ئاتىلىۋاتقان اللە  بىلەن بىرگە بولىدىغان ھالەتنىڭ  مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى،سىزنىڭ قەلبىڭىزدە اللەنىڭ دائىم مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى، مانا بۇنىڭ زىكرىنىڭ ئەسلى مەنىسى ـ يەنى قەلبنىڭ زىكرى ـ ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلالايسىز.شۇ ئارقىلىق تىلىنىڭ زىكرى پەيدا بولىدۇ.قەلب قازانغا ئوخشايدۇ.تىل ئۇنىڭ چۆمۈچىگە ئوخشايدۇ.)

ـ الله نىڭ زاتىنى خىيال قىلىش بىلەن الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىشنىڭ روشەن پەرقى بار.ھېچقانداق ئادەم الله نىڭ زاتىنى خىيال قىلالمايدۇ. چۈنكى الله ئوخششى بولمىغان يەككە يېگانە زاتتۇر.لېكىن بۇنداق دېگەنلىك الله مەۋجۇد ئەمەس دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ.ئەگەر سىز الله نىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىسىڭىز،مانا بۇ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا الله نىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا ۋە مىئراجدىكى سەپىرىدە الله بىلەن ئۇچراشقان،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيەرگە يېتىپ بارغان ۋاقىتتا ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن الله قا ئۇچراشقان.

ـ سىز قىيامەت كۈنىدە الله بىلەن ئۇچرىشىسىز،ئۇنىڭغا سۆزلەيسىز.سىز بىلەن الله نىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ۋاستە بولمايدۇ ۋە تەرجىمان بولمايدۇ.ۋە سىزنى ئۇنىڭدىن توسۇپ قالىدىغان بىرەر پەردىمۇ بولمايدۇ.بۇ توغرىسىدا ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:«سىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىڭلارغا پەرۋەردىگارى سۆزلەيدۇ.ئۇنىڭ بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا بىرەر تەرجىمان ۋە توسۇپ قالىدىغان بىرەر پەردىمۇ بولمايدۇ.»(بۇخارى **7533**) ئاندىن الله سىزدىن ھېساب ئالىدۇ. سىزگە سۆزلەيدۇ.سىزدىن سوئال ـ سوراق ئالىدۇ.سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىسىز ۋە سۆزلەيسىز.مانا مۇشۇنداق ئۇچرىششنى ھېس قىلغان كىشى الله تائالاغا باش ئىگىش ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشنى ھېس قىلالايدۇ.بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:**«سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق(الله تىن) ياردەم تىلەڭلار.ناماز الله تىن قورققۇچىلار(يەنى كەمتەرلىك بىلەن الله قا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.الله تىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە الله نىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ.»**(بەقەرە **45 ـ 46** ـ ئايەتلەر) بۇ ئايەتتىكى «جەزمەن ئىشىنىدۇ»دېگەن «پەقەت ئىشىنىپ قويىدۇ»دېگەنلىك ئەمەس.بەلكى «الله تائالاغا ئۇچرىششنى ھېس قىلىدۇ»دېگەنلىكتۇر.الله تائالاغا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنسانغا الله ئۈچۈن بويسۇنۇش،پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

بىرلىشنى ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى بىرەلمەيدۇ.لېكىن الله بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ھەقىقى ھېس قىلىش الله تائالادىن ھەقىقى قورقۇش، باش ئەگىش پۈتۈن ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىرلىشش تۇيغۇسىنى بېرەلەيدۇ.ئەگەر سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ ھېس قىلىسىڭىز الله بىلەن ئۇچرىشىش قورقۇنچلىق ۋە ھەيۋەتلىك ئۇچرىشىشتۇر. شۇنداقلا الله قا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان كىشى الله يولىدا كەلگەن ئەرزىيەتلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ ۋە سەۋرى قىلالايدۇ:« **(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن)الله قا مۇلاقات بولۇشقا جەزىم قىلىدىغانلار:«الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۇستىدىن غەلبە قىلىدۇ» دېدى.الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.»**(بەقەرە **249** ـ ئايەت) بۇئايەتتىكى «جەزىم قىلىش» دېگەن پەقەتلا «ئىشىنىپ قويىدۇ»دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ. چۈنكى تالۇت بىلەن بىرگە چىققان كىشلەرنىڭ ھەممىسى الله بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشلەر ئىدى.شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله قا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەنلا بۇنداق ئەرزىيەتلەرنى كۆتۈرۈپ كېتەلمەيدۇ.لېكىن الله قا ئۇچرىششنى ھەقىقى ھېس قىلغان كىشلا بۇنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ.

ـ الله نىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان كۈچلۈك سۈپەتلەر بار.ئۇ بولسىمۇ الله نىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى،ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى،ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى.........ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش. مانا مۇشۇ ئىنچىكە، مۇكەممەل بولغان نەرسىلەرنى ياراتقان زات چوقۇم ھەممىنى ئاڭلايدىغان،كۆرۈپ تۇرىدىغان،بىلىپ تۇرىدىغان،دائىم تىرىك تۇرىدىغان...... بولىشى كېرەك.بىر نەرسىنى ياسىغان كىشى(مەسىلەن شامالدۇرغۇچنى)مۇشۇ نەرسىلەرنى ھېكمىتىنى بىلەلىشى كېرەك.

ـ الله تائالانىڭ ھەممىنى ئاڭلايدىغانلىقى،بىلىدىغانلىقى،ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن الله نىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ،سىزنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. سىز ئۇچۇن ھەممە يەردە قويۇلغان مەخپىي تىلكامىرالار ۋە تىڭشىغۇچلار قويۇلغان،

سىزنىڭ ھەربىر ئىش ــ ھەرىكەتلىرىڭىز خاتىرلىنىۋاتقان، لېكىن سىز ئۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.سىز بۇ ۋاقىتتا قورقۇنچ ھېس قىلمامسىز؟ ئۇنداق بولسا الله ھەردائىم سىزنى كۆرۈپ، سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ،دائىم كۆزىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى الله ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى،ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى زاتتۇر.ئۇنداقتا سىز مەلۇم بىرسىنىڭ سىزنى كېچە ــ كۈندۈز كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، سىز قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. بۇنداق ۋاقىتتا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز،بارلىق خىياللىڭىز سىزنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدا بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ كۆزەتچىنى ھېس قىلالمىسىڭىز، مانا بۇ گەرچە سىز الله نى ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنسىڭىزمۇ!سىزنىڭ الله نى كۆرۈپ تۇرغۇچى،ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىزنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

***2 ـ «ياراتقۇچى»ياكى«ئىلاھ»ياكى«رەب»دېگەن سۆزلەرنى ھېس قىلىش:***

بۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى چۈشەندۈرىدۇ:

***1 ـ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ھېس قىلىش:***

ــ بۇيەردە بىز كۆرەلمەيدىغان بىر زات بار.ئۇ بولسىمۇ ئىنسانغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى ئىنساننىڭ قۇدرەت ــ ئىقتىدارلىرىدىن ۋە ئىنسان بىلىدىغان بارلىق قۇدرەت ــ ئىقتىدارلاردىن چوڭ ۋە كاتتىدۇر.چۈنكى بۇ ياراتقۇچى بەك قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر،ئىنسانى سۈپەت ۋە قۇدرەتلەردىن كاتتا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن قۇدرەتلىك زاتتۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇشۇ دەرىجىدىن تاشقىرى كائىناتنى ياراتقان.

***2 ـ سىزنىڭ ياراتقۇچىڭىزنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش:***

بۇ ياراتقۇچى سىزنى ۋە سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ياراتقان زاتتۇر.ئۇنداق بولغان ئىكەن سىز ۋە سىز ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر پەقەت ئۇنىڭ مۈلۈكلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.سىز ھەم سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىز ئۇنىڭ قولىدا.ئۇ سىزنى نېمە قىلاي دېسە قىلالايدۇ.سىز ئۆزىڭىز خالىغاننى قىلالمايسىز.شۇڭا ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ باش ئىگىشىڭىز لازىم.مانا مۇشۇ خىل ئەھۋاللار ئۆزىڭىزنىڭ خار

ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ،ئۇنى ياخشى كۆرۈش ،ئۇنىڭدىن قورقۇش . . . لارنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارالماسمۇ؟مانا بۇلار بۇ زاتنىڭ ئاددىي ئىنسانغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

***3 ـ بۇ زاتنىڭ پادىشاھ ۋە غالىب ئىكەنلىكى،ۋە ئۇنىڭ نېئمەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش:***

ـ الله نىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش جەزمەن تۆۋەندىكى ھېس ـ تۇيغۇلارغا ئېلىپ بارىدۇ:

**1)** ـ بىز ھەقىقەتەن دۇنياۋى كۈچلەردىن كاتتا ،چوڭ بولغان كۈچلۈك بىر ھۆكۈمراننىڭ ئاستىدا ياشاۋاتىمىز . بۇ بىز پۈتۈنلەي ئەركىن ئەمەس ،بىز ئەرزىمەس بىر قۇل دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ .مانا بۇ الله قا بويسۇنۇش ۋە باش ئېگىشنى ھېس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ .ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا باش ئېگىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ .

**2)** ـ بىز بەك ئاجىز ھېچ قانداق نەرسىگە ،ھەتتا ئۆزىمىزگىمۇ ئىگە بولالمايمىز . ئۆزىمىزگە ھېچقانداق مەنپەئەت كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايمىز . بىزدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ، ئىرادە ، ئاڭلاش ،كۆرۈش . . . . . . قاتارلىق سۈپەتلەر بىز ئۈچۈن يارىتىلغان سۈپەتلەردۇر . مانا بۇلار الله تائالانى ياخشى كۆرۈش ،ئۇنىڭغا باش ئېگىش ،ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش ، ئۇنىڭدىنلا ئۇمىد قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

**3)** ـ الله نىڭ سىزنى ھەرقانداق خەتەردىن قوغدايدىغان ،سىزگە ھەرقانداق مەنپەئەتنى بېرىدىغان قۇدرىتى بار . شۇڭا سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈسىز . شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ سىزدىن ھەرقانداق نېئمەتلەرنى تارتىۋېلىش ۋە سىزنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش قۇدرىتى بار .شۇڭا سىز ئۇنىڭدىن قورقىسىز .الله نىڭ سىزنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھەققى بار .چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى خالىغانچە بىرتەرەپ قىلالايدۇ .شۇڭا سىز ئۇنى يامان كۆرمەيسىز .ئۇ سىزدىن بىر نەرسىنى ئۇزۇپ قويسىمۇ بەلكى سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈسىز .چۈنكى ئۇنىڭدا سىز ئۈچۈن ياخشىلىق بار .سىز ئۇنى بىلمەيسىز: **«ئېيتقىنكى ، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله !خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن ،خالىغان**

**ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز)سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن.»**(ئالى ئىمران **26** ـ ئايەت) ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «قىيامەت كۈنى دۇنيادا بالايى مۇسىبەتلەردە ئۇچرىغان كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەن ۋاقىتتا،بالايى ـ مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىمىغان كىشىلەر ئۆز تېرىلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن قايچىلانغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قالىدۇ.» (تىرمىزى **2582**)

**4**) ـ خاتىرجەملىك ۋە ئىززەتنى ھېس قىلىش:

سىز ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ كۈچلەرگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ!.ياراتقۇچى الله كۈچ جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈندۇر.لېكىن سىز ئۇنىڭدىن قورقماي ۋاتىسىز.سىز ئۆزىڭىزگە كۈچ ئىشلىتىۋاتقان،ئۇنىڭ كۈچى سىزدىن يۇقىرى بولغانلارغا قاراپ بېقىڭ! لېكىن ياراتقۇچى الله ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ھىيلە ـ مىكرىنى بەرباد قىلالايدىغان زاتتۇر.شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سىزگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتەلمەيدۇ.سىز يەنە دۇنيادىكى ھەربىر پادىشاھ ـ ھۆكۈمرانلارغا نەزەر سېلىپ بېقىڭ! الله بولسا ھەممىدىن ئۇلۇغ پادىشاھتۇر.دېمەك ھەقىقى ئىززەت الله بىلەنلا بولىدۇ.:**«ئاد بولسا زېمىندا(الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى،ئۇلار:«كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى،ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۇلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى.»** (فۇسسىلەت **15** ـ ئايەت)

**«(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان الله بىلەن(ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر.»**(نەھلى **17** ـ ئايەت) ئىنسانىيەت ئىچىدە ھەرخىل قۇۋۋەت ۋە ئېسىل سۈپەتلەر بار.لېكىن بۇلارنى الله ياراتقان.شۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى الله تۇر.

ـ دېمەك،سىزنىڭ ياراتقۇچىڭىز،ئىلاھىڭىز ۋە رەببىڭىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشىڭىز بىلەن بۇلارنى ھەقىقى ھېس قىلىشىڭىز ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر بار.مەسىلە شۇكى بەزىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى ياراتقۇچى،ئىلاھ،رەب دېگەن سۆزلەر ئادەتتىكى ئىش

بولۇپ قالغان.ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىلاھ ۋە ياراتقۇچىنىڭ بولىشى ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ،ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەن.مانا بۇ سۆزلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ تەرەپتىن سۆزلىنىدىغان ئەھمىيىتى ۋە خەتەرلىرى مەۋجۇد ئەمەس.شۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ بىزنىڭ رەببىمىز ۋە ئىلاھىمىز ئىكەنلىكى،ئۇنىڭ كاتتا،كەرىملىك، بۈيۈك،قادىر ۋە بارلىق ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل سۈپەتلىرىنىڭ بارلىقى پەقەت ئىشىنىشتىلا بولۇپ قالغان. لېكىن ھىس ـ تۇيغۇدا بۇ سۆزلەر ئىپادىلەۋاتقان قورقۇش،تەشۋىشلىنىش، بويسۇنۇش.......دېگەنلەر مەۋجۇد ئەمەس.ھەقىقەتەن ياراتقۇچى اللە نىڭ سۈپەتلىرى ئىنساننىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاش ئاددى سۈپەت ئەمەس.بۇ ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى ھەرقانداق تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئالى سۈپەتلەردۇر. ئادەتتىكى سۈپەت ئەمەس. اللە نىڭ سۈپەتلىرى قانداقمۇ ئالى بولمىسۇن؟ اللە نىڭ سىزنى ياسىغاندىكى قۇدرىتىگە قاراپ بېقىڭ!بۇ مۆجىزىلىك،ئاجايىپلىقتا چەكسىز بىر ئىش.نېمە ئۈچۈن سىز يەنىلا اللە تىن قورقۇش، ئەندىشە قىلىش،ئەيمىنىش، بويسۇنۇش،ياخشى كۆرۈش......تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلمايسىز؟. چۈنكى ئىنساننىڭ ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشى ئاددىي بىر ئىنساننىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشقا ئوخشاپ قالغان ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولۇپ قالغان.ئىنسان ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقىنى قەلبىدە ھېس قىلالمىسا،مانا بۇ چوڭ شېرىكنىڭ بىرىدۇر.چۈنكى ئۇ اللە بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىنى باراۋەر قىلىپ قويغان. مۇشرىكلار گۇناھلىرىنى مۇنداق ئىقرار قىلىدۇ:**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق»**(شۇئەرا **98** ـ ئايەت) ئەگەر اللە نىڭ بارلىق ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل سۈپەتلىرىگە پەقەتلا ئىشىنىپلا قويغان بولساق،بىز اللە نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى،ھەيۋىتى،شۇ سۈپەتلەرنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى تەسىرىنى ھېس قىلالماستىن،ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز.(پەقەت ئاڭلاپ قويىمىز، يادلاپ قويىمىز، ئىشىنىپ قويىمىز ـ ت)، ئەگەر ياراتقۇچى اللە نىڭ ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى ئورنى ۋە قۇدرىتى نۆلگە تەڭ بولسا،ۋە ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان پايدا ـ زىيانلارمۇ نۆلگە تەڭ بولسا،بۇنداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەردىن ھېس ـ تۇيغۇلار تەسىر قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا باغلانمايدۇ.

**«ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى، قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي الله نىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ،ئاسمانلار الله نىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ،الله ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.»(زۇمەر 67 ـ ئايەت)**

ـ ئەقىل بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئىشىنىش بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك پەرقلەرنىڭ بولغانلىقىدا:

شۇنىسى تەبىئىيكى،ھېس ـ تۇيغۇلار ئەقلى ئىشىنىشكە باغلانغان بولىدۇ. (ئەقلى ئىشىنىشكە ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدۇ ـ ت).شۇڭلاشقا ياراتقۇچى الله نىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ھېس ـ تۇيغۇدا ئۇنىڭغا بويسۇنۇش،ئۇنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن قورقۇش.......دېگەنلەرنى تەقەززا قىلىدۇ.مانا بۇ بەك روشەن ئىشتۇر. چۈنكى‹خالىق›دېگەن سۆز سىز كۆرەلمەيدىغان،چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بىر زاتنىڭ بارلىقنى چۈشەندۈرىدۇ.سىز ۋە سىز ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلەر شۇ زاتنىڭ مۈلۈكلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىز ئۇنىڭ قولىدا.(ئۇ قانداق خالىسا شۇنداق قىلىدۇ)، مانا مۇشۇلار ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ بەك تۆۋەنلىكى،الله قا موھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش،ئۇنىڭدىن قورقۇش دېگەنلەرنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارالماسمۇ؟ . تەبىئىيكى،مانا مۇشۇ ھېس ـ تۇيغۇلار ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، جەزىم قىلمايدىغان كىشىدە پەقەت مەۋجۇد بولمايدۇ.لېكىن ئىشىنىش بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇد بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن بىز ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان،ھەتتا بۇ ئىشەنچ بەزىدە كەسكىن جەزىم قىلىش دەرىجىسىگىمۇ يېتىدىغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز.لېكىن ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ياراتقۇچىنى ياخشى كۆرۈش،ئۇنىڭغا باش ئىگىش،ئۇنىڭدىن قورقۇش،ئۇنىڭدىنلا ئۈمىد قىلىش...... دېگەنلەر مەۋجۇد بولمايدۇ.بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىكى شۇكى،سىز بۇ كىشىنىڭ الله نى ياخشى كۆرۈش، الله قا باش ئىگىش، ئۇنىڭدىن قورقۇشنى دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.لېكىن سىز ئۇنىڭدىن يۇقىرىقى ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ھەرقانداق بىرىنى ئىپادىلەيدىغان روھى ھالەتلەرنى ئىزدىسىڭىز،ئۇنىڭدا بۇ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ

بىرەر زەررىسىنىمۇ تاپالمايسىز. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىشەنچ بىلەن ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«قەلب كىبرى ۋە ھەسەدكە ئوخشاش ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن ئىبارەت توسۇقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن،ئىمان ئەركانلىرىنى قەلبىدە تەستىقلاش قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى بىر پۈتۈن مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.» الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە پەقەت كىبرى باردۇر.**»(سۈرە غافىر **56** ـ ئايەت)

## ئۈچىنچى پەسىل:الله نىڭ مالىك(پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش

***بىرىنچى:قانداق قىلغاندا الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىگە ھېس قىلغىلى بولىدۇ:***

الله مۇنداق دەيدۇ:«**بۈگۈن پادىشاھلىق كىمنىڭ؟**»(غافىر **16** ـ ئايەت)، «**ئاسمان ـ زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر.**»(فەتھى **14** ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن بۇ زور كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بار.بىر نەرسىنى ياراتقان كىشى چوقۇم ئۇ نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ شۇ نەرسىنىڭ پادىشاھىدۇر. بىزدە بار بولغان مۈلۈكلەرنىڭ ساناقلىرى پەقەتلا دۇنيادا بىزنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇئامىلە قىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر.ئەمىلىيەتتە بىرەرسى ئۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى الله ھەربىر نەرسىنىڭ پادىشاسىدۇر. بەلكى بۇ نەرسىلەر بىر ئامانەت، الله نىڭ مۈلۈكلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ.الله ئۇ نەرسىلەرنى خالىغان ۋاقىتتا بىزدىن قايتۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۆزىنى بىرەر نەرسىگە ھەقىقى ئىگىدارلىق قىلغۇچى دەپ قارايدىكەن،الله قا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ـ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكى مال،تۇرالغۇ،ئايال،بالىلار،مەنسەپ ،ئابروي ۋە بارلىق

نېئمەت ۋە ھەربىر نەرسىلەر ھەتتا سىزنىڭ ئۆزىڭىزمۇ الله ــ تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر. چۈنكى بىر نەرسىنى ياراتقان كىشى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسان قولغا كەلتۈرىدىغان پۈتكۈل ھۆرمەت ــ پەزىلەتلەر ، ئاڭلاش ، كۆرۈش ، ئىرادە قىلىش ، ئەقىل ،كۈچ ــ قۇۋۋەت . . . .دېگەنلەرمۇ شۇنداق. لېكىن ئىنسان ئۆزىدىكى قول ،كۆز ، ئېغىز ،بۇرۇن . . . . . . .قاتارلىق ئەزالارنىڭمۇ الله نىڭ مۈلۈكى ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى الله ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. چۈنكى ئۇنى الله ياراتقان .يۇقىرىقىلار تۆۋەندىكىلەرنى روشەنلەشتۈرىدۇ:

مال ــ دۇنيا الله نىڭ مۈلۈكى :ــ الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**سىلەر الله سىلەرنى ئۇنىڭغا ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن چىقىم قىلىڭلار.**»(ھەدىد 7 ــ ئايەت) ،«**ئۇلارغا الله سىلەرگە بەرگەن الله نىڭ ماللىرىدىن بېرىڭلار.**»(نۇر **33** ــ ئايەت) ، مال دېگەن يېمەك ــ ئىچمەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان . . . . . . ھەرقانداق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر.شۇنىڭدەك مال سىزنىڭ جاپا ۋە تىرىشچانلىقىڭىزدىن ئەمەس ،بەلكى الله نىڭ بېرىشىدىن كېلىدۇ .

ــ ئىنسانلار ياشاۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى زېمىن ،ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانلارنىڭ ماددىسىدىن كېلىدۇ. ئەشۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ مۈلۈكى. بۇلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە سىزنىڭ ھېچقانداق قۇدرىتىڭىز يوق.بەلكى ئۇنى الله بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تەپسىرى تىبرىدا مۇنداق بايان كەلگەن:«الله مۇنداق دەيدۇ: «**الله سىلەرنى ۋە سىلەر قوللىرىڭلار بىلەن ياسىغان نەرسىلەرنى ياراتتى.**» (سافات **96** ــ ئايەت) ماددىلارنى بىر ماددىدىن يەنە بىر ماددىغا ئۆزگەرتىش الله ئىنسانغا بەرگەن خۇسۇسىيەتلەردىن بولۇپ ،الله ئۇنى ئىنسانغا بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ئۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**سەن الله نىڭ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىگە قارىمامسەن؟ .**»(ھەج **65** ــ ئايەت) ، «**الله ئاسمان ــ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. مۇشۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان ،تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن روشەن دەلىللەر بار.**»(جاسىيە **13** ــ ئايەت) ،»كەشىپ قىلىنغان نەرسىلەر زېمىن ماددىلىرىنى بويسۇندۇرۇش

ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ماددىلارمۇ الله نىڭ مۈلۈكى. الله ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. ئىنساننىڭ بىلىمى قانداقمۇ ئۇنى بويسۇندۇرۇپ پايدىلىنالىسۇن؟.ماتورنى ئايلاندۇرۇۋاتقان كۈچ الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ كۈچىدۇر. ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۇنى ئايلاندۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىنسان بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز پەخىر قىلمىسۇن!.

ـ بەدەندىكى كۈچمۇ ھەم الله بەرگەن كۈچتۇر.سىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت سەۋەبلىرىنى قىلغانلىقىڭىز سىزنىڭ مۇشۇ كۈچىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇرمايدۇ. ياكى سىزنىڭ ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆزىڭىز پەيدا قىلغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇرمايدۇ. بەدەنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى كۈچكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر الله نىڭ بۇيرۇقى ئارقىلىق بولىدۇ.ئىنسان ئېرىشكەن بارلىق ھۆرمەت ،ئارتۇقچىلىق ،ئاڭلاش ، كۆرۈش ،ئىرادە ، ئەقىل ۋە قۇدرەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

ـ يۈز ئابروي ۋە مەنسەپلەرمۇ الله نىڭ مۈلۈكى :ـ مەنسەپ يۈز ئابرۇي دېگەنلەرمۇ خۇددى مال ـ دۇنياغا ئوخشاشلا الله نىڭ مۈلۈكىدۇر .ئۇ ھەرگىزمۇ سىزنىڭ جاپا تارتىشىڭىز ،تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەمەس.

ـ ئائىلە:ـ ئائىلىنى ئۇلۇغ نام ،شەرەپ ۋە يۈز ـ ئابرويغا ئىگە قىلىدىغان نەرسە شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنسەپ ،مال ـ دۇنيا ۋە باشقا مۈلۈكلىرىدۇر. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا الله تائالانىڭ مۈلۈكى .قىيامەت كۈنىسىدە بىر ئىنسان ئۆز قېرىندىشى ، ئانىسى ،دادىسى ،ئايالى......بارلىق كىشىلەردىن قاچىدۇ:«**بۇ كۈندە ئىنسان ئۆز قېرىندىشى ،ئانىسى ،دادىسى ، ئايالى ۋە باللىرىدىن قاچىدۇ....**»(ئەبەسە **34 ـ 36** ـ ئايەتلەر) ھەرقانداق كىشى قىيامەت كۈندە بىرەرسىنىڭ ئۆزگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلسە ،ئۇ كىشىلەرنى قويۇپ ئۆزىنىڭ الله بىلەن بىرگە بولغان ھالىتىگە مەشغۇل بولىدۇ ـ دە كىشىلەر ئارىسىدا غېرىب ـ بىچارە ھالدا ياشايدۇ.بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:«سەن دۇنيادا غېرىب مۇساپىردەك بولغىن.»(سەھىھلەر توپلىمى **1157**)

ـ يالغۇز بىر الله لا بارلىق رەھمەتنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:«الله رەھمەتنى يۈز قىسىمغا بۆلۈپ ،ئۆز دەرگاھىدا توقسان توققۇزنى قالدۇرۇپ ، پەقەت بىر بۆلۈكىنى زېمىنغا چۈشۈردى.ئەشۇ بىر بۆلىكى ئارقىلىق كىشىلەر بىر ـ بىرىگە

سىيلە رەھىم قىلىدۇ .ھەتتاكى ھايۋانلارمۇ ئۆز بالىلىرىغا مۇسىبەت يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ پۇتىنى كۆتۈرىۋالىدۇ .» ( مۇسلىم **7148** )

ـ ئىلىمنىڭمۇ ئىگىسى الله تۇر. الله  بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ«**الله  ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ.سىلەر ھېچ نەرسىنى بىلمەيسىلەر.**»(بەقەرە **216** ـ ئايەت) ، «**الله سىلەرنى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلاردا ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن چىقاردى.**» (نەھل **78** ـ ئايەت)

ـ ھۆرمەت ،باتۇرلۇقتا ئوخشاش ئەخلاقى سۈپەتلەرمۇ الله نىڭ نېئمەتلىرىدىندۇر. ئۇ بۇندىن بۇرۇن يوق ئىدى.

### *ئىككىنچى: ـ الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:*

ـ الله  ھەقىقى مالىك ،ئىنسان ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ ،دېگەنلىك ئىنسان ھامان ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان ھەرقانداق نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ،بارلىق نەرسىلەرنى الله قا قايتۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر.بۇ ئىنسانغا بەك ئېغىر كېلىدۇ.چۈنكى بۇ نەرسىلەردە ئىنسان ئۈچۈن مەنپەئەتلەر بار.شۇنىڭدەك ھەربىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ دېگەنلىك ، سېنىڭ روھىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان زاتنىڭ ئالدىدا ناھايىتى تۆۋەنلىك **بىلەن** ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشنىڭ كېرەك دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ.

ـ ئىنساننىڭ نەپسى ـ خاھىشى ۋەيران بولۇشقا رازى بولمايدۇ.بەلكى ئۇ  پادىشاھ بولۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. بىرەرسىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ ،ئۆزىدىن ئارتۇق بولىشىنى خالىمايدۇ. خارلىق نەپسى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر.شۇڭا نەپسى ـ خاھىش رۇكۇ، سەجدە قىلىشقا ئۇنىمايدۇ.

ـ ئىنسان مۇشۇ نېئمەتلەرنى ئۆزى توپلىغان ،شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ نەپسىگە بويسۇنۇشى كېرەك ،دەپ ئويلايدۇ. الله  بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ئېيتىپ باقساڭچۇ؟نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە(نەفسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن)ھامىي بولالامسەن.**»(فۇرقان **43** ـ ئايەت)

«**(ئى مۇھەممەد!)ماڭا نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ،الله ئازدۇرغان ، (ھەقنى)**

**بىلىپ تۇرغان ،الله قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن ،الله ئازدۇرغاندىن كىيىن ،ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر(بۇلاردىن)ۋەز ـ نەسىھەت ئالامسىلەر»(جاسىيە 23 ـ ئايەت)**

ـ ئىنسان نېئمەتنىڭ ئىگىسى ئەمەس .ئۇ نېئمەتلەرنى ئۆزىگە ئىنئام قىلغانمۇ ئەمەس .ئىنسان بەزىدە ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ،جاپا ـ مۇشەققەت ، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خۇددى قارۇن ئېيتقاندەك بۇ نېئمەتلەرنى ئۆزى تاپقان دەپ ئويلايدۇ:«**قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن ،بۇ بايلىققا ئېرىشتىم .»دېدى .»**(قەسەس 78 ـ ئايەت) مال ،تۇرالغۇ ،خىزمەت ،يۈز ـ ئابرۇي ، ھوقۇق . . . . . .دېگەن نەرسىلەرنى ئىنسان ئۆزىنىڭ مۈلۈكى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق دەپ قارايدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەندە مال ـ دۇنيا ، تۇرالغۇ ،ئايال ،بالىلار ،يۈز ـ ئابرۇي ،ھوقۇق ياكى كۆز ،قۇلاق ،ساغلاملىققا . . . .ئوخشاش نېئمەتلەرنى تەرك ئېتىشنى خالىمايدۇ .شۇ سەۋەبتىن ئۇ شۇلارنى ئۆزىنىڭ مۈلۈكى بىرەرسىنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىش ھەققى يوق ،دەپ قارايدۇ .شۇڭا ئۆلگەندە ئۇنىڭ روھى مۇشۇ نېئمەتلەرگە باغلانغانلىقى ئۈچۈن بەك تەستە چىقىدۇ .ئۆز روھىنى ئېلىپ كېتىدىغان كىشىنى(ئۆلۈم پەرىشتىسىنى)يامان كۆرىدۇ . چۈنكى ئۇ مانا مۇشۇ نېئمەتلەرنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكى ،ئۇنى الله تائالادىن ئارىيەتكە ئالغانلىقىنى ، ئۇنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قايتۇرىۋالغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ .

ـ ئىنسان ئۆزىدىكى روھىنى ئاددىي بىر ئىش ،بۇ روھ ئۆزىنىڭ مۈلۈكى ،بۇ روھ ئۆزىگىلا خاس ،دەپ ئويلايدۇ .

ـ ئىنسان الله نىڭ ياردىمىسىز ئاڭلاشقا ،كۆرۈشكە ئىگە بولالمايدۇ . الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى ،«سىلەرگە ئاسماندىن(يامغۇر ياغدۇرۇپ)زېمىندىن(گىياھ ئۈندۈرۈپ)كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ئۆلۈك شەيئىلەرنى ،تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟(خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟»ئۇلار(بۇلارغا جاۋابەن):«الله »دەيدۇ .ئېيتقىنكى ،«(الله تىن غەيرىگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن)قورقمامسىلەر؟»**(يۇنۇس 31 ـ ئايەت)

***الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ تەسىرلىرى:***

ــ الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىن قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇش پەيدا بولىدۇ.

ــ الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى نېئمەتلەردىن ئايرىلىپ قالغاندا سەۋرى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ نېئمەتلەر ئۆزىنىڭ مۈلۈكى ۋە ھەققى ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇ ئىنساننىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسان ئۇچۈن الله بەرگەن كۈچ ــ قۇۋۋەتتىن باشقا كۈچ ــ قۇۋۋەت مەۋجۇد ئەمەس.

ــ سېنىڭ ھەممە نەرسىنى ئارىيەت ئالغانلىقىڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ باشقا بىرىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىشىڭ الله نىڭ ھەربىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە، ئۆزۈڭنىڭ الله نىڭ مۈلۈكىنىڭ بىرقىسمى ئىكەنلىكىڭگە، الله نىڭ ئەمرى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىڭغا، الله نىڭ ئالدىدا خار ۋە ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىڭگە رازى بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

***ھېس ــ تۇيغۇلارنىمۇ الله ياراتقان:***

ــ لەززەت، مەنپەئەت ۋە سائادەتلەرنى ياكى ئەلەم، سقىلىش، ۋە ئازابلارنى ھېس قىلىش مېڭىدە پەيدا بولغان نېرۋىلارنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن ئىنسان ئەلەمنى ھېس قىلىدۇ. الله بولسا مۇشۇ يول، مۇشۇ ئۇسكۇنىنى ياسىغۇچى زاتتۇر. شۇنىڭدەك الله ئەگەر خالاپ قالسا سېنى بۇ يوللارسىز، سەۋەبلەرسىز سائادەتنى ھېس قىلدۇرۇشقا قادىر. كىشىلەر شەھۋەتكە ئۇنىڭدا بىر ھېسسىي لەززەتنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىرىشىدۇ. چۈنكى الله سىزگە لەززەتنى ھېس قىلىشىڭىز ئۈچۈن مېڭىدىكى مانا مۇشۇ ئىنكاسلارنى يارىتىپ بەرگەن. مانا بۇ الله قا بويسۇنۇش، باش ئەگىش، الله قا تەۋەككۈل قىلىشنى ھېس قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى پۈتكۈل سائادەت الله نىڭ قولىدا. الله پۈتكۈل سائادەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. الله ئۇ سائادەتنى پەقەت مۆمىنلەرگە بېرىدۇ. چۈنكى ھەقىقى سائادەت دېگەن روھى خۇشاللىقتۇر. بۇ خۇشاللىق پەقەت مۆئمىنگىلا خاس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«**كىمكى مېنى ئەسلەشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى جاپا ــ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتىدۇ.**»(تاھا **124** ــ ئايەت)، زېمىن

پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى قانداق بولىۋاتىدۇ؟ .نۇرغۇن زېمىن ۋە مال ـ دۇنيالار ئۇلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ ،ئۇلار يەنىلا جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ! . شۇ سەۋەبتىن الله نى ھەقىقى تونۇغانلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: ئەگەر پادىشاھلار بىزدىكى روھى خۇشاللىقلارنى بىلگەن بولسا ،شۇ خۇشاللىقتا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىچلار بىلەن بىزگە ئۇرۇش ئاچقان بولاتتى. الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئىمان ئېيتقان ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان كىشىلەر ئۈچۈن خاتىرجەملىك بار.ئۇلار ھەقىقى توغرا يول تاپقۇچىلاردۇر.»** (ئەنئام **82** ـ ئايەت)

## تۆتىنچى پەسىل:الله نىڭ ئەزىز ،ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش

***بىرىنچى:الله غالىب دېگەننىڭ مەنىسى.*** الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئىززەت ، غەلىبە الله قا خاستۇر.»**(فاتىر **10** ـ ئايەت) ،ئىنسان ئۆزىدىكى مال ،يۈز ـ ئابرۇي ياكى ھوقۇق . . . . .لار بىلەن پەخىرلىنىۋاتىدۇ .ۋەھالەنكى الله پۈتكۈل نېئمەتلەرنىڭ ئىگىسى ، شۇڭا الله ئەزىز ،ئىنسانلار بولسا خار .ئىنسان ئۆزىنى ئۆزىدىكى مال ـ دۇنيا ، يۈز ـ ئابرۇي ، ھوقۇق . . . . .دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن باي دەپ ئويلاۋاتىدۇ .ۋەھالەنكى الله تائالا بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىگىسى .شۇڭا الله باي ،ھەممىدىن بىھاجەت ، ئىنسانلار بولسا نامرات ،الله قا موھتاجدۇر .ئىنسان ئۆزىدىكى مال ـ دۇنيا ،يۈز ـ ئابرۇي ، ھوقۇق . . . . .دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن چوڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ .ۋەھالەنكى الله بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىگىسى ،شۇڭا الله ھەممىدىن بۈيۈك ،پۈتكۈل كىشىلەر بولسا الله نىڭ ئالدىدا الله قا موھتاج بولغان ، ئەرزىمەس كىچىككىنە قۇلدۇر .ئىنسان مەنپەئەتلىنىۋاتقان ھەربىر نەرسە ئىنسانغا نىسبەتەن بىر نېئمەت ،الله بۇ بارلىق نېئمەتلەرنىڭ ئىگىسى .ئۇنداق بولغان ئىكەن ،الله تىن باشقىسى پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ .پەقەت الله لا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ . ئىنسان ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان نەرسە بىلەن پەخىرلىنىدۇ . ۋەھالەنكى پەقەت الله لا ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلەيدۇ .دېمەك ئىنسان پەقەت الله ۋە ئۇنىڭ دىنى بىلەنلا

پەخىرلەنسۇن! .ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۆزىدە مۆئمىننىڭ ئىززىتى توغرىسىدا روشەن بايانلار بار:«بىز شۇنداق بىر كىشىلەركى الله بىزنى ئىسلام ئارقىلىق ئىززەتلىك قىلدى. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن باشقىسىدىن ئىززەت ئىزدەيدىكەنمىز ،الله بىزنى خار قىلىۋېتىدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ الله بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك! .ئىنسان ئېتىبار بەرمەكچى بولسا الله نى ياخشى كۆرۈش، ئۇلۇغلاش ئارقىلىق الله قا باغلانغان دەپ قارىغان ئىنسانغا قارىسۇن، گەرچە ئۇ مال ــ دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە ئىگە بولالمىغان تەقدىردىمۇ! .لېكىن ئىنسانلار ئۇلارغا الله تىن الله نى ئۇلۇغلىماسلىق ،ھۆرمەت قىلماسلىق بىلەن يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئاشكارا بولغان مال ــ دۇنيا ۋە يۈز ــ ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە تەلپۈنۈۋاتىدۇ.لېكىن ھېچقانداق قۇدرەت ،قابىلىيەت، ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان ئاددىي ئىنسانغا بولسا ــ گەرچە بۇ ئاددىي ئىنسان پۈتۈن قەلبى بىلەن الله قا يۈزلەنگەن ،ئاخىرەت ئۈچۈن ياشاۋاتقان بولسىمۇ ــ مەغرۇرلۇق بىلەن قارايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزى دىنى بىلەن ئىززەت ھېس قىلالىسا ئاندىن ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللەر ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ــ شۈبھىسىزكى غالىب دېگەن ــ سىز ئۇنىڭدىن ئىززىتىڭىزنى تېپىش ئۈچۈن پەخرى ۋە ئىززەت تەلەپ قىلىدىغان كىشىدۇر.بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىززەت ۋە پەخرىنى ئۆزىدە بار بولغان مال ــ دۇنيا ،يۈز ــ ئابرۇي ،ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئىزدەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

ــ ئىنسان ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى مۇمكىن (يەنى ئۆزىنى غالىب ساناش ياكى ھۆرمەتلىك ساناش ياكى كىبىر بىلەن) . لېكىن ئىنساننىڭ ئۆزى ئەزەلدىن الله نىڭ مۈلۈكى .شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن پەخىرلەنمەسلىكى كېرەككى پەقەتلا الله بىلەنلا پەخىرلىنىشى لازىم .ئۆزى ئۈچۈن غەزەپلەنمەسلىكى ،ئۆزى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلماسلىقى ،پەقەت الله ئۈچۈنلا غەزەپلىنىپ، الله ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ھەقىقى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولىدۇ.مانا بۇ خىل روھ ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.ئىنسانلار بەزىدە ماكان ياكى ۋەتەن ياكى ئۆزى

ياشاۋاتقان زامان . . . . . قاتارلىقلار بىلەن پەخىرلىنىپ قىلىشى مۇمكىن .لېكىن زامان ۋە ماكان الله تائالانىڭ مەخلۇقى ۋە مۈلۈكىدۇر .بەزىدە ئىنسان دوستلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ قىلىشى مۇمكىن .لېكىن دوستلۇق الله تائالا تەرىپىدىن بولغان نېئمەت ۋە الله نىڭ مۈلۈكىدۇر .الله ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسىدۇر .دېمەك ئىنسان الله بىلەنلا تەسكىنلىك تېپىشى كېرەك .بەزىدە ئاياللار ئۆزىنىڭ چىرايلىق جامالى بىلەن پەخىرلىنىپ قىلىشى مۇمكىن .لېكىن جامال دېگەن الله نىڭ مۈلۈكى ۋە الله تەرىپىدىن بولغان بىر نېئمەت ۋە رىزىقتۇر .دېمەك ئىنساننىڭ ئۆزى ھەقىقى ئىگە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن پەخىرلىنىشى بىر بىمەنە ئىشتۇر . بەزىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى ،ساغلاملىقى ياكى ئۆزى ياسىغان تېخنىكا ۋە كەشپىياتلار بىلەن پەخىرلىنىشى مۇمكىن .لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ مۈلۈكى .(الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش دېگەن بابقا قاراڭ)

***ئىككىنچى:الله نىڭ غالىب ،ئەزىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش***

الله نىڭ ئەزىز ،غالىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىنساننىڭ خار ۋە بويسۇنغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا يېتەكلەيدۇ .خارلىق ،بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇش بولسا ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشتۇر .«**ئىززەت ،غەلىبە الله قا خاستۇر .**»(فاتىر **10** ـ ئايەت)شۇنىڭ بىلەن ئىنسان الله ئالدىدىلا خار بولىدۇ .الله تىن باشقا ھەرقانداق بىرىنىڭ ئالدىدا خار بولمايدۇ .مانا بۇ الله بىلەن پەخىرلىنىشنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ (چۈنكى سىزنىڭ خوجايىنىڭىزنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى ۋە ئىززىتى سىزنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىڭىز ۋە ئىززىتىڭىزدۇر .) . غالىبلىق ۋە ئىززەتنى ھېس قىلىش دېگەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تاپالايدىغان ،ئۆنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلالايدىغان ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۈستۈن بولالايدىغان نەرسىگە ئۆزىنى نىسبەت بېرىش ۋە تەۋە بولۇشنى ھېس قىلىشتۇر . ئەگەر ئىنسان الله تىن باشقىسىنىڭ مەنپەئەت ،زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا ،پەقەت الله نىڭلا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ،زىيان يەتكۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ .شۇنىڭ بىلەن الله تىن باشقىسىغا ھەرگىزمۇ پاناھلانمايدۇ ،يۆلەنمەيدۇ ۋە ئۆزىنى تەۋە قىلمايدۇ(تەۋە بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ ـ ت) .مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ الله بىلەن پەخىرلىنىشنى ھېس قىلالايدۇ .الله بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ،ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى

قولغا كەلتۈرۈشنى مال ـ دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىغاندا بەكراق ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى تونۇغان.ئاخىرەتنى ۋە ئاخىرەتنىڭ خەتەرلىرىنى ھېس قىلغان.

## بەشىنچى پەسىل:الله قا بويسۇنۇش ۋە ئىگىلىشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى

***ـ بويسۇنۇشنىڭ مەنىسى:***

بويسۇنۇش ۋە ئىگىلىش دېگەن ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ رۇكۇ( ئىگىلىشى) ۋە سەجدىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەنىسىدۇر.بويسۇنۇش( يەنى تەسلىم بولۇش)نى نەپس ۋە شۇ نەپس ئىگە بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان الله  سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا تەسلىم بولۇشى مەنىسىدىكى ئىسلام (بويسۇنۇش)دېگەن سۆزدىن تۈرلەپ چىقىرىش مۇمكىن. يەنى ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى،ئۇلارنىڭ ھەقىقى خوجايىنى بولغان الله قا نىسبەت بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شۇ نەرسىلەرگە بولغان ئىگدارچىلىقىنىڭ ھەقىقى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ،ئىنسان روھىغا نىسبەتەن ئېغىر كېلىدىغان ھېس ـ تۇيغۇدۇر.سىز الله  تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلىرىڭىزدا مەغلۇپ ۋە بويسۇنغۇچىدۇرسىز.لېكىن الله  ئۆزى ئىشلىرىدا مۇتلەق غالىبتۇر . بويسۇنۇش ۋە خارلىقنىڭ مەنىسى بولسا ـ سىز پەقەت الله نىڭ بەرگىنىگە تايانغان ھالدا ياشايسىز.ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆلۈپ كېتىسىز. الله نىڭ بەرگىنىگە خار ۋە موھتاج بولغان ھالدا ياشايسىز.الله نىڭ ئاتاسىسىز ۋە نېئمەتلىرىسىز سىز ھەتتا نەپەسلىنىشكىمۇ قادىر ئەمەسسىز.تىنىق ۋە ھاۋامۇ نېئمەتتۇر ،دېگەنلىكتۇر.سىز الله نىڭ ئېھسانىنىڭ قۇلى،الله نىڭ سېخىلىقىغا باش ئەككۇچى.خۇددى ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلى دېگەندەك.

***ـ باش ئېگىش ۋە  بويسۇنۇشنىڭ روھى ھالەتلىرى:***

الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشنى پەيدا

قىلىدۇ.ئىنساننىڭ ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەردىن ھەتتا ئۆز تېنىدىنمۇ قۇرۇق قېلىشىنىڭ مەنىسى ــ خۇددى ئىنساننىڭ غەسسالنىڭ قولىدىكى ئۆلۈككە ئوخشاش بولىشى دېگەنلىكتۇر.ۋەھالەنكى غەسسال مېيىتنى ئۆزى خالىغانچە يۆتكەيدۇ.دېمەك ئىنسان الله نىڭ ئالدىدا خۇددى ئۆلۈككە ئوخشايدۇكى،الله ئۇنى نېمىنى خالىسا شۇنداق قىلالايدۇ.(مانا بۇ الله قا تەۋەككۈل قىلىشنى ھېس قىلىشنىڭ مەنبەسىدۇر)،سىزنىڭ بۇخىل روھى ھالەتنى ھېس قىلغانلىقىڭىز بويسۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋەككۈل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.ئەگەر سىز الله قا بويسۇنغانلىقىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغانلىقىڭىزنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىڭىز، دەپ بېقىڭە! سىزدىكى بۇ خىل روھى ھالەتلەر قېنى؟.

ــ ئىنسان ئۆزىدىن باشقىسى ئۈچۈن ياشاشقا قادىر بولالامدۇ؟.يەنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقا بىرىگە تەۋە بولۇپ ياشىيالامدۇ؟.بويسۇنۇش دېگەننىڭ مەنىسى سىزنىڭ سىزدىن باشقا بىرى ئۈچۈن ياشىشىڭىزدۇر.سىز سىزدىن باشقا بىر ھۆكۈمران ۋە باشقۇرۇشنىڭ ئاستىدا ياشايسىز ۋە ئەشۇ بويسۇنۇش،باش ئىگىش ۋە خارلىقنى قوبۇل قىلىسىز دېگەنلىكتۇر. مۇسۇلمان دېگەن پەقەت الله ئۈچۈن ياشايدۇ.ھەتتا الله ئۈچۈن ئۆلىدۇ.«(ئى مۇھەممەد!ئېيتقىنكى،«مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم،ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ــ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر.»( ئەنئام 162 ــ ئايەت)

ــ سىز خوجايىنىڭىز ئۆيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر خىزمەتچىگە قاراپ بېقىڭ!. مانا بۇ خىزمەتچى ھېس قىلىۋاتقان روھى ھالەت دەل بىز دەۋاتقان بويسۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سىز الله قا بويسۇنىدىغانلىقىڭىزنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزدىكى بۇ خىل روھى ھالەت قېنى؟.

ــ سىز كىشىلەردىن نەرسە سورايدىغان يوقسۇل پېقىر بىر كىشىگە قاراپ بېقىڭ!.ئۇ نېمىنى ھېس قىلار؟. شۈبھىسىزكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىنئامى ئۈچۈن، ئۇلارغا نىسبەتەن بويسۇنۇش،خارلىق ۋە ھاجەتمەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.مانا بۇ كىشىدىكى روھى ھالەت بويسۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ.ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ الله قا بويسۇنىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلسىڭىز. ئۇنداقتا سىزدە بۇ خىل روھى ھالەت بارمۇ؟.سىز بۇ كىشى ئۆزىگە بىر

نەرسە بېرىۋاتقان كىشىلەرگە بىر خىل مۇھەببەت بىلەن تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. (مۇھەببەت بىلەن بويسۇنۇش ئايرىلماس ھېس ـ تۇيغۇلاركى،بۇ ئىككىسى ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئەسلى يىلتىزى ۋە الله بىزنى ياراتقان مەقسەتنىڭ ئاساسىدۇر.)بۇ پېقىر كىشى باشقا كىشىلەرنىڭ مال ئىنئام قىلىشىغا ھاجەتمەن بولغان بولسا ۋە شۇ ماللارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن بولسا،ئېيتىڭچۇ! الله نىڭ سىزگە كۆز،نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا ۋە ھېسابلاپ بولالمايدىغان نېئمەتلەرنى بەرگەنلىكىگە نېمە دەيسىز؟. (مانا بۇيەردىكى مۇشكۇلات شۇكى،بىز الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ھېس قىلالمايۋاتىمىز.)

ـ يەنە بىر مىسال:ئۆتمۈش زاماندىكىدەك سىزنىڭ قۇل بازىرىدىكى سودىگىزنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.سىز بۇ چاغدا خوجايىنىڭىز ئۈچۈن خىزمەتكار ۋە قۇلغا ئايلانغان بولىسىز.سىز بۈگۈنكىدەك ھۆر زاماندا مۇشۇنداق ئەھۋالنى،سىز ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولۇپ قېلىشنى،سىزگە سىزدىن باشقا بىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى قوبۇل قىلالامسىز؟.پۈتۈن ھاياتىڭىزدا مۇشۇ خىل بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولغان روھى ھالەتكە بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟.ۋەھالەنكى سىز بۇنىڭدىنمۇ قىيىن بولغان بىر ئىشنى ـ يەنى سىز سىزنىڭ خوجايىنىڭىز ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئىگىڭىزگە قۇل بولۇشنى ـ دەۋا قىلىۋاتىسىز.لېكىن سىز نېمە ئۈچۈن سىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىشىنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا ئىكەنلىكىڭىزنى،سىزنىڭ باش ئىگىش ۋە بويسۇنۇشنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلمايسىز؟. ئەگەر بۇلارنى ھېس قىلغان بولسىڭىز سىز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قەھر قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان،نېئمەتلىرىگە موھتاج بولغان كىشى بويسۇنغاندەك بويسۇنغان، ئۇنىڭ سىزگە ئىنئاملىرىنى ئايىماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى خار تۇتقان بولاتتىڭىز.خۇددى قەلەندەر كىشىلەردىن نەرسە تىلىگەن ۋاقتتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قولىنى سوزغاندەك سىز الله نىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن بېشىڭىزنى ساڭگىلىتىپ، قولىڭىزنى سوزۇپ باقتىڭىزمۇ؟ (مانا بۇلار پەقەت دۇئالاردىلا ئەمەس،بەلكى سىزنىڭ بارلىق ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر دەقىقلىرىدىكى ھېس تۇيغۇلىرىڭىزدا بولىشى كېرەك).

ئۇنداقتا سىزدىكى بۇ خىل بويسۇنۇشنى ئىپادىلەيدىغان روھى ھالەت قەيەردە؟

ــ سىز سىزگە قورال تەڭلەپ ،سىزدىن تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان بىر كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ . سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھېس ـ تۇيغۇڭىز قانداق بولار؟مانا بۇ ھېس ـ تۇيغۇ مەغلۇبىيەت ،بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇش ھېس ـ تۇيغۇسىدۇر .شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە سىز ھېس قىلىۋاتقان روھى ھالەتمۇ دەل بويسۇنۇش ۋە باش ئىگىش دەپ ئاتىلىدۇ .ئەگەر سىز اللهقا بويسۇنىدىغانلىقىڭىزنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىڭىز ،سىزدە بۇخىل روھى ھالەت مەۋجۇدمۇ؟ ۋەھالەنكى الله جەببار(ھەر نەرسىنى ئۆزى خالىغان ئىشقا مەجبۇر قىلالىغۇچى) ،مۇنتەقىم(قاتتىق ئىنتىقام ئالغۇچى) ،ھەممىدىن كاتتا ،ئازابى قاتتىق ، ھېساب ئېلىشى ناھايىتى تېز بولغان زاتتۇر.

ــ سىز زور كۈچكە ئىگە بولغان ،سىزگە ھۆكۈم قىلالايدىغان ،سىزنىڭ روھىڭىزنى ئېلىپ كېتەلەيدىغان بىر كىشىنى ياكى بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ .سىز ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغان ياكى ئۇ سىزنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتا سىز نېمىلەرنى ھېس قىلىسىز؟ .ھەقىقەتەن الله قەھرى قىلغۇچى، جەببار زاتتۇركى ،پات يېقىندا سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئالىدۇ .سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز .(ئۇ الله ئۆلتۈرگۈچىدۇر) ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ .سىز ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىش ،ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالمايسىز .شۇنداق تۇرۇقلۇق سىز يۇقىرىقىدەك ھېس ـ تۇيغۇنى تاپالمايۋاتىسىز؟ .ھەتتاكى الله سىزنى ھەركۈنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، تىرىلدۈرىۋاتىدۇ . سىز ئۇخلاۋاتقاندا سىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭىز نەگە كەتكەن؟ . نېمە ئۈچۈن ھەركۈنى ،ھەر دەقىقىدە سىزنى ھەرنېمە قىلىشقا قادىر بولىۋاتقان ،سىزنى باشقۇرىۋاتقان زاتقا تەسلىم بولۇشنى ھېس قىلمايسىز؟ .يەنە نېمە ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەبەدىي بىر ھاياتقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلمايسىز؟ . سىزنى ھەركۈنى تىرىلدۈرىۋاتقان زات پات يېقىندا قىيامەت كۈنىدە تىرىلدۈرىدۇ. سىزنى ھەركۈنى ئۆلتۈرىۋاتقان زات پات يېقىندا سىزنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە سىزدىن بارلىق نەرسىلەرنى تارتىۋالىدۇ .نېمە ئۈچۈن سىز الله قا بويسۇنمايسىز ، باش ئەگمەيسىز؟ . **«ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا ،الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ ،ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى**

**ئەجىلى يەتكەنلەر)نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قىلىپ،قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە(يەنى ئەجىلى يەتكۈچە)قويۇپ بىرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن(الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)نۇرغۇن ئالامەتلەر بار»**(زۇمەر **42** ـ ئايەت)

ـ بويسۇنۇش دېگەن ـ سىزنىڭ نەپسىڭىز بۇيرۇغان،ئەقلىڭىز ۋە ئىرادىڭىز مايىل بولغان نەرسىگە بويسۇنۇش ئەمەسلىكىنى،بويسۇنۇشنىڭ پەقەت سىز ئۇنىڭ قۇلى ۋە خىزمەتكارى بولغان خوجايىنىڭىزنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇنلىشىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىزدۇر.

ـ ئەگەر سىز بويسۇنۇشنى ھېس قىلمىغان بولسىڭىز،بۇ دېگەنلىك چوقۇم سىزنىڭ بىر كاتتا ئىلاھ ۋە رەببىڭىزنىڭ بارلىقىنى،ۋە بۇ ئىلاھنىڭ ھەممىنىڭ ئىگىسى،ھەممىدىن غالىب ،قەھرى قىلغۇچى،نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھېس قىلغانلىقىڭىزنىڭ ھەممىسى گەرچە ئىشىنىشتە ئەمەللەشكەن بولسىمۇ،سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا ھەقىقى ئەمەللەشمىگەن بولىدۇ.چۈنكى بۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇدا ئەمەللەشكەنلىكى بويسۇنۇشنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

***ـ بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ شەرتلىرى:***

بىر كىشىنىڭ يېنىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان،ياكى خوجايىنىغا قۇل بولۇپ تۇرىۋاتقان كىشىدە بويسۇنۇش ھېس ـ تۇيغۇسى داۋاملىشىپ تۇرغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك الله قا بويسۇنۇش تۇيغۇسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.(الله ھەمىشە مەۋجۇد بولغان ئىكەن)،سىز ئۆزىڭىزنىڭ خار،بويسۇنغۇچى،ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ۋە ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكىڭىزنى ھەمىشە ھېس قىلىپ تۇرىسىز.

## ئالتىنچى پەسىل:الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش

الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرى : ئەررازززاق ، ئەلۋاھھاب ، ئەلۋەكىل ، ئەلكەفىل . . . . قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

***بىرىنچى:الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش قانداق ئەمەللىشىدۇ***

ـ بىز يۇقىرىقى بابلاردا ئىنسانىنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ، الله نىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغان ئىدۇق .ئىنساننىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكى ۋە ئىگىلىكى ،ھەتتا ئۆزىمۇ الله نىڭ مۈلۈكىدۇر .الله ياراتقان ھەربىر نەرسە ئىنسان ئۈچۈن نېئمەتتۇر.الله ئاسمان ـ زېمىنلارنى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى . نېئمەت دېگەن ئىنسان ئۈچۈن پايدا ۋە مەنپەئەت بولغان نەرسىدۇر . بىز يەنە ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىرەر پايدا ـ مەنپەئەتنى كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ، نېئمەت ۋە مەنپەئەت بەرگۈچىنىڭ پەقەت الله ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق .دېمەك ئىنئام سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى الله قا خاسكى ،ئۇنىڭدىن باشقىسى مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ .

ـ بەندە بىلەن رەب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق:بەندىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن رەبنىڭ سېخىيلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى الله ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىدە سېخىيلىق قىلىدۇ.بەندە بولسا ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.(بەندە ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئىگە بولالمىغان ئىكەن ،ئۇنىڭ ھەقىقى سېخى بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .)

***ئىككىنچى:الله ئىنئام سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلار:***

الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى ،الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشتۇر. ئىنسان الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلالمىغان بولسا ،بۇ دېگەنلىك بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ رەببى بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (رەب سۆزى الله نىڭ ئىنئام سۈپەتلىرىنى ، مالىك ،قەھھار ،خالىق ۋە ئەزىز قاتارلىق روبۇبىيەت سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ) .مانا بۇيەردە ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ بىر پەرۋەردىگارى بارلىقىغا ئىشىنىش بىلەن ھېس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تونۇۋالالايمىز.ئىنساننىڭ الله نى ياخشى كۆرۈشى ھەرقانداق بىر

نەرسىنى ياخشى كۆرۈشىدىن ئارتۇق بولىشى كېرەك.**«بەزى ئادەملەر الله دىن غەيرىلەرنى الله قا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆئمىنلەرنىڭ ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ(يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ).مۆئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر.»**(بەقەرە **165** ـ ئايەتتىن)،**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ئاللەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش كۆرەتتۇق.»**(شۇئەرا **98** ـ ئايەتتىن)، شۇنىڭدەك الله نىڭ ئىنئام سۇپەتلىرىنى ھېس قىلىشتىن الله قا تەۋەككۇل قىلىش پەيدا بولىدۇ.چۈنكى الله رىزىق بەرگۈچى،كەرىم(سېخى)،ۋاھھاب(بەك بەرگۈچى) زاتكى، ئۇنىڭ باشقا ھېچبىرى رىزىق بېرەلمەيدۇ،مەنپەئەت ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

***ئۇچىنچى:الله نىڭ ئىنئام سۇپەتلىرىنى ھېس قىلىشنىڭ تەسىرلىرى:***

ـ سىز مۇشۇ نېئمەتلەرنىڭ سىزنىڭ مۇلۈكىڭىز ئەمەسلىكىنى،ئۇنىڭ پەقەت سىزگە مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا بۇ ئىنئام سۈپەتلىرىنىڭ الله قا خاس ئىكەنلىكىگە رازى بولىسىز.

ـ الله نىڭ رىزىق بەرگۈچى،مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى الله نىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ رىزقىنىڭ ۋە ئەجىلىنىڭ الله نىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ،ھەق توغرىسىدا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان شجائەتلىك ئەركەككە ئايلىنىدۇ.شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى بەختلىك ،كۆڭلى ئازادە ياشايدۇ.چۈنكى ئۇ كېسەلدىن ،ياكى ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. (باشقىلارنىڭ ئۇنى تاشلىۋېتىشىدىنمۇ قورقمايدۇ) ئۇ ئۆلۈمنى پەقەت مەڭگۈلۈك بولغان ھەقىقى ھاياتقا يۆتكىلىش باسقۇچى دەپ ھېس قىلىدۇ.

ـ الله نىڭ ۋەكىل(ئىگە بولغۇچى)،كەفىل(كېپىل بولغۇچى) ۋە رىزىق بەرگۈچى،ئاتا قىلغۇچى دېگەنگە ئوخشاش ئىنئام سۇپەتلىرىنى ھېس قىلىشتىن قەلبىنىڭ ۋە كۆڭۈلنىڭ راھىتى پەيدا بولىدۇ.چۈنكى ئۇ الله سىزنىڭ بارلىق ھاجەتلىرىڭىزنى ئادا قىلىشتا سىزگە كېپىل بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈسىز .

ـ رىزىقنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئىشىنىش مەۋجۇد بولسىمۇ،لېكىن رىزىقنىڭ كېلىشىدىن خاتىرجەم بولۇش ۋە ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ كەم بولۇپ قالماسلىقىغا ئەمىن بولۇشنى

ھېس قىلىش تېپىلامدۇ؟

ــ سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر جايغا بارغانلىقىڭىز ،ۋەسىزگە:«سىزنىڭ تۇرۇش ، تائام ــ شاراپ ،كىيىم ــ كېچەك چىقىملىرىڭىزنى پالانى ئۇستىگە ئالىدۇ.» دېيىلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.شۇنىڭدەك سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئېھتىياجلىرىڭىزنىڭ بەلگىلىنىپ بولغانلىقىنى ئەمىلى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.(يەنى سىز بىر تامچە سۇنىڭ پۈلىنى تۆلەشكىمۇ قادىر ئەمەسسىز. ھەتتا ئۆزىڭىزنى ساقلاشقىمۇ قادىر بولالمايسىز.) ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە تايىنىپ ياشايدىغاندەك الله تىن غەيرىيلەرگە تەۋەككۇل قىلىسىز؟.نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ بارلىق غېمىڭىز رىزىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە بولۇپ قالدى؟

ــ ئىنسانىنىڭ الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشىلا يېتەرلىك ئەمەس. چوقۇم بۇ سۈپەتلەرنىڭ بۇيۇك ،كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش لازىم.(يەنى ئۇ الله نىڭ غالىبلىقىنىڭ كاتتىلىقى ،پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقى ۋە بۇيۇكلىكىنىڭ كاتتىلىقىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىش كېرەك).شۈبھىسىزكى الله نىڭ كەرىمى ، قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى ئەقىلنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە كاتتىدۇر.مۇشۇنىڭ ھەممىسى ئىنسانىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.بۇ ئىنسانىنىڭ قەلبىنى دائىم الله بىلەن مەشغۇل بولۇشقا يەتكۈزىدۇ.الله سىزنىڭ ھېس ــ تۇيغۇڭىزنىڭ مەركىزىدە ۋە پىكرىڭىزدا ھەمىشە بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن الله نى كۆپ ئەسلەيسىز. شۇنىڭدەك بۇ ئىنساننى ئۆزىنىڭ بارلىق ھېس ــ تۇيغۇ ،مەقسەت ــ نىشان ، نىيەت ، ئەمەل ۋە پۈتكۈل ھاياتىنى الله تائالاغا يۈزلەندۈرۈشكە يەتكۈزىدۇ.

## يەتتىنچى پەسىل:الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى

ــ ***ياخشى كۆرۈشنىڭ مەنىسى***:ياخشى كۆرۈش دېگەن قەلب ھېس قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك ۋە تاتلىقىدۇر. بىز مۇھەببەت توغرىسىدا كۆپ سۆزلىنىدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز.ھەتتاكى مۇھەببەت كەلىمىسى كۆپ دەپسەندە قىلىنىپ كەتتى.سىز مېنىڭ بۇ يەردە سىزگە مۇھەببەتنىڭ پايدىسى ، لەززىتى ،گۈزەللىكى ،

ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمگە موھتاج بولمايسىز.چۈنكى كىشىلەر مۇھەببەت ئاتالغۇسىنى باتىل بىلەن مۇبالىغە قىلىپ كۆپ سۇپەتلەپ كەتتى. پەقەت بىز بۇيەردە مۇھەببەت توغرىسىدا ھەق ئاساسىدا سۆزلەيمىز.چۈنكى قەلب الله نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىمگۈچە ھەقىقى مۇھەببەتكە ئېرىشكەن بولمايدۇ.

ـ بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشى ئۆزىنىڭ شۇ ئايالغا مايىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.دېمەك ياخشى كۆرۈش دېگەن مەھبۇبقا مايىل بولۇش دېگەنلىكتۇر.مانا بۇ «خالىسلىق» سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. :**«الله قا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار»**.(ھەج **31** ـ ئايەتتىن)،بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشى ئۇنىڭغا بولغان بىر خىل ئىشتىياقنى ھېس قىلىدۇ.دېمەك مۇھەببەت دېگەن مەھبۇبقا ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدا مۇنداق كەلگەن:«ئى الله !سەندىن سېنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولۇشنى،ئۆلۈمدىن كېيىنكى راھەت تۇرمۇشنى، سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلاشنى. . . . . . . . . سورايمەن».(نەسائى **1314**)، بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىنىڭ ئوي ـ خىيالى شۇ ئايال بىلەن بولۇپ قالىدۇ. دېمەك ياخشى كۆرۈش دېگەن مەھبۇب ئەسلەنگەن ۋاقىتتا قەلبىنىڭ ھاياجانلىنىشىدۇر.بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: **«پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان،الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان،پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆئمىنلەردۇر »**(ئەنفال **2** ـ ئايەت)،**«ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى،الله ياد ئېتىلسە ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)،ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ،ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ.»**(ھەج **35** ـ ئايەت)،ئاشىق مەھبۇبىنى ئەسلىگەندە،خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. دېمەك مۇھەببەت دېگەن قەلبىنىڭ مەھبۇبى ئارقىلىق تەسكىن تېپىشىدۇر.:**«(تەۋبە قىلغانلار)ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.بىلىڭلاركى،دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.»** (رەئىد **28** ـ ئايەت)

ـ الله  تائالانى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشنىڭ ئەھمىيتى:الله نى ياخشى كۆرۈش ئۈنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتىن يۇكسەك بولىشى كېرەك . ئەگەر سىزدە الله نى ياخشى كۆرۈش ئەسلا مەۋجۇد بولمىسا ، ئەھۋالىڭىز قانداق بولار . چۈنكى الله نىڭ مۇھەببىتىسىز ئىنسان جەننەتكە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ: **«بەزى ئادەملەر الله دىن غەيرىلەرنى الله قا شېرىك قىلىۋالىدۇ ، ئۇلارنى( مۆئمىنلەرنىڭ ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ( يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ) . مۆئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر .»**( بەقەرە **165** ـ ئايەتتىن ) ،**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى( ئىبادەتتە ) ئاتالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش قوياتتۇق .»** (شۇئەرا **98** ـ ئايەت ) ، **«ئى مۇئمىنلەر!سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن ،الله (ئۇنىڭ ئورنىغا )الله  ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان ،ئۇلارمۇ الله نى ياخشى كۆرىدىغان ،مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان ،كافىرلارغا شەپقەتسىز ،الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ .بۇ( يەنى يۇقارقى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش )الله نىڭ پەزلىدۇركى ،الله  ئۇنى( بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ ،»**
( مائىد **54** ـ ئايەت )

ـ الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىش قانداق ئەمەللىشىدۇ: الله تائالادا سىزنى قوغدايدىغان قۇۋۋەت ۋە سىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىۋاتقان ھەممە مەنپەئەت بار .ئۇ الله  بولسا سىزگە ئىنئام قىلىۋاتىدۇ ۋە سىزگە دوستلۇق ئىزھار قىلىۋاتىدۇ .نېمە ئۈچۈن سىز الله نى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلمايسىز؟ .ئەگەر بىر كىشى سىزگە مال ـ دۇنيا ، ئۆي ، ئايلىق مائاش بەرسە ،سىزنى ئۆيلەپ قويسا ، سىزنى قوغداشقا كېپىل بولسا ۋە سىزگە دوستلۇق ئىزھار قىلسا ،ئۇنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگۈدەكسىز؟ .سىز بىرىنچىدىن نىئمەتلەرگە بولغان ئېھتىياج ۋە موھتاجلىقنى ،بۇ نېئمەتلەرنى سىزنىڭ ھېرىپ چارچاپ ، جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن كەلتۈرەلمىگەنلىكىڭىزنى ،ئۇنىڭ سىزنىڭ مۇلۇكىڭىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك . ئاندىن سىز بىر كىشىنىڭ سىز يەۋاتقان مۇشۇ لوقما تائامنى پۇل ئالماستىن ،ئەجىرسىز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ . ئۇنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسىز .شۇنىڭغا ئوخشاش سىز بىر كىشىنىڭ سىز كىيىۋاتقان كىيىمنى ۋە سىز

ئۇ ئارقىلىق ئىگە بولىۋاتقان نەرسىلەرنى سىزگە ھېچنەرسە ئالماستىن بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.سىز چوقۇم بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.لېكىن سىز ئۆزىڭىز ئىگە بولىۋاتقان نەرسىلەرنى ئۆز قان ـ تەر بەدىلىڭىز ئارقىلىق كەلگەن ،ياكى باشقا بىرى ئۇنى سىزگە ھەققىڭىزگە ھېسابلاپ بەرگەن ،بۇلار مېنىڭ مۇلۇكۇم دەپ تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز ،الله نىڭ مۇھەببىتىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايسىز.سىز يەنە سىزگە نەپىقە بەرگەن ،سىزگە بوۋاق ۋاقتىڭىزدىن تارتىپ ئۇزۇن يىللار كۆڭۈل بۆلگەن ،سىزگە تۇرىدىغان ئۆيلەرنى ۋە بارلىق نەرسىلەرنى بەرگەن بىر كىشى بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.نېمىنى ھېس قىلارسىز؟ .الله ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ،سىزگە نېئمەت بەرگۈچى ،سىز دائىم الله نىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ نەزىرىدىن قىلچىلىك غايىب بولالمايدىغان تۇرۇقلۇق سىز نېمە ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇنى ھېس قىلالمايسىز؟ .

ـ دېمەك سىز نېئمەتلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقىڭىزدىن سۇغۇرلۇپ چىقىپ ، بارلىق نېئمەتلەرنى الله قا نىسبەت بەرگەن ۋاقتىڭىزدا سىزدە تۆۋەندىكىدەك ھېس ـ تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ:الله قا بويسۇنۇش ،الله قا باش ئىگىش ، سىزنىڭ ھېچ نەرسىگە ـ ئاگلاشقا ، كۆرۈشكە . . .ئىگە بولالمايدىغان يالاڭتۆش ئىكەنلىكىڭىز ۋە الله نى ياخشى كۆرۈش . . . قاتارلىقلار . چۈنكى سىز پايدىلىنىۋاتقان بۇ نېئمەتلەرنى الله سىزگە مەلۇم مەقسەت بىلەن بەرگەن .شۇڭا الله نى ياخشى كۆرۈسىز ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلىسىز.چۈنكى سىز بىر يالاڭتۆش بولۇپ ،ھېچ ئىش قىلىشقا قادىر ئەمەس ،ھېچنەرسىگە ئىگىمۇ ئەمەس . الله نىڭ سىزگە نېئمەت بېرىشى ئۈچۈن الله قا تايىنىسىز .

ـ الله نى ياخشى كۆرۈشنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللار: الله نى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ،ئۇلار الله نىڭ سىزگە رىزىق ،نېئمەت بېرىشى ،سىزنى پەرۋىش قىلىشى ،رەھمەت قىلىشى ،سىز ئاسىيلىق قىلسىڭىزمۇ سىزدىن ئىنتىقام ئېلىشقا ۋە سىزنى ۋەيران قىلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى يۆگىشى ،سىز تەۋبە قىلغان ۋە ئىستىغپار ئېيتقان ۋاقىتتا سىزنى مەغپىرەت قىلىشى ، سىزنى دوست تۇتىشى ،سىزنى سائادەت يوللىرىغا يىتەكلىشى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى . . .

قاتارلىقلار.«الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ،تەسلىكنى خالىمايدۇ»(بەقەرە 185 ـ ئايەتتىن) «الله سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ، شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار)توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى(شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى)خالايدۇ»(نىسا27 ـ ئايەتتىن) «الله سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى(يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ.»(نىسا 28 ـ ئايەتتىن)«الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ.لېكىن الله قا شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى،(ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىپ بېرىش)بىلەن نېئمىتىنى سىلەرگە تولۇق قىلىپ بېرىشنى خالايدۇ.» (مائىد 6 ـ ئايەتتىن) قۇرئان كەرىم سىزگە يوللارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان، داۋانلارنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان چۈشەندۈرۈش ۋە مىساللار بىلەن تولۇپ كەتتى.ھەتتاكى الله سىزگە سىزنىڭ ھوشيار بولىشىڭىز ئۈچۈن كېلەچەكتە بولىدىغان ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر بەردى.ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ئىشلارغا ئەملى تەدبىقلىنىدىغان، يول كۆرسىتىدىغان ئۈلگە بولىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تەرىپىدىن بولغان رەھمەت.«الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقىتىدۇ.الله بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر.»(ئالى ئىمران 30 ـ ئايەتتىن)الله ئىنسانلار ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىدىكى گۈزەل چىرايلارنى ياراتتى.شۇنىڭدەك ئۇ الله تىكى گۈزەللىك بارلىق ئىنسان ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا كائىنات يارىتىلغاندىن تارتىپ قىيامەتكىچە بەرگەن گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىدىن كاتتىدۇر.دېمەك،الله نىڭ جامالىغا قاراشنىڭ لەززىتى دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكتىن كاتتىدۇر.رەھمەت ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بولغان ماختىلىدىغان بارلىق سۈپەتلەرنىڭ ئۈلگىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى الله ياراتقان.بۇلار الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ كاتتىدۇر. سۈپەت ۋە گۈزەللىكتىكى كامالەت الله قا خاستۇر. يەنە الله قا شېرىك كەلتۈرمىسە،ئىنسانغا نېئمەتلىرى چەكسىز بولغان جەننەتكە كىرىش ھەققىنى بەردى.ۋە دۇنيادىكى بارلىق لەززەتلەردىن كاتتا بولغان ئىمان لەززىتىنى بەردى.ئىنساننىڭ ياراتقۇچى ئۈستىدە ھەققى يوق تۇرۇقلۇق الله بۇ ھەقنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىدا بەرىكەت بەردى.دۇئالىرىنى

ئەجابەت قىلدى .ئۇ الله قىستالغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئەجابەت قىلىدۇ . قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ .ئىنسانلارغا تىلىگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ .: **«الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى ،سىلەر الله نىڭ نېئمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر ، كاپىر ئادەم ،شەك ـ شۈبھىسىزكى ،زۇلۇم قىلغۇچىدۇر ، (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر»( ئىبراھىم 34 ـ ئايەتتىن )**

***ـ ياخشى كۆرۈش ،ئىشتىياق باغلاش ۋە قىزىقىشنىڭ روھى ھالەتلىرى:***

نۇرغۇن كىشىلەر الله نى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى ۋە جەننەتنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ .بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشى شۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىشنى ،شۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ .ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزدە الله قا ئۇچرىشىشقا ۋە نېئمەتلىك جەننەتلەردە كەرىملىك الله نىڭ جامالىغا قاراشقا بولغان ئىشتىياقنى تاپالامسىز؟ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدا مۇنداق كەلگەن:«ئى الله !سەندىن سېنىڭ ھۆكمۇڭگە رازى بولۇشنى ، ئۆلۈمدىن كېيىنكى راھەت تۇرمۇشنى ، سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلاشنى . . . . . . . . سورايمەن» . (نەسائى **1314**) ،

ـ نۇرغۇن كىشىلەر جەننەتنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى ۋە ھۆر ـ ئەيىنلەرگە ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ . ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزدە مەھبۇبىنى سېغىنىۋاتقان مەشۇقتا بولىدىغان روھى ھالەتنى تاپالامسىز؟ .ئۇنداق بولمىسا ھۆر ـ ئەيىنلەر سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزدا مەۋجۇد بولمىغان بولۇپ ،سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدىكى ھۆر ـ ئەيىنلەر پەقەت سىلىيوۋدىن ياسالغان مودېللاركى ، ھەقىقى گۈزەل ئاياللار ئەمەس .

ـ الله نى ۋە جەننەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ،لېكىن ئەڭ ئاددىيسى دۇنيادىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ھېس قىلغان روھى ھالەتنىمۇ ھېس قىلالمايدىغان كىشىلەر ئەمىلىيەتتە الله ۋە جەننەتنى ياخشى كۆرگۈچى ئەمەس . چۈنكى ھېس ـ تۇيغۇ دېگەن قۇرۇق نەرسە بولماستىن ،بەلكى ئىنسان نەپسىدە مەۋجۇد بولىدىغان مەجازىي ،ھېسسىي ۋە روھى ھالەتتۇر . الله نى ياخشى كۆرۈش بۇ دۇنيادىكى مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرىدۇر .چۈنكى ئەگەر الله نى ياخشى كۆرۈش ئىنسان تونۇيدىغان مۇھەببەتنىڭ تۈرىدىن بولمىغىنىدا ،الله

بىزگە بىز چۈشەنمەيدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلىگەن بولۇپ قالىدۇ.

ـ ***ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ شەرتى***:توي كۈنىسگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كىشى ئۆزىنىڭ مەھبۇبىغا ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلىغان بولىدۇ.بۇ ھەتتا شۇ توي كۈنىگىچىلىك داۋاملىشىدۇ.شۇنىڭدەك ھۆر ـ ئەينىلەردىن بولغان مەھبۇبلىرىغا ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلىغان كىشى ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشقا ھەمىشە ئىشتىياق باغلاپ تۇرىدۇ.الله نى ۋە جەننەتنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئىشتىياق باغلاشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

ـ ياخشى كۆرۈشنىڭ روھى ھالەتلىرىنىڭ تەسىر كۆرسەتكۈچىنىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچ تاناسىپلىق شەرتى: شۈبھىسىزكى الله نىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئاتاسى ۋە نېئمەتلىرى بارلىق تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان.چۈنكى بارلىق نەرسە الله نىڭ مۈلۈكى .بارلىق نەرسىلەردە ئىنسان ئۈچۈن مەنپەئەت بار ۋە ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان.مانا بۇ الله نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەڭ كاتتا مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ: **«الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى،سىلەر الله نىڭ نېئمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى،زۇلۇم قىلغۇچىدۇر،(الله نىڭ نېئمەتلىرىگە)كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر» (ئىبراھىم 34 ـ ئايەتتىن)**

ـ ***مۇھەببەتنىڭ مىقدارى***: ئەگەر سىزنىڭ بىر كىشىگە بولغان مۇھەببىتىڭىز ھەتتا سىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان دەرىجىدە ئاشقان بولسا،سىز ئۇنى ئەمىلىيەتتە ياخشى كۆرگەن بولىسىز.شۇنىڭدەك سىزنىڭ الله قا بولغان مۇھەببىتىڭىز سىز ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسا،مانا بۇ الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئاساسەن سىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان مۇھەببەتتۇر:**«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار،ماڭا ئەگىشىڭلاركى،الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»(ئالى ئىمران31 ـ ئايەتتىن)**بۇ يەردىكى ئاساسى مەسىلە ئىتائەت ئەمەس. سىزنىڭ الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزدىن كېلىپ چىققان ئىتائەت مەسىلىسىدۇر.يەنى سىز الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا

ئىتائەت قىلىسىز.سىزنىڭ قۇرئاننى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسى ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ، يادلىغانلىقىڭىز.الله نى ۋە پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسى ئۇلارغا ئەگەشكەنلىكىڭىزدۇر. مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ بويسۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشىدۇر.مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرگەن كىشى مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ.بىرەر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشى ئۇ ئايالغا بويسۇنۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك الله نى ياخشى كۆرگەن كىشى الله قا باش ئىگىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت بويسۇنۇش ۋە باش ئىگىش تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ قايسى دەرىجىدىكى بويسۇنۇشقا يەتكەنلىكىدە.سىزنىڭ قەلبىڭىز بىرسىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن تۇشۇپ كەتكەن بولسا،سىز ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ئەسىر بولغان بولىسىز.ئۇ سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يەنى سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ.دېمەك مۇھەببەت مەھبۇبقا بويسۇنۇشقا ئاپىرىدۇ. بىر ئايالنى ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىگە ئوخشاش سىز ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭىز تۈپەيلىدىن بويسۇنىسىز.الله سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ۋە ئۇلۇغلىغانلىقىڭىزدىن اللەقا بويسۇنىشىڭىزنى ۋە ئىگىلىشىڭىزنى خالايدۇ.ھەرگىزمۇ قەھرى تۈپەيلىدىن بويسۇنىشىڭىزنى ئىرادە قىلمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئىرادە قىلغان بولسا ئەلۋەتتە قىلغان بولاتتى.

***ـ الله تائالانى ياخشى كۆرۈشنى ھېس قىلىشنىڭ تەسىرلىرى:***

شۇبھىسىزكى،دۇنيادا بىر جەننەت بار.دۇنيادا ئۇنىڭغا كىرەلمىگەن كىشى ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.ئۇ بولسىمۇ الله نى ياخشى كۆرۈشتۇر.«ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دېدى: «دۇنيا ئەھلىنىڭ مىسكىنلىرى شۇكى،دۇنيادا ياشاپ دۇنيادىكى ئەڭ پاك نەرسىنى تېتىمىغان كىشىلەردۇر.»ئۇ پاك نەرسە نېمە؟.دەپ سوئال قىلىنىۋېدى:«الله ئەززە ۋە جەللىنى تونۇش»دېدى.كىمكى دۇنيادا ياشاپ، رەببىنى تونۇمىغان،رەببىنىڭ خىزمەتلىرىدە يايرىمىغان بولسا،ئۇنىڭ ھاياتى ھايۋانلارنىڭ ھاياتى بولغان بولىدۇ.»».ئىنسان مەھبۇبىغا بولغان ئۇلپەت ۋە يېقىنچىلىق لەززىتى ۋە باغلىنىشنى ھېس قىلىدۇ.شۇبھىسىزكى، الله نى ياخشى كۆرۈشنىڭ لەززىتى دۇنيادىكى

ئىككى مەھبۇب ھېس قىلغان لەززەتتىن تاتىلىقراق .ئىمان لەززىتى ھەر تۈرلۈك تائام شاراپ ۋە شەھۋەتلەرنىڭ لەززىتىدىن تاتلىقراق .

## سەككىزىنچى پەسىل:قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنى ھېس قىلىشنىڭ شەرھىسى

***بىرىنچى:الله نىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازا بېرىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش:***

ــ ئەگەر سىز تاغلارنى يۆتكىيەلەيدىغان ،بىر دەقىقىدە بارلىق ئىنسانلارنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان . . . . . . . ئادەتتىن تاشقىرى بىر كىشى بار ،دەپ ئاڭلىسىڭىز ،نېمىنى ھېس قىلىسىز؟ .سىز جەزمەن قورقۇش ،ئەيمىنىش ۋە خەۋپ ھېس قىلىسىز . ۋەھالەنكى الله بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئىشلارغىمۇ قادىردۇر!:**«ئۇلار سەندىن تاغلار توغرىلىق(يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى توغرىلىق)**سورايدۇ ،ئېيتقىنكى‹‹**پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ(ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ)»**( تاھا **105** ــ ئايەتتىن**)** ،الله  بىر دەقىقىدىنمۇ ئاز بولغان ۋاقىتتا بارلىق ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىشقا قادىر .سىز نېمە ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ھېس ــ تۇيغۇنىڭ ئۆزىنى ھېس قىلالمايسىز؟ . ئەگەر سىز الله تىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنى ھېس قىلىدىغانلىقىڭىزنى دەۋا قىلسىڭىز ،باشتىكى ئەھۋالدا قورقۇش ۋە ئەيمىنىش ھېس قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان روھى ھالەت ۋە ئىچكى تەسىرلەر پەيدا بولدى .ئۇنداقتا سىزدە بۇ خىل روھى ھالەت مەۋجۇدمۇ؟ .ياكى سىزدىكى ئىمان الله نى ئۇلۇغلاش ، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان پەقەت ئىشىنىپ قويۇش ۋە قۇرۇق دەۋامۇ؟ .

ــ ئەگەر سىز دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئۇچراشسىڭىز جەزمەن قورقۇش ، ئەيمىنىش ھېس قىلىسىز .ئەگەر سىز ھېچقانداق بىر نەرسە ھېس قىلمىغان بولسىڭىز ، دېمەك سىز ئۇچراشقان بۇ كىشىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغان بولىسىز . شۇڭا بۇ كىشى سىزگە نىسبەتەن سىز بىلەن يولدا كېتىۋاتقان ئاددىي بىر ئىنساندۇر .پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى الله  بىلەن بولغان ئەھۋالىڭىزمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر .چۈنكى سىز الله  ھەممىنىڭ

ئىگىسى ،يېگانە پادىشاھ دېگەن سۆزنىڭ نېمىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايسىز. بۇ پادىشاھ بولسا پۈتكۈل شەيئى ۋە دۇنيا پادىشاھلىرى ئىگە بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر ـ بۇ پادىشاھلار بولسا ئۇ الله نىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدۇر ـ ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ،جەببار ۋە ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى زاتتۇر .سىزمۇ دائىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ ،ئۇنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولالمايسىز. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ، قېنى سىزدىكى بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇلار؟ دېمەك ،الله نىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرى سىزنىڭ ئىشىنىشىڭىزدە بار ،لېكىن سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا قىلچىلىك ئورنى ئىگە ئەمەستۇر.

ـ سىز ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنىڭ دەرىجىسى بىلەن الله نىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى قۇدرىتىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېقىڭ. ئىنسان ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى ، ئاڭلىشى ،كۆرۈشى ئەقلى ،ئىلمى ۋە بارلىق نەرسىلەردە ئاجىزدۇر .لېكىن الله  ھەر نەرسىنى خالىغىنىچە قىلالايدىغان قۇدرەت ئىگىسىدۇر .الله  سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا زامان ،ماكاننى ۋە سەۋەبلەرنى بىكارچە قىلىۋېتىشكە قادىردۇر .ئىنسان زەئىپ ،الله  تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە موھتاجدۇر .بىز نۇرغۇن نېئمەتلەر ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۇ قولدىن كەتمىگۈچە تونۇمايمىز .بىز مۇشۇ نېئمەتلەرنىڭ قىممىتى ۋە قەدىرىنى بىلمىگۈچە ،ئىنئام بەرگۈچى ،كۆپلەپ بەرگۈچى الله نىڭ كاتتىلىقىنى تونۇيالمايمىز .ئىنسان الله  ئىنسانغا بەرگەن مۇشۇ نېئمەتلەرسىز ياشىيالمايدۇ. مەسىلەن سۇ ،ھاۋا. . . .ھەتتا ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايدۇ. چۈنكى الله  ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر .الله قا بولغان ئېھتىياجىڭىزنىڭ كۆپلۈكىگە قاراڭ .الله الصمد( سەمەد )تۇر .يەنى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇ الله قا موھتاج بولغۇچىدۇر . ئىنسان ناھايىتى ئاجىز .لېكىن الله  بارلىق ئىنسانلارنى بىرلا ۋاقىتتا رىزىق بېرىشكە ، بىرلا ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تىلىگەن نەرسىلىرىنى بېرىشكە قادىردۇر .

ـ ئەگەر سىزگە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەمنىڭ پويىزنى كۆتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىلسا ،نېمىنى ھېس قىلارسىز؟ئەگەر تاغنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقى ئېيتىلسچۇ؟ سىز الله نىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغان ھەممە نەرسىنى قىلىشقا ،ھەتتا زامان ـ ماكاننى يوق قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىسىز .ئۇنداقتا

نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى ئادەمنى ئاڭلىغاندىكى ھېس ـ تۇيغۇنى ھېس قىلالمايسىز؟ .

***ئىككىنچى:الله نىڭ جازاسىنىڭ زىيان دائىرىسىنى ھېس قىلىش:***

ئاخىرەتنىڭ ئوتى بىزنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن يىراق ،خەتىرى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ قاتتىق ئىشلاردىنمۇ خەتەرلىك .ئەگەر ئاخىرەتنىڭ ئوتى بىلەن دۇنيانىڭ بارلىق قورقۇنچىسى ۋە دەرد ئەلەملىرى سېلىشتۇرۇلسا ،دۇنيانىڭ ئىشلىرى ھېچ نەرسىگە تەڭ بولالمايدۇ .لېكىن سىز دۇنيا ئىشلىرىدىن بولغان قورقۇنچىنىڭ روھى ھالەتلىرى بىلەن ئاخىرەتتىن قورقۇشنىڭ روھى ھالەتلىرىنى سېلىشتۇرسىڭىز ،كۆڭلىڭىزدە دوزاختىن قورقىدىغانلىقنى دەۋا قىلغان كىشىدە بولىدىغان ھەقىقى روھى ھېس ـ تۇيغۇنى تاپالمىغان ۋاقتىڭىزدا ،دۇنياۋى ئىشلارنىڭ قورقۇنچىسىنىڭ ھەقىقى ۋە كاتتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز .بىز بۇ قورقۇنچىنى بار دەپ پەرەز قىلساقمۇ ،دۇنيا قورقۇنچىسىنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«ئادەم بالىلىرى قالاۋاتقان بۇ ئوتۇڭلار جەھەننەم قىزىقلىقىنىڭ يەتمىشدىن بىرىگە باراۋەردۇر .»ساھابىلەر:«الله بىلەن قەسەمكى ،يا رەسۇلۇللاھ ئەگەر دۇنيانىڭ مۇشۇ ئوتى بولسىمۇ كۇپايە قىلاتتى .»پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزاخ ئوتى ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق قىلىندى .ھەر بىر ھەسسىسى دۇنيا ئوتىنىڭ قىزىقلىقىغا باراۋەر .»دېدى .(مۇسلىم رىۋايىتى **7344**) .

***ئۈچىنچى:قورقۇش ،ئالاقزادىلىك ۋە ئىزتىراپنىڭ روھى ھالەتلىرى:***

سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا قاراپ بېقىڭ .ئۇنىڭدا جىددىيلىك ھالىتى پەيدا بولىدۇ ۋە روھى جەھەتتىن تەييارلىق قىلىدۇ .چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەيدىغان ئىشنى كۈتىۋاتىدۇ .ئۇ ئوقۇغۇچى نەتىجە ئاشكارا بولغۇچە ئالاقزادىلىك ، ئىزتىراپ ،ئىنتىزارلىق ۋە قورقۇش ئىچىدە بولىدۇ . مانا ئۇنىڭدىكى بۇ خىل روھى ھالەت قورقۇش ۋە ئالاقزادىلىك دەپ ئاتىلىدۇ .ئەگەر سىز ئاخىرەتتىن قورقۇشنى دەۋا قىلغان بولسىڭىز ،ئۇنداقتا سىزدە بۇخىل روھى ھالەت بارمۇ؟ .سىز بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىنى كۈتىۋاتقاندىكى ھالىتىگە ،بارلىق ئوي ـ خىيالىنىڭ نەتىجە بىلەنلا بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ .دېمەك ،ھەقىقى ھېس ـ تۇيغۇ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ ،ۋىجدانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

تولا ۋاقىتلاردا بەلكى ئۇ ئۇيقۇدىن بىدار ۋە تائاملاردىن ئىشتىھاسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

*ئۈچىنچى:قورقۇشنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ شەرتى:*

مادامىكى ئۇقۇغۇچى ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۈتۈپلا تۇرىدىكەن، چوقۇم ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە بولىدۇ.ھەتتا نەتىجە ئاشكارا بولغۇچە ئالاقزادىلىك داۋاملىشىدۇ. ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ چىقىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسىرى ئالاقزادىلىك كۈچىيىدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرەتتىن قورقىقان كىشىدە ھەتتا ئاخىرەت كەلگۈچىلىك مۇشۇ ھېس ـ تۇيغۇ مەۋجۇد بولىدۇ.ئىنسان ئاخىرەتكە يېقىنلاشقانسېرى بۇ قورقۇنچ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىنسان قاچان ئۆلىشىنى بىلمىگەچكە ئۇنىڭ قورقۇنچىسى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ.دېمەك. مۆئمىنىنىڭ ھاياتى الله تىن ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ۋە دوزاختىكى الله نىڭ ئازابىدىن قورقىقان ھالدا ئۆتىدۇ. ھەدىسى قۇددىيسىدا مۇنداق كەلگەن،الله مۇنداق دەيدۇ:«مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن قەسەمكى،مەن بەندەمگە ئىككى قورقۇنچ بىلەن ئىككى خاتىرجەملىكنى جۇغلاپ بەرمەيمەن. ئەگەر مەندىن دۇنيادا خاتىرجەم بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى قورقۇتىمەن. ئەگەر دۇنيادا مەندىن قورقسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى خاتىرجەم قىلىمەن.» (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى **2666**).

## توققۇزىنچى پەسىل: مۇكەممەل مۇھەببەت ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇش

ـ الله تائالاغا بولغان مۇھەببەت ۋە بويسۇنۇش ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئەمەللەشمىگەنلىكى ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشنىڭ ئەمەللەشمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ ئىمان ئەركانلىرىغا قەلبى جەھەتتىكى ئىشىنىشنىڭ ئەمەللەشمىگەنلىكىدۇر. چۈنكى مۇھەببەت ۋە بويسۇنۇش ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشنىڭ ئەمەللىشىشىدىن

چوقۇم پەيدا بولىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر.بۇ ئىككىسى ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر.ئىبادەت دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ،لېكىن ئىبادەتنىڭ مەركىزى،يىلتىزى ۋە روھى مۇكەممەل مۇھەببەت ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇشتۇر.بۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىدىن بەزى ئالىملار بۇنى ئىبادەت دەپ ئاتىدى. شۇڭا ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دېگەن:« ئىبادەت دېگىنىمىز مۇكەممەل بويسۇنۇش ۋە خارلىق بىلەن مۇكەممەل مۇھەببەت قىلىشتۇر. بۇ ئىبادەتلەردە شېرىك كەلتۈرۈش بولسا الله ئەپۇ قىلمايدىغان ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر.» (جاۋابۇل كافى) ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ:«ئىبادەت مۇكەممەل مۇھەببەت بىلەن مۇكەممەل خارلىقنى جۇغلايدۇ.»(دەرئۇتتائارىز)،

ـ مۇكەممەل مۇھەببەت بىلەن مۇكەممەل بويسۇنۇش بولسا،ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشتىن تۆۋەندىكىدەك ھاسىل بولىدۇ؛

***بىرىنچى :الله نى تونۇش الله نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛***

***1 ـ الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنئام قىلىش سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىش؛***

مالىك دېگەنلىك بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى الله قا خاس دېگەنلىكتۇر.ئەگەر ئىنسان بارلىق نەرسىلەردىن ھەتتاكى ئۆزى نەپسىدىنمۇ بۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ھەقىقى ئىگە بولغان الله قا نىسبەت بېرىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىدار ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، بۇ نەرسىلەرنىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن كەلگەن ئىنئام ۋە ھۆرمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن الله نى ياخشى كۆرىدۇ .الله نىڭ ئاتا ـ ئېھسانلىرى ئالدىدا خارلىنىدۇ. دوستلۇق بىلەن بويسۇنىدۇ.الله نىڭ ئېھسانىغا قۇل بولىدۇ.قەلبى سۇنۇق،بىچارە بولىدۇ.چۈنكى ئۇنىڭدا يوقسۇزلۇق ۋە موھتاجلىق بار.ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆز نەپسىنىمۇ قامداشقىمۇ قادىر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (چۈنكى الله نىڭ ئۆزىلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگۈچىدۇر.) الله ئۇنى ئۇ يەۋاتقان ھەر لوقما تائام بىلەن كۈچلەندۈرۈۋاتىدۇ.شۇڭا ئۇ الله نىڭ ئېھسانىغا ئەسىر ۋە قۇل بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن الله نىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۆزىدە ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ

يوقلىقنى ھېس قىلىدۇ.مانا مۇشۇنىڭدىن الله نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇش پەيدا بولىدۇ.خۇددى مالىك ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان نەرسىلەردە خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلغىنىدەك ،الله نىڭ بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقى بولغان بولىدۇ. الله تائالا بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگەتتىدۇ:«**ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز(يەنى بىز الله نىڭ مۈلۈكى)،چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ» (بەقەرە 156 ـ ئايەتتىن)** بۇ ئايەتتىكى«بىز الله نىڭ»دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق بايان بار:«يەنى ئۇلار ئۆزىنىڭ الله نىڭ مۈلۈكى ئىكەنلىكىنى ،الله نىڭ ئۆز قۇللىرىدا خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» (تەپسىر ئىبنى كەسىر)،بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىسىگە بويسۇنۇش مەيدانغا كېلىدۇ.

***2 ـ الله نىڭ ئەزىز،غالىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش؛*** ئەگەر ئىنسان بۇنى ھەقىقى ھېس قىلالىسا ،ئۆزىنىڭ خار، ئاجىز،بويسۇنغۇچى،زەئىپ ئىكەنلىكىنى، پەقەت الله نىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ:«**ئىززەتنىڭ ھەممىسى الله قا خاس**»(فاتىر **10 ـ** ئايەتتىن)،بۇ دېگەنلىك ئىنساننىڭ ئىززەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن الله قا تەۋە بولۇشنى ياخشى كۆرۈشى، يەنى الله نىڭ ئۆزىگە خوجايىن بولىشىنى ۋە الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا قۇل بولۇشنى ئىختىيار قىلىشتۇر. (بۇ ئىنساننىڭ غالىب قوشۇننىڭ ئەسكىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ـ ت)

***3 ـ الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش؛*** بۇ ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلاردا ـ قۇۋۋەتتە ،ئىلىمدە ،كۆرۈش ـ ئاڭلاشتا . . . . .لاردا ـ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىشى دېگەنلىكتۇر.بۇ يەنە الله قا بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.يەنى ھەممىدىن قادىر زاتنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىشنى ياخشى كۆرۈش،ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھۇزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرۈشتۇر.

***4 ـ الله نىڭ خالىق (ياراتقۇچى) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش؛*** شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنى ياراتقان ،ئۇلارغا ھاياتلىق بەرگەن ،ئۇلارغا كۆز،قۇلاق ۋە قۇۋۋەت . . . لەرنى

بەرگەن زات بۇ سۈپەتلەرگە(مۇھەببەت ۋە بويسۇنۇشقا)ئەڭ ھەقلىقتۇر.**«ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا )ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟دېدى.ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۇستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى.»(فۇسسىلەت 15 ـ ئايەتتىن)**ئىنسانىيەتتە بولسا ئاجىز،ناقىس(كەمتۈك)سۈپەتلەر بار.لېكىن الله نىڭ سۈپەتلىرى مۇكەممەل ـ كامىلدۇر. بۇ دېگەنلىك ئۆز سۈپەتلىرىدە ئالى،كاتتا بولغان زاتقا بويسۇنۇش، ئۇنىڭغا موھتاج بولۇش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولۇشنى ياخشى كۆرۈش دېگەن مەنانى ئۇقتۇرىدۇ.

***ئىككىنچى:ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش الله نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛***

***1 ـ ئاخىرەتنى ھېس قىلىش الله نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش ۋە مۇكەممەل بويسۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛***الله دۇنيادا بولسۇن،ئاخىرەتتە بولسۇن پادىشاھتۇر. دېمەك ئۇ دائىم ۋە مەڭگۈ پادىشاھتۇر؛**«قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر»**(پاتىھە 4 ـ ئايەتتىن)، **«ئاخىرەت ۋە دۇنيا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر(يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ) .»(نەجىم 25 ـ** ئايەتتىن)ئاخىرەتتە ھېچكىم بىرەر نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.جەننەت دوزاخمۇ الله نىڭ مۈلۈكى .الله نىڭ ئەھلى جەننەتلەرگە بەرگەن نەرسىلىرى الله تەرىپىدىن كەلگەن ئاتا ـ ئېھسانلاركى ،ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرى بەدىلىگە ئالىدىغان ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىگە ئوخشاش مۈلۈكى ئەمەس.الله ئۆز مۈلۈكىنى خالىغانچە قىلالايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراڭ؛ **«ئۇلار مەلۇم رىزىقتىن(يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن)بەھرىمەن بولىدۇ،ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ» (سافات 41 ـ** ئايەتتىن) دېمەك جەننەت پەقەت رىزىق ۋە ئىنئامدۇر.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئەملى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ.»ساھابىلەر:«سەنمۇ شۇنداقمۇ يارەسۇلۇللاھ!»دەپ سورىغاندا: «ھەئە،مەنمۇ كىرەلمەيمەن. لېكىن الله نىڭ ئۆز پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن رەھمەت قىلىشى بىلەن كىرەلەيمەن.» (بۇخارى 5735)ھېچ كىشى جەننەتتە تۇرۇپ:«ماۋۇ قەسىرگە مەن

ئىلمىگە تايىنىپ ئېرىشتىم.بۇ مېنىڭ مۇلۇكۇم .» دېيەلمەيدۇ.پەقەت بۇ الله تەرەپتىن كەلگەن نېئمەت ۋە الله نىڭ مۇلۇكىدۇر . شۇنىڭ ئۇچۇن جەننەت ئەھلىدە خۇددى پەرىشتە ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش الله قا بويسۇنۇش،ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆزىنى خار تۇتۇش كەيپىياتى داۋام ئېتىدۇ. لېكىن دوزاخ ئەھلىدە مۇنداق بويسۇنۇش ۋە مۇھەببەت بولمايدۇ.مانا بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر.

***2 ـ پەرىشتىلەرنى ھېس قىلىشنىڭ بولماسلىقى:*** بۇنداق بولۇپ قېلىشى تۇزىلىشى ۋە قۇۋۋىتىدە ئىنساندىن كاتتا بولغان بىر نەرسىنىڭ بولىشىغا نىسبەتەن قىلىنغان تەكەببۇرلۇقتۇر.ئەگەر الله پەرىشتىلەرگە خالىغىنىنى قىلىشقا رۇخسەت بەرسە ئىدى، پەقەت بىر پەرىشتە قانىتىنىڭ بىرتال پېيى بىلەن بىر چوڭ شەھەرنى تولۇق ۋەيران قىلىۋېتەلىگەن بولاتتى.ئۇنداقتا الله ئۇلاردىن كاتتا ۋە بۈيۈك ئەمەسمۇ؟: **«ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا ) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى ئۇلار:«كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى.ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـقۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى.» (فۇسسىلەت 15 ـ ئايەتتىن)**

***ئۈچىنچى: الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەمەللەشمەسلىكىنىڭ سەۋەبى:***

(يەنى ئىمان ئەركانلىرىغا ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا بىر پاسىل پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى)؛ئەسلىدە قەبرە ئازابىغا ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەندىشە قىلىشى،قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەتكە ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشى ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىشى،ئۆزىنىڭ رەببى، ئىلاھى بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنىشى،ئۇنى ياخشى كۆرۈشى ،ئۇنىڭدىن قورقۇشى ۋە ئۇمىد قىلىشى تەبىئىي بىر ئىش ئىدى.لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق نۇرغۇن كىشىلەردە الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئەمەللەشمەيۋاتىدۇ.بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە؛

***1 ـ الله نىڭ مالىك(ھەممىنىڭ ئىگىسى)ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ تەسلىكى:***

ئىنسان ئىگە بولىۋاتقان نەرسىلەر ئىنسان هاياتىنى ۋە راھەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە ئىنسان ئۈنىڭدا مەنپەئەت ۋە شەھۋەتلىرىنى قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا نىسبەتەن ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان بارلىق نەرسىلەردىن ئۆلارنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلاغا نىسبەت بېرىش ئۈچۈن ۋاز كېچىش(ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگدار ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىش)ئەڭ قىيىن ئىشتۇر. (يەنى الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش) يەنى ئىنسان ئۈچۈن ئۆزى پەخىرلىنىۋاتقان ،ئىززەتلىنىۋاتقان قۇۋۋەت ، ئاڭلاش ، كۆرۈش . . . . . . قاتارلىق سۈپەتلەردىن ئىبارەت بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى الله قا نىسبەت بېرىش ئۈچۈن ۋاز كېچىشى ،ئۆزىگە بولسا بارلىق ئاجىز ،نۇقسانلىق ، موھتاجلىق . . . .سۈپەتلىرىنى نىسبەت بېرىشى ،الله قا بارلىق كامىل سۈپەتلەرنى نىسبەت بېرىشى ئاسان ئەمەس .بۇ الله قا بولغان موھتاجلىق دېگەنلىكتۇر. نەپس دېگەن ئۆزىدىن غەيرىگە ئەگىشىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆزىدىن باشقىغا تايانمايدىغان ، ئۆزىگىلا تايىنىدىغان ،مۇستەقىل ھۆر بولۇشنى ئاززۇ قىلىدۇ .ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ، ئۆزىگە ئۆزى رىزىق بېرىدىغان مالىك بولۇشنى ياقتۇرغاندەك ئۆزىدە كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ بولىشنى ياقتۇرمايدۇ .ئىنسان ئۆزىنى باشقىلارغا موھتاج ئەمەس دەپ گۇمان قىلىدۇ. ۋەھالەنكى الله سەمەد ـ يەنى ھەممە الله قا موھتاج بولغۇچى زاتتۇر .نەپس ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۈنىمىغاندەك ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولغان باشقا بىرىگە ئىگىلىپ بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ. نەپس دېگەن خۇددى ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلغاندەك ،ياكى ئۆزىنى باشقا ھېچكىم پەيدا قىلمىغاندەك ئۆزىنى تەسەررۇپ قىلىشنى(ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى) ئويلايدۇ .ئىنسان ئۆزىنى باشقۇرۇشقا قادىر بولغان ئىگدار ،بىلىملىك ۋە ھېكمەتلىك ، باشقىلارنىڭ ئىلمىگە موھتاج بولمايدىغان دەپ ئويلايدۇ .شۇنىڭ بىلەن الله نىڭ سەمەد ـ ھەممە ھەرنەرسىدە الله قا موھتاج بولغۇچى ـ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

ـ ئىنساننىڭ الله نىڭ سۈپەتلىرىگە نامدا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى سۈپەتلىرى بار .ئىنساندا ئىرادە ،قۇۋۋەت ،روھ ۋە ھېكمەت بار .شۇڭا ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى الله نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشنى خالىمايدۇ .چۈنكى ئۇ ئۆز ئەقلى بىلەن مەغرۇرلىنىپ قالغان

بولىدۇ:«**ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە،ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)،ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان(كەلسە دەپ ئالدىرىغان)ئازاب نازىل بولدى.**»(غافىر **83** ـ ئايەتتىن)، دېمەك ئۇ خۇددى ئۆزىدىكى بۇ ئىشلارنى ئۆزى پەيدا قىلغاندەك مەغرۇردۇر.شۇڭا ئەقلى ۋە قەلبىگە ئىگىلىش كېرەك دەپ ئويلايدۇ.شۇنىڭدەك نەپسىتە ئۆزىدىن باشقا بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇشىنى ياقتۇرمايدىغان كىبىر بار.نەپس باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئۆزىدە بولىشىنى ئاررزۇ قىلىدۇ.

ـ ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن رەب ۋە ئىلاھىنىڭ بارلىقىغا پەقەتلا ئىشىنىپ قويۇشى اللەنى ياخشى كۆرۈپ،ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى ئىپادىلەپ بەرسىمۇ،لېكىن نەپستىكى كىبىرنىڭ سەۋەبىدىن بويسۇنۇش ۋە مۇھەببەتنى ھېس قىلىش بىلەن ئىشىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.(يەنى ئىشىنىش ھېس قىلىشنى پەيدا قىلالمايدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالىدۇ ـ ت) بويسۇنۇش نەپسكە نىسبەتەن ئەڭ قىيىن بولغان ھېس ـ تۇيغۇدۇر. الله مۇنداق دەيدۇ:‹‹**ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە پەقەت كىبرى باردۇر.**›› (سۈرە غافىر **56** ـ ئايەت)،ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ:«قەلب كىبرى ۋە ھەسەدكە ئوخشاش ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن ئىبارەت توسۇقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئىمان ئەركانلىرىنى قەلبىدە تەستىقلاش قەلبىنىڭ ئەمەللىرىنى بىر پۈتۈن مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.» (ئەقىيدەتۇل ئەسفاھانىيە)

ـ قەزا ۋە قەدەرنى ھېس قىلىشنىڭ تەسلىكى؛ئىنسان باشقا بىرى ئۇنى خالىغانچە باشقۇرۇپ تەسەررۇپ قىلىۋاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ قىلىنغۇچى ئەمەس، قىلغۇچى بولىشىنى ئاررزۇ قىلىدۇ. (يەنى ئىشلىرىنى باشقا بىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمەستىن،ئۆزى ئۆزىنى باشقۇرىدىغان،مۇستەقىل ئورۇنلاشتۇرغۇچى بولۇشنى ئويلايدۇ ـ ت)،چۈنكى بۇنداق دېگەنلىكنىڭ مەنىسى،ئىنسانىنىڭ ئۆزى مەنپەئەتلىنىۋاتقان ئىرادە سۈپىتىدىن ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى الله قا مەنسۇپ قىلىش ئۇچۇن ۋاز كېچىشىدۇر.(يەنى ئۆزىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىنىڭ لايىق كەلمەيدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى،ئۆزىدە ئۇنداق سالاھىيەتنىڭ يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇر ـ ت)

[101]

ــ قۇرئاننى ھېس قىلىشنىڭ قىيىنلىقى؛نەپىس باشقا بىرىنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇق ۋە شەرتلەرنى بەلگىلەپ بېرىشىنى ، ۋە ئۆزىنىڭ شۇ بويىچە مېڭىشىنى ياقتۇرمايدۇ.چۈنكى بۇ ۋاقىتتا باشقا بىرى ئۇنى باشقۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.(مانا بۇلار ئىنسان نەپسىنىڭ ئىنساندىكى ئىشىنىشنى ھېس قىلىش بىلەن ئايرىۋېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بولۇپ،ئىنسان نەپسىنىڭ مۇشۇ ئامىللاردىكى سەلبى رولىنى يوقىتالىغىنىدىلا،الله خالىسا ئۇنىڭ ئىشىنىش ھېس قىلىش ۋە ھېس تۇيغۇلارنى شەرتسىز مەيدانغا كەلتۈرەلەيدىغان ساغلام بىر روھقا ئېرىشەلەيدۇ ـ ت)

# 4 ـ باب:پەرىشتىلەرنى تەستىقلىغان تۇرۇقلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش

**(پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلالماسلىق)**

ـ پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ئىشىنىش بىلەن ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا مەنا جەھەتتىن زور پەرقلەر بار.پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش بولسا بىز كۆرەلمەيدىغان،ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى بولغان مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش ۋە تۇيۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭدەك ئىنساندا ئۆز ئەتراپىدىكى كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغان مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايدىغان ھېس ـ تۇيغۇنىڭ بولىشى لازىم، دېگەنلىكتۇر.چۈنكى پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقى ھەقىقى مەۋجۇدلۇقىكى،خىيالى تەسەۋۋۇردىكى فانتازىيەلىك مەۋجۇدلۇق ئەمەس.تۆۋەندە بىز بۇ مەسىلىنى بىر نەچچە ئاددىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرىمىز؛

ـ ئەگەر بىر ئادەمگە:«سىز تۇرىۋاتقان بۇ ئۆيدا باشقىلارمۇ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئەرۋاھلار بار»دېيىلسە ،بۇ ئادەم نېمىنى ھېس قىلار؟چوقۇم بۇ ئىنسان خەۋپ ۋە قورقۇنچنى ھېس قىلىدۇ.ئەگەر ئۇ بۇ ئۆيدە قېلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولسا،ئۆزى بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئەرۋاھلارنىڭ بىرگە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلگەن ۋە ئىشەنگەن ھالدا ئۇ بۇ ئۆيدە كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزەر؟ۋەھالەنكى پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ۋە كاتتا ئىشتۇر.پەرىشتىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ سىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتىدۇ.ئەگەر سىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى دەۋا قىلسىڭىز،ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى كىشى ھېس قىلغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى ھېس قىلالمايسىز؟.بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلار پەقەت ئىنسانلارلا ئەمەس. بەلكى ئۇلار بىلەن بىرگە سىز كۆرەلمەيدىغان زور بىر مەۋجۇداتلىق ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار بولسىمۇ پەرىشتىلەردۇر. ھەتتا ھەرقانداق بىر ئىنسان

ئۇچۇن ئىككى كۆزەتكۈچى پەرىشتە بار بولۇپ ھەر دەقىقە ئۇنىڭدىن ئايرىلماي بىللە ماڭىدۇ.بۇ دېگەنلىك بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ ھەر دەقىقىدە سىزنى كۆزىتىپ ۋە ھەمراھ بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتۇر.ئى ئىنسان! پەرىشتىلەرنىڭ سىزنىڭ تۇنۇگۈنكى نامە ـ ئەمالىڭىزغا نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلەمسىز؟.شۈبھىسىزكى،باياتىن سىزباسقان ھەربىر قەدەم،سىز سۆزلىگەن ھەربىر سۆز ئاللىقاچان تولۇق خاتىرلىنىپ بولدى.:**«بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز(يەنى نامە ـ ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ،بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق(يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق»** (سۈرە جاسىيە **29** ـ ئايەت)،سىز بۇ كېچىدە ئۆزىڭىزنىڭ نامە ـ ئەمالىڭىزغا يېزىلىشى ئۇچۇن نېمىلەرنى تەييارلىدىڭىز؟.ئەگەر سىز بۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز،دېمەك پەرىشتىلەرنىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقى سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا مەۋجۇد ئەمەس.

ـ بەزى ئادەملەر باشقا پىلانىتلاردا غايەت زور مەۋجۇداتلار بار.ئۇلار ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە بولۇپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىدۇ،دەپ خىيال قىلىۋاتىدۇ.ئەجەبا بىز ئەتراپىمىزدىكى جىن ۋە پەرىشتىلەردىن بولغان يۇقىرىقىدىن كاتتا،ئاجايىپ ۋە ھەقىقى بولغان مەۋجۇداتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمايمىزمۇ؟.سىز نېمە ئۇچۇن قورقۇشنى ھېس قىلمايسىز؟ ھەتتاكى سىزنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ كىتابتىن ئوقۇپ بولغان نەرسىلىرىڭىزمۇ ئاللىقاچان خاتىرلىنىپ بولدى.مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزنى قوزغاشقا تۇرتكە بولالماسمۇ؟.ئەگەر بىر ئىنسان بىلەن ئۇنىڭدىن ھەرۋاقىت ئايرىلماي ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭىدىغان،ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىپ خاتىرىلەپ تۇرىدىغان، يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ،بۇ كىشى ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغان ئىككىيلەن بار بولسا،بۇ ئىنسان ئۇچۇن ئۇ ئىككىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشى،ياكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا قىلچىلىك تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟.شەك ـ شۈبھىسىزكى سىز بىلەن بىرگە ئىنسان تۇرىدىن بولمىغان،سىز كۆرەلمەيدىغان باشقا بىر تۇردىكى كاتتا بىر مەخلۇقتىن بولغان كۆزەتچى بار.مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى سىزدە ئازراق بولسىمۇ قورقۇشنى ھېس قىلىشقا تۇرتكە بولالماسمۇ؟ سىزنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلمىگەنلىكىڭىز سىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئەتراپىڭىزدا

مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ .ئەگەر سىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقى سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا يوق بولغان بولىدۇ .

بىر نەرسىنى سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىش بىلەن ھېس ـ تۇيغۇدا بىلىش ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر بار.بەزى چەكلىمىلەرنىڭ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن پەرىشتىلەرنى كۆرۈشكە ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ.ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن .شۇبھىسىزكى ،بىر نەرسىنى كۆرەلمەسلىك ئۇنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ.لېكىن بۇ يەردە كۆرۈشنى توسىدىغان نۇرغۇن چەكلىمىلەر بولىشى مۇمكىن .ئەگەر الله پەرىشتىلەرنى كۆرۈشتىكى توسالغۇلارنى يوق قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولسا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەرىشتىلەرنى بىز بىلەن يوللاردا ،ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مېڭىۋاتقان ھالدا كۆرگەن بولاتتى.ئەگەر ئىنسان مۇشۇ توسالغۇلارنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ھېس قىلسا ،جەزمەن پەرىشتىلەرنى كۆرۈدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇسىز سىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ،سىزنى كۆرۈپ ، ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كاتتا يارىتىلىشىنى ھېس قىلىشقا قادىر بولالمايسىز.سىز يوللاردا كېتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئىككى پەرىشتىنىڭ سىز بىلەن بىرگە مېڭىۋاتقانلىقىنى نېمىشقا ھېس قىلالمايسىز؟ .ئەجەبا بۇ ھەق ئەمەسمۇ؟ .بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر تەسەۋۋۇردۇر.بۇ نۆۋەتتىكى رېئاللىقكى ،كەلگۈسىدىكى غەيىپ ئىشلاردىن ئەمەس. لېكىن سىز بۇ سۆزلەرنى ـ بۇ سۆزلەر ھەقىقى رېئاللىق بولسىمۇ ـ يات ساناۋاتىسىز. ئەگەر سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە پەرىشتىلەرنىڭ سىز بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز ،ئاخىرەتتىن ئىبارەت يىراق كەلگۈسىدە بولىدىغان ،تېخى يۈز بەرمىگەن ،تېخىمۇ ئاجايىپ ،تېخىمۇ كاتتا بولغان غەيىبنى قانداقمۇ ھېس قىلالايسىز؟ . ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىزنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقان ،لېكىن سىز ئۇلارنى كۆرەلمەيۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ سىزگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى نېمە ئۈچۈن ھېس قىلالمايسىز؟ .

ـ سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا يۈرۈۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىشنىڭ قايسىسى قىيىن؟ . تەبىئىيكى الله نىڭ

مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش تەسراق.سىزنىڭ يېنىڭىزدا يۇرۇۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلالمىغانلىقىڭىز سىزنىڭ اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئىككى پەرىشتىنىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىش اللە نىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشتىن ئاسانراق.ئەگەر سىز ئىككى پەرىشتىنىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز،دېمەك سىز اللە نىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالمايسىز.

ـ اللەئوتتىن،نۇردىن ۋە لايدىن ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى ياراتتى.ئۇلار جىن، پەرىشتە ۋە ئىنساندىن ئىبارەتتۇر. سىز مۇشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ بىرى.ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى،اللە نىڭ كۈچلۈكلىكىنى ھېس قىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى لازىم.

ـ نېمە ئۈچۈن پەرىشتىلەر اللە تىن قورقىدۇ؟.**«گۈلدۈرماما اللە نى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ اللە دىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ،اللە چاقماق چۈشۈرۈپ،ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ.ئۇلار اللە توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ،اللە نىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر** (سۈرە رەئىد **13** ـ ئايەتتىن)**مانا** مۇشۇ قورقۇنچ ئۇلارنى دائىم اللە قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشقا ئېلىپ باردى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مەن يۇقىرىقى ئاسماننى سەيىر قىلغاندا كېچىسى جەبرائىلنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم.ئۇ اللە تىن قورققانلىقتىن خۇددى چېرىپ كەتكەن كىيىمدەك تىترەپ تۇراتتى.» (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى **2289**).شۇبھىسىزكى،پەرىشتىلەر اللە نىڭ ئەزىمىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقىنى تونۇيدۇ. دېمەك، پەرىشتىلەر ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلىش اللە نىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشنى ھېس قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

# 5 ـ باب: قۇرئانغا ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش

(ياراتقۇچى خالىقنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلالماسلىق)

ـ ئەگەر سىز قۇرئاننىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە كاتتىلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا  سىز گەرچە قۇرئاننى بۈيۈك اللەنىڭ سۆزى،ئۇ ئۇلۇغ قۇرئان دەپ ئىشەنسىڭىزمۇ، لېكىن سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزدا ئۇ ئاددىي بىر شەخسنىڭ سۆزىدەك ئاددىي بىر كالامدۇر، خالاس.مانا بۇ قۇرئانغا ئىشىنىش بىلەن قۇرئاننى ھەقىقى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر.

ـ قۇرئاننى ھېس قىلىش دېگەنلىك قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىش دېگەنلىكتۇر.بۇ تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ھاسىل بولىدۇ.**1** ـ قۇرئان اللە نىڭ سۆزى دېگەن سۆز ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنانى ھېس قىلىش. **2** ـ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى ھېس قىلىش يولى بىلەن قۇرئان اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش. **3** ـ اللە  سۇبھانۇ ۋەتائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىش. **4** ـ اللە نىڭ سىزگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ خىتابنىڭ يەتتە قات ئاسماندىن سىزگە يۈزلەندۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىش. **5** ـ قۇرئان ئايەتلىرى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنالارغا قەلبتە قىلچىلىك سىقىلىشسىز تەسلىم بولۇش،بويسۇنۇش ۋە رازى بولۇشنى ھېس قىلىش. **6** ـ قۇرئان ئايەتلىرى ئىپادىلەۋاتقان مەقسەتنى ھېس قىلىش(يەنى قۇرئان ئايەتلىردىن تەسىرلىنىش)**7** ـ قۇرئاننىڭ سىزنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشتىكى قۇرئاننىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش.

بۇلارنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرىمىز:

***بىرىنچى: قۇرئان اللە نىڭ سۆزى دېگەن سۆز ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنانى ھېس***

قىلىش .

ئىنسان بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا تىل ،چۈشىنىش ۋە ئالاقىنىڭ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ . ئەگەر ئىنسان بىلەن جىن ،ئىنسان بىلەن پەرىشتە ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئالاقە بولۇپ قالىدىغان بولسا ئاجايىپ ئىش بولغان بولاتتى .لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاجايىپراقى بۈيۈك الله تەرىپىدىن ئىنسان ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىكنى مەۋجۇد بولىشىدۇر. ياراتقۇچى الله نىڭ سۆزى ئاسماندىن زېمىن ئەھلىگە چۈشۈپ ئىنسانلارغا يەتتى .قۇرئان چۈشكەن كېچە ۋە ئاي قۇرئاننىڭ شۇ ۋاقىتلاردا چۈشكەنلىكى بىلەن ئۇلۇغلۇقتا يېگانە ۋە كاتتا كېچە ۋە ئاي بولۇپ قالدى .

ــ ئاسمان جىسىملىرى ئالىملىرى باشقا پىلانىتلاردا مەۋجۇد بولىشى مۇمكىن بولغان مەۋجۇداتلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ىىغالايدىغان چوڭ قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ بىر ئىش .شۈبھىسىزكى، ئۇ يەردە بۇ كاتتا كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان ،بىزدىن مەخپى قالغان بىر كۈچ ــ ياراتقۇچى بار .ئۇنداقتا بىز بۇ ياراتقۇچىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى بىر پىلانىتادىن ئەمەس ،بەلكى يەتتە قات ئاسماندىن يەرشارىدىكى ئىنسانلارغا ،شۇ ئىنسانلارنىڭ تىلى بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى .بۇ كالام قانداق چۈشتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قانداق مۇمكىن بولىدۇ ؟ شۈبھىسىزكى بۇ كاتتا بىر ئىشكى، ئىنسان بۇ ياراتقۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە بىزدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ.سىز بۇ ساماۋى كىتابلار ۋە پەيغەمبەرلەر بولمايدىغان بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ .ئۇلار جەزمەن پات يېقىندا بۇ ياراتقۇچىدىن بۇ ياراتقۇچىنىڭ مۇرات ــ مەقسەتلىرىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ .ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ياراتقۇچىغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە شۈكرى قىلىش ۋە بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلىشىدۇ .:**«ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى .»**(تاھا **134** ــ ئايەتتىن) ،بۇ سۆز بىزلەردىن تەرەققىي قىلغان مەخلۇقاتلارنىڭ

كالامى ئەمەس .بەلكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئۆز ئىلكىدە بولغان زات تەرىپىدىن چاڭ ـ توزانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان زىمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن كالامىدۇر.

ـ قۇرئان غەيىپ ئالەمدىن دۇنيا ئالەمگە ئەۋەتىلگەن ئالاقىدۇر .بۇ ئالاقە ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ قولىمىزدا .بىز ئۇنى مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئوقۇۋاتىمىز. ئەگەر بىزنىڭ قولىمىزدىكى بۇ قۇرئان غەيىپ ئالەمدىكى ئاددىي بىرسى تەرىپىدىن بىزگە نەسىھەت قىلىپ ۋە بىزگە ئاخىرەتتە بولىدىغان ئىشلارنى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتىلگەن ئالاقە بولغان بولسىمۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ئىش بولغان بولاتتى .لېكىن بۇ قۇرئان ياراتقۇچىنىڭ سۆزى تۇرسا ۋە ئۇ بىزگە ئاخىرەتتىكى كەلگۈسىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىۋاتسا ،سىز نېمە ئۈچۈن ئويلانمايسىز؟ .

ـ سىز بىزگە ئاسماندىن چۈشكەن ،ۋە ئۇنىڭغا«الله تەئالادىن ئىنسانلارغا » دەپ يېزىلغان بىر رىسالىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.سىز بۇ يۈكسەكلىكتە مىسالى بولمىغان الله نىڭ كالامىنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز؟ . . . شۈبھىسىزكى ،الله تەئالا تەرىپىدىن قۇرئاننىڭ چۈشۈرلىشى ھەرگىز ئاددىي بىر ئىش ئەمەس .بەلكى ئۇ ئىنساندا ھاياجان ،ئۇلۇغلاش ۋە قورقۇش ھېس قىلدۇرىدىغان كاتتا ئىشتۇر.

ـ دېمەك ،ياراتقۇچى تەرىپىدىن سۆزلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىش قورقۇش ، ئەيمىنىش ۋە ھاياجاننى ھېس قىلىش دېگەنلىكتۇر.لېكىن سىز قۇرئاننىڭ بىر ئىنسانغا چۈشىسىمۇ ،ئۇ ئىنساننىڭ تەسىرلەنمىگەنلىكىنى كۆرۈسىز . لېكىن دەل شۇ ۋاقىتتا ئەگەر قۇرئان تاغقا نازىل قىلىنغان بولسا ئەلۋەتتە تاغنىڭ الله تىن قورققانلىقتىن تىترەپ ،يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز .:«**ئەگەر بىز قۇرئاننى تاغقا نازىل قىلغان بولساق ،چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله تىن قورققانلىقىنى باش ئەگكەنلىكىنى ،يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ ،بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار(الله نىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز» (ھەشىر21 ـ ئايەتتىن)**

ـ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ پەقەت قۇرئاننىڭ كاتتا ،پاك ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئىنسانلاردىن ئىبارەت ئاددىي قۇللارغا ئېيتىلغان سۆز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن

قۇرئاندىن تەسرلەنگەنلىكىگە ئائىت بايانلار كىتابلارغا تولۇپ كەتتى.....

ـ دېمەك بۇيەردە قۇرئاننىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قويۇش بىلەن «قۇرئان الله نىڭ سۆزى» دېگەن سۆزى ئىپادىلەۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنى، بۇيۇكلۇكنى، ئۇلۇغۋارلىقنى ،كاتتىلىقنى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر بار.بۇ ياراتقۇچىنىڭ سۆزىنى ھېس قىلىش دېگەنلىكتۇر.يەنى قۇرئاننىڭ الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ۋە ھەربىر ئايەتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەنلا قورقۇش ،ئۇلۇغلاش ۋە ئەيمىنىش ھېس قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ـ قۇرئاننى ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋە بۇيۇك كىتاب ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئەمەس ،بەلكى ئۇنىڭ ياراتقۇچى زات الله  تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئاساسەن ھېس قىلىش كېرەك. بۇ بىزگە تونۇشلۇق قائىدە بولسىمۇ ،لېكىن بىز قۇرئاننى ھېس قىلالمايۋاتىمىز.قۇرئان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ۋە بۇ ياراتقۇچىنىڭ سۆزلىرىدە جەزمەن مۆجىزىلەرنىڭ بار بولغانلىقى بىلەن ئۆز قىممىتىنى تاپالايدۇ.

ـ قۇرئاننى كۆتۈرۋالغان( ياكى يادلىۋالغان )لېكىن قۇرئان ئاگاھلاندۇرىۋاتقان خەتەرلەرنى، قۇرئاننىڭ قىممىتىنى ۋە كۆرستىۋاتقان مەنپەئەتلىرىنى بىلمەيدىغان كىشى خۇددى قۇرئاندىكى نەرسىلەرگە ئېشەككە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق بايان بار:«الله  تائالا تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن، لېكىن ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىيلارنى ئۇلارنىڭ مىسالى خۇددى يۈك كۆتۈرگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ ،دەپ ئەيىبلەيدۇ . يەنى ئەگەر ئېشەك نۇرغۇن كىتاب كۆتۈرۋالسىمۇ ،لېكىن ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئۇقمايدۇ. دېمەك ئۇ بۇ كىتابلارنىڭ جىسمىنى كۆتۈرىدۇ ـ يۇ ،نېمە دېيىلگىنىنى ئۇقمايدۇ. ئەشۇ يەھۇدىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋە ئۇنى ھەرپمۇ ـ ھەرپ يادلىغان بۇ كىتابنى كۆتۈرىشىدە بۇ ئېشەككە ئوخشايدۇكى،ئۇلار بۇ كىتابنى چۈشەنمەيدۇ ،ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ.ھەتتا ئۇلار ئۇنى تەئۋىل قىلدى، ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئالماشتۇرىۋەتتى .دېمەك ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بۇ ئېشەكتىنمۇ يامان! .چۈنكى ئېشەكنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئەسلا يوق.(شۇڭا چۈشەنمەسلىكى ئەيىب سانالمايدۇ ـ ت)، لېكىن ئۇلار چۈشىنىپ تۇرۇپ ،بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا يەنە بىر

ئايەتتە‹ئۇلار ھايۋانغا ئوخشايدۇ ،بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەدتەردۇر .ئۇلار غاپىللاردۇر .› دېدى» .
( ئىبنى كەسىر)

***ئىككىنچى:قۇرئاننىڭ الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش؛***بۇ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ .بۇ يەردە قۇرئاننىڭ ئىلمى ،بالاغەت ۋە باشقا تەرەپتىكى مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش تۈرلۈك مۆجىزىلىرىنى ھېس قىلىشنىڭ ئەھمىيتى ئاشكارا بولىدۇ .بىز بۇ توغرىسىدا بۇ كىتابىمىزدا سۆزلەپ بولالمايمىز .بۇنى باشقا يەرلەردىن ئىگەللىۋېلىش مۇمكىن . لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ قويىمىزكى ،بۇ توغرىسىدىكى بىلىش پەقەت بىلىم ۋە مەلۇمات خارەكتىرىدىكى بىلىش بولۇپ قالماستىن بەلكى بۇ مۆجىزىلەردىكى ئاجايىپلىقنى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان قورقۇش ۋە ئەيمىنىش ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ھەقىقى ھېس قىلىش ،قۇرئاننىڭ مۇشۇ كائىناتنى پەيدا قىلغۇچى تەرىپىدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق بولىشى كېرەك .

ـ ئەگەر سىز بىر سېھرىگەرگە قارىسىڭىز ،سىزدە ئەجەبلىنىش ،ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز ھەرىكەتلىنىش ۋە دىققىتىڭىزنى تارتىش پەيدا بولىدۇ .ئەگەر ئۇنىڭ بۇ سېھرى ھەقىقى بولىسچۇ؟ . قۇرئان مۆجىزە جەھەتتە ھەممىدىن كاتتا ،ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسىدىنمۇ ئۇلۇغ . ئۇنداقتا ئويلاپ بېقىڭ ،سىز قولىڭىزدىكى بۇ قۇرئانغا مۆجىزە سۈپىتىدە قاراپ باقتىڭىزمۇ؟ . ئۇنىڭدىكى مۆجىزىلەر بىلەن سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز ھەرىكەتلىنىپ باقتىمۇ؟

***ئۈچىنچى:سۆزلىگۈچى(الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)نىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىش؛*** يەنى قۇرئان ئايەتلىرىنى سۆزلىگەن زاتنى ھېس قىلىش ، سىز قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا چوقۇم سىزگە ۋە ئىنسانلارغا خىتاب قىلىۋاتقان زاتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك . ئۇنداق بولمىسا سىزگە كىم سۆزلەۋاتقان بولىدۇ؟ . . . . .سىز چوقۇم سۆزلىگۈچى(الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا)نى ھېس قىلىشىڭىز ،سۆزلەنگۈچى ـ سىز ياكى باشقا ئىنسانلارنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك .ئۇنداق بولمىسا سىز بۇ سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقۇچىنى ۋە سۆزلەنگۈچىنى ھېس قىلالمايسىز . ئەگەر ھېس قىلالىغان بولسىڭىز مانا بۇ سىزنىڭ الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن پەيدا بولغان ئەمىلى ۋە ھېس قىلغىنى

بولىدىغان ئالاقە بولغان بولىدۇ.سىز اللە نىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىشىڭىز ئارقىلىق قۇرئاننىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىسىز.(ئۈچىنچى بابقا قاراڭ)

***ئۈتىنچى:اللە نىڭ سىزگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ خىتابنىڭ يەتتە قات ئاسماندىن سىزگە يۈزلەندۈرىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش؛***(ئۈچىنچى بابنىڭ ئىككىنچى پەسلىگە قاراڭ.)

***بەشىنچى:قۇرئان ئايەتلىرى كۆرسىتىۋاتقان مەزمۇنلارغا قەلبتە قىلچىلىك ھەرەجسىز بويسۇنۇش،تەسلىم بولۇش ۋە رازى بولۇشنى ھېس قىلىش؛***

ـ قۇرئاندا كەلگەن نەرسىلەر ياكى بۇيرۇق،ياكى چەكلەش ۋە ياكى خەۋەردۇر.خۇددى سىزنىڭ اللە قا بويسۇنغىنىڭىزدەك بۇمۇ اللە نىڭ سۆزلىرىگە بويسۇنىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.دېمەك سىز خوجايىنىغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بويسۇنىدىغان قۇل.شۇڭا سىز ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئۆز كۆز قاراشلىرىڭىزنى قوشماستىن رازى بولغان ھالدا بويسۇنىسىز. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئۇ بۇيرۇغان نەرسىلەردىكى پايدىلىق تەرەپلەرگە ئەقلىڭىز ۋە كۆز ـ قاراشلىرىڭىزنى ئىشلەتمەستىن، پەقەت ئۇ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا بويسۇنىسىز. «نېمە ئۈچۈن؟»دەپ سورىمايسىز. چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ،ئۇ نېمە ئۈچۈن؟ ، دەپ بىرەرسى ھېساب ئالمايدۇ.«نېمە ئۈچۈن»دېگەن سوئالنى سورىماستىن بويسۇنۇشنى ھېس قىلىش بولسا ،ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى،چەكلەشلىرى ۋە بەرگەن خەۋەرلىرىگە بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشتۇر.«**اللە نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.**»(ئەنبىيا**23** ـ ئايەتتىن)،سىز چوقۇم اللە نىڭ سۆزىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئەقلىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويىشىڭىز كېرەك.يەنى ئەقلىڭىز ۋە خاھىشىڭىزنى اللە نىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چۆرۈپ تاشلىشىڭىز لازىم.مانا بۇ اللە قا بويسۇنۇشنىڭ ھەقىقى مەنىسىدۇر.يەنى ئەقىل ۋە خاھىشنىڭ اللە سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ بۇيرۇق ۋە خاھىشلىرىغا بويسۇنىشىدۇر.چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى ئىنساننىڭ ئەزالىرىنى بۇيرۇيدىغان ۋە توسىدىغان باشقۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ سۆزى ۋە بۇيرۇقلىرى بۇيرۇيدىغان ۋە چەكلەيدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ.بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق قىلىپ زېمىندا ماڭىدىغان قۇرئان بولالىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.ئائىشە

رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا ،ئۇ «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»دەپ جاۋاب بەرگەن . (سەھىھۇلجامىئ **4811**) ،الله تائالا بىزنىڭ ئەقلىمىز ،چۈشەنچىلىرىمىزنى ۋە چۈشىنىش سەۋەبلىرىنى ياراتتى .الله سەۋەبلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ ،ئىنسانلار بولسا الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بويسۇنغۇچىدۇر . ئۇلار پەقەت الله چۈشەندۈرگىنىنى چۈشىنەلەيدۇ ، پەقەت الله ئۆگەتكىنىنىلا بىلەلەيدۇ . دېمەك ، ئەقىل ۋە خاھىشنى الله نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋۋەلەن الله نىڭ بۇيرۇق ،چەكلىمە ۋە خەۋەرلىرىنى روھى جەھەتتىكى خۇشاللىق بىلەن ،قەلبتە ھېچقانداق بىر سىقىلىش ھېس قىلماستىن ، ۋە ئۇنى ئەقىل ۋە كۆز قاراشقا توغرا قىلماستىن قوبۇل قىلىش لازىم بولىدۇ .**«(ئى مۇھەممەد!)پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ،ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار)ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلارپۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»**(نىسا **65**ـ ئايەتتىن) ، توغرا ۋە خاتانىڭ ئۆلچىمى ئەقىل ئەمەس .بەلكى اللهنىڭ قانۇنى ،بۇيرۇق ـ چەكلىمە ۋە خەۋەرلىرىدۇر .الله دېگەن سۆزلەر پەقەت ئۇنى الله نىڭ ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا توغرىدۇر .ئىنساننى خۇشال ياكى پەرىشان قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئۆلچىمى پەقەت الله نىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇنلىشىش ياكى خىلاپلىق قىلىشتۇر .ئەگەر بىر ئادەم الله نىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇشنى ھېس قىلمىغان بولسا ،دېمەك ئۇنىڭ نەزىرىدىكى توغرا ـ خاتانىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ ئەقلى ۋە كۆز قارىشىدۇر .ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئەقلىگە قۇل بولغان بولىدۇ .ئۇنى خۇشال ياكى پەرىشان قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولسا ،ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى ۋە دۇنياسىدۇر .ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە قۇل بولغان بولىدۇ .**«ئېيتىپ باقساڭچۇ؟نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە(نەفسى خاھىشغا ئەگىشىشتىن ساقلاش ئۈچۈن)ھامىي بولالامسەن»**(فۇرقان **43** ـ ئايەتتىن)

***ئالتىنچى:قۇرئان ئايەتلىرى مەقسەت قىلىۋاتقان مەزمۇننى ھېس قىلىش(قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن تەسىرلىنىش)؛***

ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ قۇرئاندىن تەسىرلىنىشلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشلىرى ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار بار.بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى،بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇرئاننى نەزەرىيەۋى چۈشىنىش مەسىلىسى بولۇپ قالمىغان. بۇنداق بولغاندا بۇ ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان كىشىنىڭ پەقەت ئوقۇش ئارقىلىقلا ئېرىشكەن چۈشەنچىسى بولۇپ قالاتتى.لېكىن ئۇلارنىڭ ئېگىدىكى بۇ مەسىلە قۇرئان ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش مەسىلىسى بولغان. مانا بىز دەل ئۇلار ئوقۇپ تەسىرلەنگەن ئايەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇۋاتىمىز ـ يۇ،لېكىن ھېچبىر تەسىر ئالالمايۋاتىمىز. چۈنكى بىز قۇرئان ئايەتلىرى مەقسەت قىلىۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنى ھېس قىلالمىغان. مانا بۇ بىر نەرسىگە ئېشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنىڭ پەرقى.ساھابىلەر ئېچىدە پەقەت قۇرئاننى ئاڭلاپلا مۇسۇلمان بولغانلار بار.چۈنكى ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئارقىلىق تونۇغان بولۇپ،ئۇلارنىڭ تونۇشى ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە تەپسىرى مەنىسى ئەمەس ئىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئان ئوقۇۋاتقان بولساقمۇ،پەقەت تەسىر ئالالمايمىز.

ـ تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە بىر نەزەر سېلىپ بېقىڭ:**«ساڭا ھەقىقەتەن ئېغىر بىر سۆزنى(يەنى قۇرئاننى) يۇكلەيمىز»** (مۇزەممىل **5** ـ ئايەتتىن)،**«ئۇلار كەلگۈسىدىكى ئېغىر بىر كۈنگە سەل قارايدۇ»**(ئىنسان **27** ـ ئايەتتىن)، **«قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىشتۇر.»**(ھەج **1** ـ ئايەتتىن)،**«(ئۇلارغا)ئېيتقىنكى،ئۇ(الله نىڭ بىرلىكىگە چاقىرغۇچى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىم)چوڭ بىر خەۋەردۇر.سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر»** (ساد **67**،**68** ـ ئايەتتىن)،**«كاتتا بىر كۈندە....»** (مۇتەففىفىن **5** ـ ئايەتتىن)، **«قۇرئان ھەقىقەتەن(ھەق بىلەن باتىلنى) ئايرىغۇچى سۆزدۇر.ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر.»**(تارىق **14**،**15** ـ ئايەتتىن)،يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەر ئادەتتىكى مەلۇماتلارغا ئوخشاش بىلىپ قويۇلىدىغان نەرسە ئەمەس.بەلكى ئۇ ھېس قىلىنىدىغان نەرسىدۇر.يەنى سىز بۇ كۈننىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولسىڭىز،ئۇنداقتا ئۇ سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزغا نىسبەتەن ئاددىي نەرسە بولۇپ قالىدۇ.شۇنىڭدەك قۇرئان ۋە قىيامەتنىڭ زىلزىلىسىمۇ ھېس ـ تۇيغۇلاردا ئادەتتىكى بىر سۆز ۋە ھادىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

*يەتتىنچى: قۇرئاننىڭ سىزنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشتىكى كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش؛*

ئەگەر بىرسى سىزگە سىز ئۈنىڭدا بىر مىليون يۈەن تاپالايدىغان ئىشەنچلىك بىر يولنى كۆرسىتىپ قويسا ،شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نېمىنى ھېس قىلارسىز؟ .سىز چوقۇم ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قالىسىز ۋە ئۇ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە كاتتا قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنداقتا سىز قۇرئاننىڭ سىزنى نېئمەتلىك جەننەتلەردىكى مەڭگۈلۈك سائادەتكە ۋە جەھەننەم ئوتلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان نىجادلىققا يېتەكلىگەنلىكىگە نېمە دەيسىز؟ .:«**شەك شۈبھىسىزكى ، سەن توغرا يولغا باشلايسەن .**»(شۇرا **52** ـ ئايەتتىن) .

# 6 ـ باب: پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش

(ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانلارغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلالماسلىق)

*بىرىنچى:قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى ھېس قىلىش؛*بۇ قۇرئان ۋە ھەدىسنى ھېس قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسنى ھېس قىلىش بولسا الله ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ،ئاخىرەتنى ،پەرىشتىلەرنى ،قازا ۋە قەدەرلەرنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۆزى دىنى بولۇشىغا رازى بولۇشنى ھېس قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ـ ئىنسان پەيغەمبەر ۋە ساماۋى كىتابلارسىز ھېچ نەرسىگە تەكلىپ قىلىنمايدۇ.الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق .**»(ئىسرا **15** ـ ئايەتتىن) ،سىز ئىنسانلار پەيغەمبەر ۋە ساماۋى كىتابلارسىز ياشايدىغان بىر مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇلارچوقۇم پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاش ئۆلچىمىمۇ پەقەت دۇنيا بولغان بولىدۇ.ئەگەر بىر قانچە كىشى كېلىپ: «بىزگە ياراتقۇچىمىز تەرىپىدىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن ئەلچىلىك ۋەزىپىسى

كەلدى .» دېسە ،ئۇلارنىڭ ياراتقۇچى زات تەرىپىدىن بولغان ئەلچىلىكنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئەلچى ـ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە بولىدۇ؟ شۈبھىسىزكى ، بۇلارنىڭ دەلىلى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ياكى الله ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئورۇنداپ بېرىدىغان ،ئىنسان قادىر بولالمايدىغان ،سەۋەبلەرنى ئىشلىمەس قىلىدىغان مۆجىزىلەر ، ياكى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنىڭ مۆجىزىسى ،ۋەياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ھاياتلىرىدىكى مۆجىزىلەردىن ئىبارەت مۆجىزىلەر بولىدۇ .شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قۇرئان ۋە ھەدىسىنىڭ مۆجىزىسىدۇر .ئەگەر ئىنسان بۇ مۆجىزىلەرگە ئىشەنسە ،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن سۆزلىگەن سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ .ئەگەر ئىنسان قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى ھېس قىلالمىسا ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە بولغان رازىمەنلىك ، ئىچ ـ ئىچىدىن قوبۇل قىلىش ۋە قەلبىدىن تەسلىم بولۇشنى ھېس قىلالمايدۇ . گەرچە بۇلارغا تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلسىمۇ . . . . .

ـ يەنە بىر تەرەپتىن ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئۇنىڭ ھەممىگە قادىر ،كۈچلۈك زات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىۋاتقان بۇ مۆجىزىلەردىكى ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ۋە سەۋەبلەرنى يوق قىلىشتىكى قۇدرىتىنى ھېس قىلىشنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ .

ـ يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بۇ ئىككىسىدىكى نەرسىلەرنى تەستىقلاشنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ .قۇرئان ۋە ھەدىس ئاساسلىق ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدىن خەۋەر بىرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ ، ئۇلار: **1** ـ ئىنسانلارغا ياراتقۇچىنىڭ الله ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈش ، **2** ـ ئىنسانلارغا ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلغان مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى بىلدۈرۈش ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىسلامنى ئەمەلىلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتۇر .(الله بۇيرۇغان ئەقىدە ۋە ئەمەل) ،**3** ـ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئىسلامنى ئەمەلىلەشتۈرىشىگە ئاساسەن ساۋاب ياكى جازاغا ئوخشاش ئاخىرەتنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش .

لېكىن ئىش پەقەت بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنگىنى يوق.بەلكى پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ الله نىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئەمىلى ئۈلگە بولدى.ساماۋى كىتابلار بولسا الله نىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن تەلەپلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرىشكە ياردەم بېرىدىغان مىساللار ۋە ئىزاھاتلار بىلەن تولۇپ كەتتى.مانا بۇ ئىنسانلارغا الله تەرىپىدىن كەلگەن رەھمەتتۇر. ھەتتا الله ئىنسانلارغا پات يېقىندا ئاخىرەتتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى خەۋەر قىلدى.ئۇلارغا ئۇلارنى الله نىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن بولىدىغان بارلىق توسۇقلارنى بايان قىلىپ بەردى. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ روھىي قىسمىدىكى توسۇقلارنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي بايان قىلىپ بەردى.ئۇلارغا كەسكىن ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنى كۆرسەتتى. دېمەك،قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن نەرسىلەرگە بولغان ئىشىنىشنى ھېس قىلىش الله نىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئاخىرەتنى،اللەنىڭ ئىسلامنى ئەمىلىلەشتۈرۈشتىكى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە رازى بولۇشنى،ئىسلامنىڭ ئۆز دىنى بولۇشقا رازى بولۇشنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ.خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك:«كىمكى الله نىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە،ئىسلامنىڭ دىنى ئىكەنلىكىگە،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولسا ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان بولىدۇ.»(مۇسلىم **160**)

ـ مانا بۇيەردە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىگە ئىشىنىش بىلەن بۇنى ھېس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئايدىڭ بولىدۇ،دېمەك قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاددىي بىر تونۇش،مەلۇمات ۋە ئىشىنىشلا بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى بۇ مۆجىزىلەردىكى ئاجايىپلىقنى ھېس قىلىش ۋە بۇ ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان قورقۇش، ئەيمىنىش قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇلارنى ھېس قىلىش،ۋە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ بۇ كائىناتنى ياراتقۇچى تەرىپىدىن بولغانلىقنى ھېس قىلىش يوسۇنىدا قوبۇل قىلىش بولىشى كېرەك.

***ئىككىنچى:(الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ)سۆزلىرىنى ھېس قىلىش؛***يەنى ئىنسان تۇرىدىن بولمىغان،بىز كۆرەلمەيدىغان بىرى تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىلىكنىڭ قانداق يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش،ھەتتا بۇ ئەلچىلىكنىڭ باشقا بىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ياراتقۇچى تەرىپىدىن،يەتتە قات ئاسماندىن يەرشارىدىن ئىبارەت

هاۋادا مۇئەللەق تۇرىۋاتقان توزان كەبى زېمىندا تۇرىۋاتقان بىر كىشىگە ئۇلۇغ ياراتقۇچىنىڭ ئەلچىلىكىنى ئاجىز بەندىلەرگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىش . بۇنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىمىز:

ــ ئىنسانلارنى ۋە بۇ كاتتا كائىناتنى ياراتقان زاتنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئىنسانلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بىلدۈرمەستىن ،ئۇلارنى ئۆز ھالىدا تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس .بۇ ئىشلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يا ئۇ ياراتقۇچىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىۋاستە سۆزلەپ ،ھەممە مەخلۇقاتقا ئاڭلىتىشى كېرەك بولىدۇ .بۇ ۋاقىتتا ئىنسان قانداق بولۇپ كېتەر؟ .چوقۇم بىر قورقۇنچلىق ھېسياتقا چۆمۈشۈپ كېتىدۇ! .ياكى ئۇ ياراتقۇچى بىر پەرىشتىنى ئۇلارغا ئەۋەتىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتە الله تەرىپىدىن چۈشىدۇ ۋە ئاسماندىن ئىنسانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارغا بۇ خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ . سىز بىرەر پەرىشتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قېشىغا چۈشۈپ ،ئۆزىنىڭ ئەشۇ چوڭ ۋە قورقۇنچلۇق ھالىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ ،ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا سۆز قىلغان ۋە ئۇ ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىۋاتقان بىر ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ . شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلار قانداق ھېسياتتا بولار؟ .شۈبھىسىزكى ،بۇمۇ ئوخشاشلا بىر قورقۇنچنى ھېس قىلىش بولىدۇ .بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ الله نى ــ يەنى الله نىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە سۈپەتلىرىنى ــ ھېس قىلىشلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغان بولىدۇ .چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەشۇ الله نىڭ قېشىدىن كەلگەن پەرىشتە بار .

ــ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىكى مۇشكۇلاتى شۇكى ،ئۇلار الله نى ياكى الله نىڭ تەرىپىدىن چۈشكەن پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى خۇددى پەيغەمبەرلەرنى كۆرگەندەك كۆرۈشنى ئويلايتتى .چۈنكى بۇنداق بولغاندا بۇلار الله نى ھېس قىلالايتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتاتتى .الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار( يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ، ياكى (بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز»دېيىشتى . شۈبھىسىزكى ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى .»( فۇرقان 21 ــ ئايەتتىن ) ،«ئۇلار:« ئۇنىڭغا( يەنى مۇھەممەد**

**ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ)نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دەيدۇ.ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى(يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا،ھالاك قىلىناتتى)،ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى. بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ،ئەلۋەتتە ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق،ئۇلارنى يەنە شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق(يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە،:«بۇ ئىنسان،ئەمما پەرىشتە ئەمەس دەيتتى»)»(ئەنئام 8، 9 ـ ئايەتتىن)،** ئەگەر ئىنسانلار پەرىشتىلەرنى ئۆز ھالىتىدە كۆرگەن بولسا ۋە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان بولسا،ئەلۋەتتە ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى. لېكىن الله ئىنسانلارنى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان دەلىل كۆرسىتىشنى ئىرادە قىلمايدۇ:**«ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ(ئىمان ئېيتىشنى)خالايدىغان بولساق،ئۇلارغا ئاسماندىن(ئۇلارغا ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان)بىر ئايەتنى نازىل قىلاتتۇق ـ دە، ئۇنىڭغا باش ئەگكەن بولاتتى.»**(شۇئەرا 4 ـ ئايەتتىن)، ئەمىلىيەتتە ئىنسانلار پات يېقىندا پەرىشتىلەرنى جەزمەن كۆرىدۇ .لېكىن بۇ ۋاقىتتا نادامەت پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ:**«ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)(ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر»دەيدۇ»**(فۇرقان 22 ـ ئايەتتىن)،

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا بىر ئىنساندۇر.ئۇ الله تەرىپىگە باردى ۋە بۇراق بىلەن بېسىلغان ھەيۋەتلىك سەپەرنى بېسىپ ئۆتتى.(ئىسرا ۋە مىئراج سەپىرىدە).ئۇ الله نىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا الله قا سالام قىلدى.الله ئۇنىڭغا سۆز قىلدى،ئۇمۇ الله قا سۆز قىلدى.سىز بۇ كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.ۋە سىز سىزدىن بۇرۇن بىر ئىنسان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تاماملاپ باققاندەك، الله نىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن،سىزگە الله نىڭ بۇ سەپەرگە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى خىيال قىلىپ بېقىڭ.نېمىنى ھېس قىلارسىز؟.الله قا نېمىلەرنى ئېيتارسىز؟.......سىز چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ،سىزگە الله نىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەنلىكىنى خىيال قىلىشىڭىز كېرەك.مانا بۇ الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ سۆزىنى ھېس قىلىشتۇر. شۈبھىسىزكى بىرسىنىڭ

سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئۇلۇغ الله تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى ئېلىپ كېلىشى ئەيمىنىشلىك بىر ئىشتۇر.

ـ سىز بىر كىشىنىڭ قېشىڭىزغا كېلىپ:«مەن هازىر كانادادىن كەلدىم، سەپەردە سىزنىڭ ئاكىڭىز بىلەن بىرگە بولدۇم. ئۇ ناهايىتى ياخشى .سىزگە مۇنداق دېدى......» دېگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.ئۇنداقتا بۇ ئادەم سىزنىڭ ئاكىڭىزنىڭ قېشىدىن سىزگە كەلگەن ئەلچى بولۇپ هېسابلىنىدۇ .بىر كىشىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن سىلەرگە الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچى.» دېيىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتۇر. ئەگەر ئۇ بىر پەرىشتە بولۇپ ،ئۆز شەكلى ۋە سۇرىتىدە چۈشكەن بولسا ،ئۇنىڭغا بىر قاراشلا ئۇنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلغان بولاتتى.ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئىنسانلارغا ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا الله ئۇنى ئالاھىدە مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردى.ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئانمۇ ئۆزىدىكى ئىنسان ئاجىز كېلىدىغان خىلمۇ ـ خىل مۆجىزىلىرى بىلەن ئەڭ كاتتا مۆجىزىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس.لېكىن ئۇ الله تەرىپىدىن كېلىدىغان ۋەھيىنى قوبۇل قىلالايدۇ. ۋەھيي الله نىڭ قېشىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن هالدا چۈشىدۇ. جىبرىئىل بولسا الله ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىدۇر.

ـ ۋەھيىنىڭ غەيىپ ئالەمدىن بۇدۇنيادىكى بىر ئىنسانغا چۈشۈرۈلگەنلىكى تەسەۋۋۇر ۋە هېس قىلىش زۆرۈر بولغان ئاجايىپ ئىشتۇر.مەسىلەن:ئەگەر ئالەمنى تەكشۈرگۈچىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر پىلانىتىدىن ئاسماندىكى يەنە بىر يۇلتۇزغا بىر ئالاقىنىڭ يەتكەنلىكىنى ئېيتسا،بۇ ئىش چوقۇم ئەجەبلىنىش ۋە هەيرانلىقنى قوزغايدۇ.

ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار الله تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىنىڭ بار ئىكەنلىكىنىڭ نېمە مەنا بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.بۇ ئارقىلىق سىز ئىنسان بىلەن الله ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەمىلى ئالاقىنىڭ بارلىقىنى هېس قىلىسىز.ۋە سىزگە ئەۋەتىلگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى هېس قىلالايسىز.شۇنىڭ بىلەن سىز

ئۆنىڭغا بويسۇنىسىز ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىسىز.شۇنىڭدەك بۇيەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ھېس قىلىشتىن يۇز ئۆرۈشنىڭ مەنىسى ئاشكارا بولىدۇ.

ـ پەيغەمبەرنى ھېس قىلىش مۇنداق ئىككى باسقۇچنى تەلەپ قىلىدۇ:بىرى الله نىڭ ئەلچىلىكى يەتتە قات ئاسماندىن الله تەرىپىدىن بوشلۇقتىكى ئەشۇ توزان كەبى يوقلىدىغان يەرشارىغا چۈشكەن باسقۇچتۇر.بۇ باسقۇچ ئىشەنچىلىك ۋەھىي يەتكۈزگۈچى جىبرىئىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.جىبرىئىل الله دىگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ،ئاندىن ئۇنى بىرمۇـ بىر كۆچۈرۈپ ، زېمىنغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئېلىپ چۈشىدۇ.ئىككىنچى باسقۇچ بولسا ئىنسانلاردىن بولغان بىرىنىڭ بۇ ئەلچىلىكنى قېلىپ قالغان ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ ئېلىشىدۇر.بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

***ئۈچىنچى:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىش؛*** بۇ تۆۋەندىكىلەردە گەۋدىلىنىدۇ؛

**1**ـ ئۇنى ئەۋەتكەن زاتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىش:الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىنىڭ مەۋجۇد بولىشى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس.بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كاتتا بىر ئۇلۇغلۇقتۇر.ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر شەخس ـ گەرچە ئۇ پادىشاھ بولسىمۇـ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئەمەس.لېكىن پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىدۇر.سىز ئەڭ بۈيۈك الله نىڭ قۇدرىتى،كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تونۇشىڭىز كېرەك.(ئۈچىنچى بابقا قاراڭ).شۈبھىسىزكى ھەرقانداق بىر ئەلچى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆزىنى ئەۋەتكەن كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىدىن ئالغان بولىدۇ.ھەرقانداق بىر ئەلچى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈلۈشىنى ئۆزىنى ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ياخشى كۆرۈلۈشىدىن ئالغان بولىدۇ.ئەگەر ئۇ سىزگە دوستىڭىز تەرىپىدىن كەلگەن بولسا،سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈسىز،ھۆرمەتلەيسىز ۋە ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىسىز.ئەگەر ئۇ دۈشمەن تەرىپىدىن كەلگەن بولسا،سىز ئۇنى يامان كۆرۈسىز . شۈبھىسىزكى،مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىز ياخشى كۆرۈدىغان زات تەرىپىدىن كەلدى. (كىمكى الله نى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇسا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ).شۇڭا سىز

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله يولىدا ياخشى كۆرۈسىز.چۈنكى ئۇ ئىمان جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى.بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتنى ھەق يولغا يېتەكلەشتىكى سىزگە ۋە ئۇممەتكە قىلغان پەزلى ئېھسانلىرى،ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدە شاپائەت قىلغۇچى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئويلىغىنىڭىزدا سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز.ھەتتاكى ئۇ سىزگە سىزنىڭ جېنىڭىز ۋە مېلىڭىزدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ھېچقايسىڭلار مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مېلى،ئەھلى ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»(نەسائى رىۋايىتى).يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق.ئۇ ئۆمەرنى تۇتۇۋالغان ئىدى.ئۆمەر ئۇنىڭغا:«يا رەسۇلۇللاھ!سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن.» دېۋىدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن ھەتتا ساڭا سېنىڭ جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچە (ئىمانىڭ تولۇق بولغان) بولمايدۇ.»دېدى.شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر :«الله بىلەن قەسەمكى،سەن مەن ئۈچۈن مېنىڭ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن.»دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئى ئۆمەر!مانا ئەمدى (ئىمانىڭ تولۇق)بولدى.» دېدى.»(بۇخارى **6257**). بەزى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئېششلىرى ھەقىقەتەن خەتەرلىك.لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلۇقىغا تولۇق ئىشىنىش بولغان بولسىمۇ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ ھەقىقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ بولماسلىقى تېخىمۇ خەتەرلىك ئىشتۇر.(مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.)

**2** ـ پەيغەمبەر ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان خەتەرنى ھېس قىلىش پەيغەمبەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ؛پەيغەمبەرلەر خۇددى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان قوڭغۇراقتەك كىشىلەرگە تەنبىھ بېرىش ۋە يەنە بىر ھەقىقى ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، ئىنسانلارنىڭ شۇ ھاياتقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.:«(ئى

**مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،ئى ئىنسانلار! مەن پەقەت سىلەرگە ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.»** (ھەج 49 ـ ئايەتتىن)،**«پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.»** (سەبەئ 46 ـ ئايەتتىن). دېمەك،پەيغەمبەر دېگەن كىشىلەرنى بىز يۈزلىنىۋاتقان چوڭ خەتەردىن(بۇ خەتەر ئاخىرەت بولۇپ،نادامەت پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىتتىن بۇرۇن كەلگەن)ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.نۇرغۇن كىشىلەر ھېچ خەتەر ھېس قىلمايۋاتىدۇ.لېكىن ئۇلار پات يېقىندا ئاخىرەتكە تۇنجى قەدىمىنى قويغان ۋاقىتتا چوقۇم ھېس قىلىدۇ.:**«ئۇلار دوۋزاختا:«پەرۋەردىگارىمىز !بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق»دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ»**(فاتىر 37 ـ ئايەتتىن)،شۇنىڭدەك ئىنسان بىز سۆزلەۋاتقان ئەلچىلىك ـ قۇرئان ـ نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە سۈننەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى،ۋە بۇ ئىككىسىدىكى ھىدايەتنى، ئۇنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نېئمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

3 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ(شەرىئەت بەلگۈلىگۈچىلىكىگە ئوخشاش) قىممىتىنى ھېس قىلىش؛مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت قۇرئاننى يەتكۈزۈش يولىدىكى ئەلچى ياكى نەقىل قىلغۇچىلا ئەمەس.(شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ،بۇنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇلۇغ ۋە ئالى مەرتىۋە ،شەرەپ كەلتۈرەلىگەن بولاتتى.)بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئۆزىمۇ قۇرئاننىڭ رىسالەت بولغانغا ئوخشاشلا رىسالەتتۇر.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ۋە كىشىلەرگە ئەملى رىسالەتتۇر.لېكىن ئۇ ئىنسان سۈرىتىدە بولۇپ،الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسان تىلى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنسانلارغا خاس رېئالى ، ئەملى ئۈلگە بولىشى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئەلچى قىلىپ چۈشۈرمىدى.مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەدىرلەش ۋە ياخشى كۆرۈش قۇرئان رىسالىتىنى قەدىرلەش ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا بۈيۈك الله تەرىپىدىن كەلگەن رىسالەتتۇر.الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«. . . .سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى.»**(مائىدە 15 ـ ئايەتتىن)**«ئى ئىنسانلار!سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار**

**تەرىپىدىن(شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت)ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى(يەنى قۇرئاننى)نازىل قىلدۇق» (نىسا 174 ـ ئايەتتىن)، «ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ،ئۇلار ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات،ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ .ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ.ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ،ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ.ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق،كويغا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ(يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)،ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار،ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر،ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر،ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر(يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»(ئەئراف 157 ـ ئايەتتىن)،**

ـ ئەگەر سىز ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋى كىتابلارسىز بولىشىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.چوقۇم ئۇلار پەقەت دۇنيا ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق پايدا ـ زىيان ئۆلچىمى پەقەت دۇنيا ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە ساماۋى كىتابلارغا ئىشەنسىمۇ،لېكىن ئۇلارنى ھېس قىلالماسلىقىمۇ،دەل مۇشۇ نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا ئاددىي بىر شەخس تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاددىي بىر كىشى بولۇپ قالىدۇ.مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىشنىڭ پەرقىدۇر.

ـ بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى.ئۇلار قىيامەت كۈنىسىدە تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن يۈزلىرى قوللىرى ۋە پۇتلىرىدا ئاقلىقنىڭ ئالامىتى بولغان ھالەتتە كېلىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى،مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن نۇرلۇق ھالەتتە كېلىدۇ.كىم نۇرىنى ئۇزارتىشقا قادىر بولالىسا ئۇزارتسۇن.»(مۇسلىم 363)،قىيامەت كۈنى ھەممە مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىنىڭ قېشىغا ئىچىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى تاھارەتنىڭ ئەسرىدىن تونۇۋالىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«....چوقۇم ئۇلار تاھارەتلىرىنىڭ تەسرىدىن نۇرلۇق ھالەتتە كېلىدۇ.مەن ھەۋزى كەۋسەرگە ئەڭ بۇرۇن بارىمەن.ئاگاھ بۇلۇڭلاركى ،بەزى كىشلەر مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمدىن خۇددى ئېزىپ كەتكەن تۆگە توسۇلغاندەك توسۇلىدۇ. مەن ئۇلارنى«كېلىڭلار»دەپ چاقىرىمەن.ئاندىن ماڭا:«ئۇلار سەندىن كېيىن ئۆزگەرتىۋەتكەن.»دېيىلىدۇ.ئاندىن مەن ئۇلارغا:«يىراق تۇرۇڭلار.يىراق تۇرۇڭلار» دەيمەن.» (مۇسلىم)،ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرىشتىلەر توسۇۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ:«ئۈممىتىم!»دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى ئوتتىن(دوزاختىن) توسىمەن.لېكىن سىلەر پەرۋانە ۋە چېكەتكە ئۆزىنى ئوتقا ئاتقاندەك ئوتقا ئېتىلىسىلەر.سىلەرنى قويۇپ بەرگىلى تاس قالىمەن.مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە ساقلايمەن.ئاندىن بىر تۇركۇم كىشلەر مېنىڭ قېشىمدىن قايتۇرۇلىدۇ. مەن سىلەرنى سىلەرنىڭ ئىسمىڭلار ۋە چىرايىڭلاردىن خۇددى يۇتۇپ كەتكەن تۆگىسىنى تونۇغان كىشىدەك تونۇيمەن.مەن :«ئى رەببىم! ئۈممىتىم!»دەيمەن.ماڭا:«سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن» دېيىلىدۇ....»ئەمما ھەۋزى كەۋسەرگە قايتالىغانلار نىجاد تاپقان بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مەن ھەۋزى كەۋسەرگە سىلەردىن بۇرۇن بارىمەن.كىمكى يېتىپ بارالىسا نىجاد تاپىدۇ.»

ـ شۈبھىسىزكى،پەيغەمبەرنى ھېس قىلغان كىشى ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

# 7 ـ باب: قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق قەلبىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش

(ياراتقۇچىنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماسلىق)

***ـ قازا ۋە قەدەرنى ھېس قىلىشنىڭ مەنىسى بولسا الله نىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتۇر؛***

**«الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ،ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.»**(ئەنبىيا **23** ـ ئايەتتىن) ،الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا كائىناتنى ، ئىنسانلارنى ۋە ئاخىرەتنى يارىتىشنى ئىرادە قىلدى .نېمە بىلەن ئىرادە قىلدى ، قانداق ئىرادە قىلدى ،نېمە ئۈچۈن؟ . . . .دەپ سورالمايدۇ .ئۇنىڭدىن ھېچ كىشى ھېساب ئالالمايدۇ .«نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىماستىن تەسلىم بولۇشنى ھېس قىلىش بولسا الله نىڭ قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشنى ھېس قىلىشتۇر . شۇنىڭدەك الله نىڭ قازا ۋە قەدەرنى ھېس قىلىش بولسا بارلىق ئىشلار ۋە بارلىق نەرسىلەرنى الله نىڭ كۆزىتىپ تۇرغانلىقى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغانلىقىغا تولۇق ۋە كامىل بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشتۇر .دېمەك سىز ۋە بارلىق نەرسىلەر الله نىڭ كۆزىتىشى ۋە باشقۇرىشىغا بوي ئەگكۈچىدۇر .الله نىڭ قازا ۋە قەدىرىنى ھېس قىلىشنىڭ مەنىسى الله ئىرادە قىلغان ئىشلارغا ۋە ھەربىر كىشى ئۈچۈن رىزىق ۋە ئەجەلنى ، ھاياتىدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىگە رازى بولۇشنى ھېس قىلىشتۇر . شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا الله نىڭ ئىنسانلارغا قويغان تەلىپىنى ئىجرا قىلىش يۈكلەنگەنلىكىگە مەمنۇن بولۇشنى ھېس قىلىشتۇر .الله قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدۇ . الله تىن ھېچ كىشى«نېمە ئۈچۈن؟» ،«نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ھېساب ئالالمايدۇ. الله بىزنىڭ ئەقىللىرىمىزنى ،چۈشىنىش قابىلىيەتلىرىمىزنى ۋە سەۋەبلەرنى ياراتقان .الله

سەۋەبلەرنىڭ ئىگىسىدۇركى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا مەجبۇرلانغۇچىلاردۇر. ئۇلار پەقەت الله چۈشەندۈرگىنىنىلا چۈشىنەلەيدۇ.الله ئۆگەتكىنىلا ئۆگىنەلەيدۇ. دېمەك قازا ۋە قەدەرنى ھېس قىلىشنىڭ مەنىسى الله قا كامىل بويسۇنۇشتۇر.كىمكى الله قا كامىل بويسۇنۇش ۋە باش ئېگىشنى ھېس قىلالمىسا،ئۇنداقتا ئۇ الله نىڭ ھەممە شەيئىلەرگە ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى،ھەممە شەيئىلەردە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى، ھەممە ۋە ھەرقانداق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان بولىدۇ. يەنى ئۇ الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە تولۇق ئىشەنگەن بولسىمۇ،لېكىن بۇلارغا رازى بولۇشنى ھېس قىلالمىغان بولىدۇ.

ـ الله تائالانىڭ ھەرشەيئىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ئەقىل ۋە قەلبنىڭ الله قا بويسۇنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.توغرا ۋە خاتانىڭ ئۆلچىمى ئەقىل ئەمەس،پەقەت الله نىڭ بۇيرۇق ۋە قانۇنلىرىدۇر.ئىنساننى خۇشال ياكى غەمكىن قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئۆلچىمى پەقەت ئۇنىڭ الله نىڭ بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىدۇر. ئەمما كىمدە كىم الله نىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا بويسۇنۇشنى ھېس قىلالمىغان بولسا،دېمەك ئۇنىڭ نەزىرىدىكى توغرا ۋە خاتانىڭ ئۆلچىمى پەقەت ئەقلى ۋە كۆز قاراشلىرىدۇركى،ئۇ شۇ ئەقلىگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىنساننى خۇشال قىلىدىغان ياكى غەمكىن قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى، دۇنياسىدۇركى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.:**«ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەفسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە(نەفسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن)ھامىي بولالامسەن.»(فۇرقان43 ـ ئايەتتىن)**

***ـ قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا رازى بولۇش ۋە ھېس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر:***

شۇبھىسىزكى، قازا ۋە قەدەر چۈشەنچىسى ھەممە نەرسىنىڭ لەۋھۇل مەھپۇزدا يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى،بەندىلەردە چەكلەنگەن ئىختىيارلىقنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىمۇ الله ئالدىن يېزىۋەتكەن تەقدىرنىڭ بىر قىسمىدۇر.بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز، بىز ياسىغان،پەيدا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ

مەخلۇقلىرىدۇر. الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«الله سىلەرنى ۋە سىلەر قىلغان ئىشلارنى ياراتتى.»«ھالبۇكى،سىلەرنى ۋە ياراتقان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر»** (سافافات**96** ـ ئايەتتىن) ،بۇ دېگەنلىك الله قا بويسۇنۇش ،باش ئېگىش ۋە تەسلىم بولۇشنى ھېس قىلىش، سەۋرى قىلىش،مەمنۇن بولۇشنى ھېس قىلىش ۋە الله نىڭ ھەر نەرسىدە ھۆكۈم قىلىش ۋە كۆزىتىپ تۇرۇشتىكى كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش كېرەك دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.ھەرقانداق نەرسە مەيلى بولۇپ بولغان ياكى كېيىن بولىدىغان نەرسە بولسۇن پەقەت الله نىڭ خالىشىغا مۇۋاپىق ھالدا بولىدۇ.بارلىق ئىش الله نىڭ ئىلكىدىدۇر.ھەممە كىشىلەر قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىسمۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا الله قا بويسۇنۇش، تەسلىم بولۇش،باش ئېگىشنى ۋە مەمنۇن بولۇش،سەۋرى قىلىشنى تاپالمايسىز. بەزى ئىنسانلار قازا ۋە قەدەرگە تولۇق ئىشەنسىمۇ ۋە بۇنىڭغا رازى ئىكەنلىكىگە جەزمى قىلىپ،مۇسىبەت كەلگەندە:«ئەلھەمدۇلىللاھ(الله قا شۈكرى!)»دېيىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ«مەن رازى»دەۋاتسىمۇ،ئۇنىڭ قەلبى غەزەپلىنىپ نارازى بولغان بولىشى مۇمكىن.سىز ئۇنىڭ «الله قا شۈكرى» دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈسىز .لېكىن ئۇ بۇ سۆزنى ئادەت ياكى شەكىلۋازلىق يۈزىسىدىن دەيدۇ.ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل غەزەپ ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ.بىز سەۋرى قىلىدىغانلىقىمىزنى دەۋا قىلىمىز.لېكىن قۇرئاندا كەلگەن «چىرايلىقچە سەۋرى قىلىش» بولسا قەلبنى غەزەپتىن ،تىلنى شىكايەتتىن توسۇشتۇر. يەنى سىنىنىڭ ئاچچىقىڭنى يۇتۇپ، قاتتىق ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە تەبەسسۇم قىلالىشىڭدۇر. شۇنداق بولغاندا ئىنسان مۇسىبەتنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ.مانا بۇ قەلبنىڭ ھۆكۈملەر دائىرىسى ئاستىدا تەسكىن تېپىشى، ئاقىۋەتلەردىن ئارام ئېلىشى، قۇتۇلۇشنى كۈتۇش ۋە ئەجىر تەلەپ قىلىشىدۇر.

***ـ الله نىڭ مالىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛***

الله نىڭ بارلىق نېئمەتلەرنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى چوقۇم بۇ نېئمەتلەرنىڭ كېتىپ قېلىشىغا سەۋرى قىلىدۇ.چۈنكى بۇ نېئمەتلەر ئۇنىڭ مۈلۈكى ياكى ھەققى ئەمەس.شۇڭا بۇنىڭغا رازى بولىدۇ.الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«ئۇلارغا بىرەر**

**مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ، ئۇلار:«بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز(يەنى الله نىڭ مۇلۇكلىرىمىز) ،چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»دەيدۇ»(بەقەرە156 ـ ئايەتتىن)** ئىبنى كەسىر «بىز الله نىڭ»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى مۇنداق شەرھلىگەن:«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ الله نىڭ مۇلۇكى ئىكەنلىكلىرىنى ،الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ .» دېمەك الله خالىغىنىچە قىلىدىغان بۇ نەرسىلەر سىزنىڭ مۇلۇكىڭىز ئەمەس .الله نىڭ ئۆز مۇلۇكلىرىدە خالىغىنىچە ئىش قىلغانلىقىدا ھېچبىر زىيانلىق تەرەپ يوق .ئەگەر الله سىزنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسىمۇ ،سىز ئۇنىڭغا رازى بولىشىڭىز كېرەك .چۈنكى سىزنىڭ ئۆزىڭىزمۇ الله نىڭ مۇلۇكى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر .نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئىگە بولىۋاتقان نەرسىلەردە خالىغىنىچە قىلىش ھەققى بار .ھەتتاكى ئەگەر الله بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئازابلىغان بولسىمۇ ،ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئۆزى زالىم بولمىغان ھالدا ئازابلايتتى .چۈنكى ئۇ الله ئۇلارنىڭ ئىگىسى ،ئۇنىڭدا ئۆز مۇلۇكلىرىدە خالىغانچە قىلىش ھەققى بار .: **«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر ،الله خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ ،خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ ،الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ،ناھايىتى مېھرىباندۇر»**(فەتھ 14 ـ ئايەتتىن) **«الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ ،ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ .»** (ئەنبىيا 23 ـ ئايەتتىن)ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ الله نىڭ مۇلۇكى ئىكەنلىكىنى ،ھاياتىنىڭ پەقەت ،ئىگىسى ھامان قايتۇرىۋالىدىغان ئارىيەتكە ئېلىنغان نېئمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى ئۆلۈم ئالدىدا مەمنۇن ھالدا بولىدۇ . چۈنكى بۇ ۋاقىتتا الله ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىنى قايتۇرىۋېلىۋاتىدۇ .بۇ كىشى يەنە شۈكرى قىلىدۇ .چۈنكى ئۇ الله بۇ نېئمەتلەرنى ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۇنىڭغا بەردى .بۇ بۇ مۇددەتتە بۇ نېئمەتلەردىن ھوقۇقسىز تۇرۇپ پايدىلاندى . شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىنىڭ روھى ئاسان چىقىدۇ .لېكىن ئىنسان بۇ نېئمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ، تىرىشچانلىقى ،مۇشەققىتى ئارقىلىق ئۆزى پەيدا قىلغان دەپ قارايدۇ .خۇددى قارۇن ئېيتقاندەك:**«قارۇن:«مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن ، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم»دېدى ،»**(قەسەس 78 ـ ئايەتتىن) ،شۇڭا ئۇ مال ،تۇرالغۇ ، خىزمەت ،يۈز ئابرۇيي ۋە ھوقۇق . . . .قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مۇلۇكى ۋە بۇنىڭغا

ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا بۇ نېئمەتلەرنى ــ مال ، تۇرالغۇ ، ئايال ،بالا ،يۈز ــ ئابرۇي ،ھوقۇق ،كۆز قۇلاق . . . . . . .قاتارلىقلارنى تاشلاپ كېتىشكە چىدىمايدۇ.چۈنكى ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ مۈلۈكى ،ئىككىنچى بىرى بۇنى تارتىۋېلىشقا ھوقۇقلىق ئەمەس.ئەگەر شۇنداق قىلسا زالىم بولغان بولىدۇ،دەپ قارايدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ئالدىدا بۇ نېئمەتلەرگە تارتىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى ناھايىتى تەس چىقىدۇ.ئۆزى جېنىنى ئالغان كىشنى(ئۆلۈم پەرىشتىسىنى)يامان كۆرىدۇ .بۇ جاننى ھەقىقى ئىگىسى بولغان الله تائالا قايتۇرۋالىدىغان ئارىيەت ياكى ئامانەت دەپ تونۇيالمايدۇ ــ دە ، ئۆلۈم كەلگەندە بۇ تەقدىرنى يامان كۆرىدۇ .

***ــ ئاخىرەتنى ھېس قىلىش قازا ۋە قەدەردىن مەمنۇن بولۇش ۋە ئۇنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ؛*** ئاخىرەتنى ھېس قىلىش دۇنيانىڭ ناھايىتى ئاز ۋە يوقالغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسان دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر نەرسىگە ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.دۇنيانىڭ راھىتى جاپاسى بىلەن ئوخشاش بىلىنىدۇ.الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«الله تەئالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىشى)قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر،»**(ھەدىد **23** ــ ئايەتتىن) **«ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ، ئۇلار:«بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز(يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)،چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»دەيدۇ»**(بەقەرە **156** ــ ئايەتتىن)،يەنى ئۇلار دۇنيانى مۇھىم دەپ بىلمەيدۇ.چۈنكى ئۇلار الله نىڭ مۈلۈكى ۋە ئۇلار ھەقىقى ھاياتقا قايتقۇچىلاردۇر.

***ــ ئۆلۈمگە ئىشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا رازى بولۇش ۋە ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر؛*** ھەرقانداق نەرسە ۋە ھەرقانداق بىر مۇسىبەت پەقەت الله نىڭ تەقدىرىدىن بولىدۇ.ئۆلۈممۇ چوڭ مۇسىبەتلەرنىڭ بىرىدۇر.:« . . . . .**ئاندىن سىلەرگە ئۆلۈمنىڭ مۇسىبىتى كەلدى.»**(مائىدە **106** ــ ئايەتتىن)،الله تائالا ئۆلۈمنى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلىگەن.دېمەك ئۇ مەلۇم بولغان،ئىلگىرىمۇ ئۆتۈپ تۇرغان،تونۇشلۇق مۇسىبەتتۇر. شۈبھىسىزكى،ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ پات يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىغا ئازراقمۇ شەك قىلماستىن ئىشىنىدۇ.لېكىن ھېس قىلىش ۋە رازى بولۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

ئۆلۈمنى ھېس قىلمايدۇ ۋە رازىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھېس ۋە رازىلىق تۇيغۇلىرى:«مەن مەڭگۇ ئۆلمەيمەن ياكى مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن.»دەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«شۇبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن،ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىسمەن كۆرۈسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ،ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ،الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»** (سۈرە بەقەرە **96** ـ ئايەت)ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ تىلى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆلۈم مەڭگۇ مۇمكىن بولمايدىغان يالغان گەپتۇر. خۇسۇسەن يۈز ـ ئابرۇيلۇق،مەنسەپ ۋە دۇنيالىق،مۇلۇكدار كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق! .ئۇنىڭ ئۆلۈپ تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقى ھېس تۇيغۇلىرىدا مەڭگۇ مۇمكىن بولمايدىغان يالغان گەپتۇر.ئەگەر ئىنسان ئۆلۈمنى ئەمىلى ھېس قىلالىسا چوقۇم قورقۇش،ئەيمىنىش ۋە ئىنساننىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى،بۇ يەردە بىر ئىنساندىن كۈچلۈك بولغان،بۇ ئىنساننى خالىغىنىچە قىلالايدىغان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.ۋە بۇ كۈچكە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويۇشى ئۈچۈن بويسۇنىدۇ.ئەگەر ئىنسانلار ئۆلۈمنى ھېس قىلغان بولسا،يۈز ئابرۇي ۋە مەنسەپ ئىگىلىرىگە ۋە مۇلۇكدارلارغا ھۆرمەتلەش نەزىرىدە ھەرگىز قارىمايتتى.لېكىن ئۆلۈم ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇسىدا ئاددىي بىر سۆز بولۇپ قالغان.شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۆلۈم» دېگەن بۇ سۆز ئىپادىلەۋاتقان خەتەرلەرنى ھېس قىلمايدۇ.ۋەھالەنكى ھېس ـ تۇيغۇغا تەسىر قىلالىغان «ئۆلۈم» دېگەن سۆز بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىلىش، دۇنيادىن يېنىپ كەلمەسلىككە كېتىش. . . .دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن بىزنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇغان؟ . ئۆزىمىزنىڭ پات يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ، ياكى بۇنى ھېس قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈنمۇ؟.ئىنسانلار ئۆلۈمگە شەكسىز ئىشەنسىمۇ،لېكىن بۇ ھەقىقەتتىن ۋە كېلىۋاتقان كەلگۈسىدىن غاپىل بولۇشقا ۋە قېچىشقا ئورۇنۇۋاتىدۇ . لېكىن كۆڭۈلەر ناھايىتى قىسقا.ئىنسان رازى بولسۇن ياكى رازى بولمىسۇن،ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلمىسۇن ھامان ئەتىدىكى ئۆلۈم بىلەن ئۇچرىشىش ئۇنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۆلۈم كېلىپ بولغان بولسىمۇ،لېكىن ئۇنىڭدا

يەنىلا ئۆلۈمنى ھېس قىلىدىغان ھېس – تۇيغۇلار مەۋجۇد ئەمەس.: **«بۇنىڭدا(ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈگۈزىدىغان)قەلبىگە ئىگە ئادەم ياكى(ۋەز – نەسىھەتكە)ھۇزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز – نەسىھەت بار»**(قاف **37** – ئايەتتىن)، ئەتە بۇ ھايات ئاخىرلاشسا سىز نېمە قىلارسىز؟ .ئۆلۈمنى ھېس قىلىش دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى،دۇنيانىڭ پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا تىرىشقانلارغا نىسبەتەن بىر جاپا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.ئىنسان بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى ئارتۇق بىلىدۇ، قايسىسىنى تاللايدۇ؟ . دۇنيا ھاياتىنىمۇ ياكى ئاخىرەت ھاياتىنىمۇ؟ .: **«كىمكى(كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن،دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن ،ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ.»** (نازىئات **37** – ئايەتتىن) دېمەك ئۆلۈمنى ھەقىقى ھېس قىلغان كىشىنى دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى كۆڭۈل بۆلدۈرەلمەيدۇ.چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنىڭ مۇسىبىتىدىن كىچىك.دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرى پەقەت ساقلىق،مال ۋە ئىگىدارلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش سىز ئىگە بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىن ئايرىلىش دېگەنلىكتۇر.ئەڭ ئاخىرىدا سىز بىر قېتىم بولسىمۇ ھەممىدىن ئايرىلىسىز.مانا بۇ دۇنيا مۇسىبەتلىرىگە ئارتۇقچە ئازابلىنىپ ،غەزەپلىنىپ ۋە ھەسرەتلىنىپ كەتمەڭ دېگەنلىكتۇر.

بەزى كىشىلەر ئۆلۈم توغرىسىدىكى سۆزلەردىن زېرىكىشلىك ۋە بىزارلىق ھېس قىلىدۇ.چۈنكى ئۇلار ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان.ئەتە قىيامەت كۈنىسى تۇيۇقسىز كېلىپ قالسا،ئۇلار ئۈچۈن بۇ تاسادىبىيلىقتەك،ئۇلار بۇنى بىلمەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

***– قازا ۋە قەدەرنى ھېس قىلىش ۋە رازى بولغانلىقنىڭ تەسىرلىرى؛*** مۆئمىن كىشى ھەرگىزمۇ روھى چۈشكۈنلۈككە دۇچار بولمايدۇ.چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ غەملىرىگە ئارتۇقچە غەم تارتىپ كەتمەيدۇ.ئۇ قازا ۋە قەدەردىن مەمنۇن بولغان ھالدا ياشايدۇ.بۇ مەمنۇنلۇق بولسا ئاجايىپ چوڭ راھەتتۇر.بۇ مۆئمىن الله نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەنلىرىدىن قانائەت ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز رىزقىدىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ كەملەپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.شۇڭا ئۇ رىزىقى ياكى ئەجىلى توغرىسىدا ئەندىشە قىلمايدۇ.ۋە ئۇنىڭدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن خام خىياللار بولمايدۇ.چۈنكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ

ئۆگەتكەن: « . . . . .بىلگىنكى ، ئەگەر بارلىق ئىنسانلار ساڭا بىر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ ،پەقەت الله ساڭا تەقدىر قىلغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ .ئەگەر ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانسىمۇ ،پەقەت الله ساڭا تەقدىر قىلغاندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ .قەلەملەر كۆتۈرۈلدى .سەھىپىلەر قۇرۇدى .»(تىرمىزى 2706) ، مانا بۇنىڭدا قەلبنىڭ ھەقىقى راھىتىنى ھاسىل بولىدۇ .بۇ مۆئمىننى الله تىن باشقا ھېچقانداق بىرى دىققەت قىلدۇرالمايدۇ .

# 8 ـ باب:ھاۋايى نەپسگە ئىبادەت قىلىش

ـ ئىنسان بەزىدە الله نى قويۇپ مال ـ دۇنياغا قۇل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ الله نى ياخشى كۆرمىگەن ،ياكى ئىنساننىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى الله نىڭ مۇھەببىتىگە ئوخشاش بولۇپ قالغان ،ۋە ياكى مال ـ دۇنياغا بولغان مۇھەببىتى الله نىڭ مۇھەببىتىدىن چوڭ بولۇپ قالغان ئەھۋاللاردا يۈز بېرىدۇ .الله نى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى ھېس قىلغان كىشى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھالەتلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ .الله نى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلالمىغان ياكى مۇنداقلا دەۋا قىلىپ قويغان كىشى مال ـ دۇنيا ياكى ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ مۇھەببىتىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەبىئىيلا بىرىنچى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ .مۇشۇ قائىدە ھالال بولسۇن ياكى ھارام بولسۇن مال ـ دۇنيادىن باشقىمۇ ھەرقانداق نەرسىگە تەدبىق قىلىنىدۇ . مەيلى ئۇ ماددىي ياكى مەنىۋى نەرسە بولسۇن ،مەيلى ئۇ داڭلىق نەرسە ياكى ئىنسانلار كەشىپ قىلغان نەرسە بولسۇن ،ئىشقىلىپ ئىنساننىڭ مۇھەببىتى بىر ياكى كۆپ نەرسىگە(بۇ بەك خەتەرلىك) مەركەزلىشىپ قالىدىكەن ،مانا بۇ ھەرقانداق نەرسىگە تەدبىقلىنىدىغان چوڭ شېرىكتۇر .

ـ يۇقىرىقىلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە ؛

1 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:**«بەزى ئادەملەر الله دىن غەيرىلەرنى الله غا شېرىك قىلىۋالىدۇ ، ئۇلارنى(مۆئمىنلەرنىڭ) الله نى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ(يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ) .مۆئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر .»**(بەقەرە 165 ـ ئايەتتىن) ،**«ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق»**(شۇئەرا 98 ـ ئايەت)

2 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:**«ئېيتىپ باقساڭچۇ؟نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە(نەفسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن .»** (فۇرقان 43 ـ ئايەت) **«(ئى مۇھەممەد!)ماڭا نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ،الله ئازدۇرغان ،(ھەقنى)بىلىپ تۇرغان ،الله قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن ،الله ئازدۇرغاندىن كېيىن ،ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟سىلەر (بۇلاردىن)ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر»**(جاسىيە 23 ـ ئايەت)

تەفسىر تەبەرىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس: «ھاۋايى ـ نەپسمۇ الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىپ قالىدىغان ئىلاھ بولۇپ قالىدۇ .» دېگەن ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان:**«ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەفسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن)ھامىي بولالامسەن .»**(فۇرقان 43 ـ ئايەت) الله تائالانىڭ يۇقاردىكى ئايەتلىرىدىن چىقىدىغان چۈشەنچە «ئى مۇھەممەد! ئۆزىنى ناچار ئىشلارغا قىزىقتۇرىدىغان شەھۋىتىنى ئىلاھ قىلىپ تىكلىگەن كىشىنى كۆردۈڭمۇ» دېمەكچى .» ،بۇ ئايەت توغرىسىدا تەفسىر ئىبنى كەسىردە مۇنداق كەلگەن:«ئۆز ھاۋايى ـ نەپسىنى ئىلاھ قىلىپ تىكلىگەن كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ . يەنى ئۆز ھاۋايى ـ نەپسگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىنى ياخشى دەپ قاراش بىلەن بولىدۇ .مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ دىنى ۋە مەزھىپى بولغان بولىدۇ .خۇددى الله تائالا ئېيتقاندەك: «ئۆزىگە ئۇنىڭ يامان ئەمىلى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن ، ئاندىن بۇنى ياخشى دەپ قارىغان كىشى . . . . . . .» ،» ،تەپسىر نەسەفىدە مۇنداق تەپسىر قىلىنغان:« يەنى كىمكى ھاۋايى ـ نەپسى ئەكەلگەن ياكى تاشلىۋەتكەن نەرسىدە ھاۋايى ـ نەپسگە ئىتائەت

قىلىدىكەن، دېمەك ئۇ ھاۋايى ـ نەپسىگە قۇل ـ بەندە بولغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىپ تىكلىگەن بولىدۇ.....«سەن ئۇنىڭغا ئىگە بولالامسەن؟» دېگەن ئايەت سەن ئۇنى ھاۋايى ـ نەپسىگە ئەگىشىشتىن ۋە ھاۋايى ـ نەپسىنىڭ قىزىقتۇرىشىغا ئىبادەت قىلىشىدىن ساقلاپ قالىدىغان ساقلىغۇچى بولالامسەن؟.سەن ئۇنىڭغا ئۇنى ھاۋايى نەپسىگە ئەگىشىشتىن ھىدايەتكە يۆتكەيدىغان مۇئەككەل بولالامسەن؟.دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.»، مەئانى قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:«ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دېدى:«بۇ توغرىسىدىكى ئومۇمىي سۆز ھەسەننىڭ سۆزى بولۇپ،ئۇ:«ھاۋايى ـ نەپسىگە ئەگىشىدۇ،ۋە ئۇنى چوڭ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ھاۋايى ـ نەپسى ئىلاھلىق مەنزىلىگە چىققان بولىدۇ.»دېگەن.» .تەپسىر ئىبنى كەسىردە مۇنداق دېيىلگەن:«ئاندىن ئۇلۇغ ۋە ئالى الله :«ئۆز ھاۋايى ـ نەپسىنى ئىلاھ قىلىۋالغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟.» دېدى.يەنى ئۇ ھاۋايى ـ نەپسىگە بويسۇنىدۇ. ھاۋايى ـ نەپسى بىر ئىشنى ياخشى دەپ ھېسابلىسا ،بۇنى قىلىدۇ.يامان دەپ ھېسابلىسا تەرك ئېتىدۇ.» .دېمەك بۇ كىشىنىڭ دىنى ۋە ئىبادىتى بار.يەنى ئۇنىڭ دىنى ۋە ئىبادىتى ھاۋايى ـ نەپسىدۇر. بۇ كىشى ئۆزى ئۇچۇن بىر رەب ۋە ئىلاھ تىكلىۋالغان.يەنى ئۇنىڭ رەببى ۋە ئىلاھى يەنە شۇ ھاۋايى ـ نەپسىدۇر.ھاۋايى ـ نەپسىنىڭ ئىلاھلىقى الله تىن باشقا ھەممە نەرسىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ بەزىسى مال ـ دۇنيا، زىبۇ ـ زىننەت.. قاتارلىقلارغا ئىبادەت قىلىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«دىنار ۋە دىرھەمنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن.ئۇلار ئەگەر بېرىلسە رازى بولىدۇ.بېرىلمىسە رازى بولمايدۇ.»(بۇخارى **2924**)، دېمەك ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزى ئۇچۇن شۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتقان،دىن ۋە ئىبادەتلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن بولىۋاتقان بىر ئىلاھ بولغان بولىدۇ.بۇ سۆزىمىزگە الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا خىتاب قىلىپ سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىمىز:«**سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۇچۇن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۇچۇن.**»(كافىرۇن**6** ـ ئايەت)،الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى«دىن»كەلىمىسى بىلەن ئاتىدى.دېمەك،ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن الله قا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار.ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھاۋايى ـ نەپسىگە ئىبادەت

قىلىدىغانلار بار .

3 ــ ئىبنى قەييۇم ئۆلۈك قەلبنىڭ بايانىدا مۇنداق دەيدۇ:«بۇ قەلبنىڭ قارشىسىدىكى ئىككىنچى بىر قەلب بار بولۇپ ، بۇ ھېچ ھاياتلىقى بولمىغان ئۆلۈك قەلبتۇر .ئۇ رەببىنىمۇ تونۇمايدۇ .ئۇنىڭغا ئۇ بۇيرۇغان ، ياخشى كۆرۈدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلمايدۇ .بەلكى ئۇ گەرچە ئۇنىڭ رەببى غەزەپلىنىپ ،يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ،لەززەت ۋە شەھۋەتلىرى بىلەن بىرگە تۇرغۇچىدۇر .رەببى رازى بولسۇن مەيلى غەزەپلەنسۇن ، شەھۋەتلىرىدىن ھۇزۇر ئالالىسىلا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدۇ .دېمەك ئۇ مۇھەببەت قىلىش ،قورقۇش ، ئۈمىد قىلىش ،رازىلىقىنى ئىزدەش ،غەزىپىدىن يىراق بولۇش ، ئۇلۇغلاش ۋە ئۆزىنى خار تۇتۇش قاتارلىق ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدە الله تىن غەيرىگە ئىبادەت قىلغۇچىدۇر . ئەگەر ئۇ ياخشى كۆرسە پەقەت ھاۋايى ــ نەپسى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ . يامان كۆرسە پەقەت ھاۋايى ــ نەپسى ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ .ئەگەر بەرسە پەقەت ھاۋايى ــ نەپسى ئۈچۈن بېرىدۇ .چەكلىسە پەقەت ھاۋايى نەپسى ئۈچۈن چەكلەيدۇ .دېمەك ئۇنىڭ ئېڭىدا ھاۋايى ــ نەپسى بىردىنبىر تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىدۇر . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمامى (يول باشچىسى) نەپسى ــ خاھىش ، رەھبىرى شەھۋەت ، يېتەكچىسى جاھىللىق ۋە ئۇلىغى غاپىللىق بولغان بولىدۇ . ئۇ پەقەت دۇنياۋى مەقسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش پىكرىگە غەرق بولىدۇ .نەپسى ــ خاھىشنىڭ مەسلىكى ۋە دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بىلەن مەس بولىدۇ .ئەگەر ئۇ يىراقتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چاقىرىلسا ،بۇ نەسىھەتچىگە قۇلاق سالمايدۇ . پەقەت بارلىق ئاسىي شەيتانلارغا ئەگىشىدۇ .دۇنيا ئۇنى غەزەپكە سالىدۇ ۋە رازى قىلىدۇ .نەپسى ــ خاھىشى ئۇنى باتىلدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەس ۋە قۇلاق سالماس قىلىۋېتىدۇ .بۇنداق قەلب ئىگىسىگە كېسەل ،سۆھبەتلىرىگە زەھەر ، مەجلىسلىرىگە ھالاكەت ئارىلاشقان بولىدۇ .»(ئىغاسەتۇل لەھفان)

***ــ نەپسى ــ خاھىشقا ئىبادەت قىلىشنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىمىز:***

ــ بەزى كىشىلەر قەلبى دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە باغلانغان ھالدا ياشايدۇ .بەزى كىشىلەر بولسا قەلبى جەننەت مەنپەئەتلىرى ، ھۆر ــ ئەيىنلەر ۋە كەرەملىك الله نىڭ جامالىغا قاراش لەززىتىگە باغلىنىپ ياشاۋاتىدۇ .شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ غەملىرى ۋە

قىينچىلىقلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن قورقىقان ھالدا ياشايدۇ.يەنە بەزى كىشىلەر بولسا دوزاخ ئوتى ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ غەملىرىنى ئۈستىگە يۈكلەپ ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇپ ياشاۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى بولسا نەپسى ـ خاھىشىغا ئىبادەت قىلىدۇ.ئىككىنچىسى الله قا ئىبادەت قىلىدۇ.ھەر ئىككىلىسى مەنپەئەتلىنىشنى ۋە دەرد ـ ئەلەملەردىن يىراق بولۇشنى ئويلايدۇ.مانا بۇ يەردە جەننەت مەنپەئەتلىرىگە ئېشىنىپ قويۇش بىلەن ئۇنى ھېس قىلىش،ۋە دوزاخ ئازابىغا پەقەت ئېشىنىپ قويۇش بىلەن بۇنى ھەقىقى ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئايدىڭ بولىدۇ.بەزى كىشىلەرنىڭ ئىززىتى، شەرىپى، مۇھەببىتى،بويسۇنىشى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ھەممىسى بايلىق ياكى شەھۋەت.......لەر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت)ھاياتى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننىتى(يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز.دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.»**(ھود **15** ـ ئايەت)، **«بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە(ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس)بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز.ئاندىن ئۇنى جەھەننەمدە جازالايمىز.جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن)قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ.»**(ئىسرا**18** ـ ئايەت)، **«كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەملى بىلەن)ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە،ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز.كىمكى(ئەملى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە،(ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز.ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ساۋابتىن ھېچ نېسۋە يوق.»**(شۇرا**20** ـ ئايەت)،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«دىرھەم ،دىنار ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن.ئۇلار ئەگە بېرىلسە رازى بولىدۇ. بېرىلمىسە رازى بولمايدۇ.»(بۇخارى **2924**)،ئەمما مۆئمىن كىشى بولسا ئۆز ئىززىتىنى يوقاپ كەتكۈچى بولغان دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەتلىرىدىن ئەمەس،بەلكى الله تا ۋە الله قا مەنسۇپ بولۇشتىلا تاپالايدۇ.

ـ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت يېيىش،ئىچىش ۋە مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈنلا ياشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار.مانا بۇلار بۇ كىشىنىڭ ھاياتتىكى نىشانى، غايىسى ۋە ئارزۇسى

بولۇپ ، ئۇلار بەئەينى ھايۋانلاردەك ياشايدۇ .الله بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«شۈبھىسىزكى ،الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ، كاپىرلار(ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ ،(ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ»** (مۇھەممەد 12 ـ ئايەت)**«(ئى مۇھەممەد!)ئۇلارنى(يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە قويۇۋەت ،يەپ ـ ئىچىپ ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن ،ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرمىسۇن ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي(ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ .»**(ھىجر 3 ـ ئايەت) ، گەرچە بۇ كىشى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى تائام ،شاراپ ۋە تۈرلۈك مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ،لېكىن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى بۇ نەرسىلەر ئۈچۈنلا ھەرىكەتلىنىدۇ .ئۇنىڭ غەزەپلىنىش ،خۇشال بولۇش ياكى خاپا بولۇش ئاساسى پەقەتلا مۇشۇ نەرسىلەردۇر .سىز ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ پەقەت رىزىق كۆپەيتىش ئۈچۈنلا بولىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز .تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراڭ:**«جىنلارنى ، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم .ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن»**(زارىيات57 ،56 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتىكى رىزىق بىلەن ئىبادەتنىڭ بىر ئورۇنغا قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ .(رىزىقنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ ،رىزىق ھاسىل قىلىش دېگەنلىك ئۇنىڭدا ئىنسان ئۈچۈن راھەت ۋە مەنپەئەت بار ھەرقانداق نەرسىنى ھاسىل قىلىش دېگەنلىكتۇر .)

ـ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھاياتى پەقەت ئەقلى ۋە مىجەز ـ خارەكتىرى توغرا دەپ قارىغان نەرسە ئاساسىغا قۇرۇلغانلار بار . بۇ ئىنسان ئۆز كۆز قارشىنى ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئاساس ،مەركەز ،يېگانە تايانچ ۋە ئۆلچەم قىلىۋالغان بولۇپ ، پەقەت ئۆز كۆزقارىشى ، مىجەز ـ خاراكتېرى ،نەپسى ـ خاھىشى مايىل بولغان ، خالىغان ۋە ئىرادە قىلغان نەرسىگە ماس ھالدا ياشايدۇ .مانا بۇ نەپسى ـ خاھىشىغا ئىبادەت قىلىدۇ .

ـ شۈبھىسىزكى ،قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلغان كىشى بۇ قەبرىلەرگە بويسۇنۇش ، مۇھەببەت ۋە قورقۇش ئارقىلىق يۈزلەنگەنلىكى ئۈچۈن شېرىك گۇناھىنى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ .بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلب ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ ، الله تىن باشقىسىغا

قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بارلىق بويسۇنۇشنى بايلىق ۋە شەھۋەتلەرگە ئاتىۋەتكەن كىشىلەر بار.دېمەك ئۇلار بايلىق ۋە شەھۋەتلەرگە رۇكۇ قىلىدۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ.(ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئەمەس،بەلكى قەلبلىرى رۇكۇ،سەجدە قىلىدۇ.)، ئۇلارنىڭ بارلىق قورقۇنچىسى بايلىقنىڭ كېتىپ قېلىشى،بارلىق ئۇمىدلىرى بايلىق، شەھۋەت ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ قولغا كېلىشىدۇر.ئۇلار قەبرىستانغا بارماستىن قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.(يەنى بايلىق،شەھۋەت ۋە نەپسى ـ خاھىش ئىلاھلىرىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىدۇ.) الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«**ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەفسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە(نەفسى خاھىشقا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن)ھامىي بولالامسەن.**»(فۇرقان **43** ـ ئايەت)پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:«دىرھەم ،دىنار ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇللىرى ھالاك بولسۇن. ئۇلار ئەگە بېرىلسە رازى بولىدۇ.بېرىلمىسە رازى بولمايدۇ.»(بۇخارى **2924**)، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قېشىدا بۇت بولمىسىمۇ ۋە ئۇ بۇت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ،بۇتقا ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشىلەر بار.يەنى بۇ بۇت بايلىق،مىجەز،نەپسى ـ خاھىش ۋە مال ـ دۇنيا بۇتىدۇر.ئۇلار بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىدۇ.ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى،قورقۇش ۋە باش ئېگىشى پەقەتلا شۇ دۇنيا ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:«بارلىق ئۇممەتنىڭ سىنىلىدىغان نەرسىسى بار.مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ سىنىلىدىغان نەرسىسى مال ـ دۇنيادۇر.»(تىرمىزى **2507**)،يەنە باشقا ھەدىسلەردە مۇنداق دەيدۇ:«شۈبھىسىزكى،دۇنيا ناھايىتى شېرىن ۋە گۈزەلدۇر.الله سىلەرنى دۇنيادا يەرلەشتۈردى.ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ.سىلەر دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. بەنى ئىسرائىلنىڭ تۇنجى سىنىقى ئاياللار بولغان.»(مۇسلىم **7124**)،«مەن مەندىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىن بەكرەك زىيانلىق بىر سىناقنى قويۇپ كەتمىدىم.» (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى **2701**)،شۇڭا دۇنيانىڭ سىزنى ئالداپ قويىشىدىن ۋە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ.:«**سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن**» (لوقمان **33** ـ ئايەتتىن)،

ـ نەپسى ـ خاھىشقا ئىبادەت قىلىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى رىزىققا ئىبادەت قىلىشتۇر.يەنى ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى،غەملىرى،پىكىرلىرى ۋە نىشانلىرى ئاخىرەتكە باغلانغان بولۇشىنىڭ ئورنىدا رىزىققا باغلانغان بولۇپ قېلىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«رىزىقنىڭ تىز كېلىشىگە ئالدىراپ كەتمەڭلار.چوقۇم بەندە ئەڭ ئاخىرقى رىزقىنى يېمەي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ. الله تىن قورقۇڭلار ۋە رىزىق تەلەپ قىلىشنى ھالالنى ئېلىش ۋە ھارامنى تەرك ئېتىش بىلەن تىرىشىپ قىلىڭلار.»(سەھىھۇل جامىئ 7323)،يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:«رىزىق بەندىنى ئۇنىڭ ئەجىلى ئۇنى ئىزدىگەندىن بەكرەك ئىزدەيدۇ.»(سەھىھۇل جامىئ 1630)،يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى. ۋە كىشىلەرنى چاقىرىپ:«مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار.»دېدى.كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«بۇ ئالەملەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەلچىسى جىبرئىل ئەلەيھىسسالامدۇر.ئۇ مېنىڭ قەلبىمگە ھەربىر جاننىڭ ئاستا كەلسىمۇ رىزقى تولۇق بولماستىن ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئىلھام قىلدى.الله تىن قورقۇڭلار.رىزىق تەلەپ قىلىشنى چىرايلىق قىلىڭلار.رىزىقنىڭ ئاستا كەلگەنلىكى سىلەرنىڭ ئۇنى الله قا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئېلىشقا سەۋەب بولمىسۇن.شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر پەقەت ئىتائەت ئارقىلىقلا ئېلىنىدۇ.»(سەھىھ تەرغىب ۋە تەرھىب 1702)، يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلا زىيادە قىلىدۇ.تەقدىرنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ.كىشى رىزقىنى پەقەت گۇناھ قىلىش بىلەن يوق قىلىدۇ.»(ئىبنى ماجىه 4022)،يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:«رىزىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى سوراشتىن بىھاجەت قىلالىغىنىدۇر.» (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 1834).

# 9 ـ باب: دىققەت ئېتىبار ۋە مەقسەتلەرنىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى

## بىرىنچى پەسىل:دىققەت ئېتىبار (غەم)نىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى

ـ ئاخىرەت ۋە باشقا غەيىپ ئىشلارنىڭ خەتەرلىرىنى ھېس قىلغان كىشى ئۈچۈن ،بۇ ئىشلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ غەم ۋە بىرىنچى مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .ئەگەر بىر ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى دۇنيا بولۇپ قالغان بولسا ، بۇنىڭ سەۋەبى چوقۇم ئۇنىڭ ئاخىرەت ۋە باشقا غەيىبلەرنى ھېس قىلالمىغانلىقى بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى ۋە ھاياتىدىكى بىرىنچى مەسىلىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېڭىدا غەيىبلەر ۋە ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشىنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ .يەنى ئۇ دۇنياغا ئىبادەت قىلىپ نەپسى ـ خاھىشى ئۈچۈن ياشاۋاتامدۇ؟ . ياكى الله ئۈچۈن ياشاۋاتامدۇ؟ . تەپسىر روھۇل مەئانىدا مۇنداق بايانلار كەلگەن:«الله تائالانىڭ «ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كەتتى» دېگەن ئايىتىدىكى كىشىلەر شەخسىيەتچىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نېسۋىسى ۋە لەززەتلىرىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا غەم يوق .» تەپسىر قۇرتۇبىدا بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق كەلگەن:«يەنى بۇلار مۇناپىقلاردۇر. ئۇلارنى نەپسلىرى غەمگە سالدى دېگەن سۆز ئۇلارنى نەپسلىرى غەم ئۈستىگە تاشلىدى .دېگەنلىكتۇر .»

ـ يېمەك ـ ئىچمەك ،كىيىم ـ كېچەك ،ئىلىم ئۆگىنىش ،ئەمەل قىلىشكە ئوخشىغان شەرىئەت ھالال قىلغان نۇرغۇن ئىشلار بار.بۇلاردىكى ئاساسى مەسىلە ھەرگىزمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىدە ئەمەس.بۇ ئىشلارنى شەرىئەت بۇيرۇغان.بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە يولغا قويۇلغان تاماشا ۋە ھالال مەنپەئەتلەرمۇ بار.لېكىن ھەقىقى مەسىلە ئىنسانىنىڭ ھېس ـ

تۆيغۇلىرىنىڭ بۇ ئىشلارغا باغلىنىپ ۋە يۈزلىنىپ كېتىپ ،بۇ ئىشلارنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ۋە ئەڭ چوڭ غېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىشىدۇر .سىز بايلىق ،شەھۋەتلەر ،ئاياللارغا قاراش ،راھەت ــ پاراغەت ،ناخشا ــ مۇزىكىلارغا قىزىقىپ كەتكەن ،ۋە دەرس ،توي قىلىش ، ئەۋلاد ، يېمەك ۋە ئىچمەككە ئوخشاش دۇنيا مەشغۇلاتلىرىغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەرنى بايقايسىز .(مەيلى بۇلارنىڭ ئىچىدە ھالاللىرى بولسۇن ،ياكى ھاراملىرى بولسۇن ) ، لېكىن ئاخىرەت دېگەن سۆز كەلمەكچى بولغان نۇرغۇن قورقۇنچ ۋە خەتەرلەرنى بىلدۈرىۋاتقان بولسىمۇ ،خۇددى غەيىپ ئالىمى ھېچقانداق مەنا بىلدۈرمەيدىغاندەك ، پۈتۈن زېھنى ئاخىرەت بىلەن باغلانغان كىشىلەرنى بولسا تاپالمايسىز .بۇ كىشىلەر دۇنيا ئىشلىرىغا جىددىيلىك بىلەن قاراۋاتقان بىلەن ،غەيىپ ئالىمىگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيدۇ .ئىنسان ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ياشمايدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن بولىشىمۇ مۇمكىن .لېكىن ئۇ ھېس ــ تۇيغۇلىرى ،ھاياتى ، غەملىرى ،ئۈمىد ــ ئارزۇلىرى ۋە قۇربانلىقلىرىنىڭ مۇشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن يۈزلىنىپ كېتىشى ئېچىنارلىق بىر ئىشتۇر .سىز يولنى ئەقلىڭىز بىلەن تاللىمايسىز .بەلكى ھېس ــ تۇيغۇلىرىڭىز بىلەن تاللايسىز .چۈنكى ھېس ــ تۇيغۇ ئۆزى يول تاللىغۇچىدۇر .سىز ھەق يولنى بۇنىڭغا ئىشىنىپ تاللىشىڭىز مۇمكىن .لېكىن سىزنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىڭىز شەھۋەت ياكى ھەرقانداق بىر باشقا نەرسىنى تاللىشى مۇمكىن .بۇنداق بولغاندا ھېس ــ تۇيغۇلار غەيىپ ئىشلار ۋە ئىمان ئەركانلىرى بىلەن تەسىرلەنمەستىن ،پەقەت مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن تەسىرلىنىدۇ .ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىڭىزنى باشقۇرۇشقا ۋە ئۇنى اللە قا يۈلەندۇرۇشكە قادىر بولالىسىڭىز ، ئاندىن بۇ نىجادلىقنىڭ يولى بولغان ھەقىقى قەلبنى پاكلاش بولىدۇ . **«(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن )پاك بولغۇچى ئادەم مەقسىتىگە يەتتى»**( ئەئلا 14 ــ ئايەتتىن ) ، **«روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يىتىدۇ»**( شەمس 9 ــ ئايەتتىن ) ،

ــ بەزى كىشىلەرنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى ،ۋە دىققەت ئېتىبارى دۇنياۋى ئىشلاردىن ئۇنىڭدىنمۇ ،بۇنىڭدىنمۇ بولغان ھەرخىل نەرسىلەرگە يۈزلەنگەن بولىدۇ . مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئىشتۇر .چۈنكى ئۇ مۇئەييەن بولغان بىر مەسىلە ئۈچۈن ياشىماستىن ،

خىلمۇ ـ خىل نەرسىلەر ئۇچۇن ياشىغان بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ خىل نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋالىدىغانلىقىنى ھېسمۇ قىلالمايدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:«كىمكى بارلىق غەملىرىنى ئاخىرەتنىڭ غېمىدىن ئىبارەت بىر غەم قىلىدىكەن،الله ئۇنىڭ دۇنيا غەملىرىگە كۇپايە قىلىدۇ.كىمنىكى دۇنيا ئەھۋاللىرىنىڭ غەملىرى بۆلىۋېتىدىكەن،الله  ئۇنىڭ قايسى چۆللەردە ھالاك بولىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ.»(ئىبنى ماججە 267)،يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ غېمى ئاخىرەت بولىدىكەن،الله  ئۇنىڭ قەلبىدە بايلىقنى زىيادە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەمچى يىغىپ بېرىدۇ.دۇنيا ئۇنىڭغا ئۇ يامان كۆرۈپ تۇرسىمۇ كېلىدۇ. كىمنىڭ  غېمى دۇنيا بولىدىكەن.الله  ئۇنىڭ پىشانىسىگە پېقىرلىقنى پۈتىدۇ. ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ.ئۇنىڭغا دۇنيادىن بەلگىلەنگىنىدىن باشقىسى كەلمەيدۇ.»(تىرمىزى 2653)،يەنە بىر ھەدىستە:«كىمنىڭ غېمى دۇنيا بولىدىكەن، الله  ئۇنىڭ ئىشلىرىنى پارچىلىۋېتىدۇ.ۋە ئۇنىڭ پىشانىسىگە پېقىرلىقنى پۈتىدۇ.ئۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭغا پۈتۈلگىنىدىن باشقىسى كەلمەيدۇ. كىمنىڭ نىيەت ـ مەقسىتى ئاخىرەت بولىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشلىرىنى جۇغلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بايلىقنى پەيدا قىلىدۇ. دۇنيا ئۇ دۇنيانى يامان كۆرۈپ تۇرسىمۇ كېلىدۇ.»دېگەن.(ئىبنى ماججە 4244) غەم قىلىش بولسا ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ يۈزلىنىش ئىپادىلىرىنىڭ بىرى.كىمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىر نەچچىلىگەن دۇنيا ئىشلىرىغا يۈزلىنىدىكەن، ئۇنىڭ غەملىرىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىگە ياكى بىرەرسىگە يۈزلىنىدۇ.شۇنىڭ بىلەن الله  ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسىدا ھالاك بولىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما مۆئمىن كىشىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى الله قا يۈزلەنگەن بولىدۇ.بۇنىڭ ئىپادىسى ئۇنىڭ غېمىنىڭ پەقەت بىرلا غەم بولىشىدۇر.يەنى ئۇ غەم الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالادۇركى،بۇ كىشى الله تىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ،الله تىن باشقىسى ئۈچۈن ياشىمايدۇ،الله تىن باشقىسىنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. (بىز ئىنسانىنىڭ بەزىدە الله  يولىدا غەمكىن بولىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتىمىز.مەسىلەن:ئۇ الله نىڭ ئىبادىتىدە تەقۋا بولۇش ئۈچۈن يېمەكلىكىدە غەمكىن بولىدۇ.مانا بۇ الله  يولىدىكى

غەمدۇر. بۇ يەردىكى نىيەت غەم قىلىشتىن قىيىنراق بىر ئىش بولۇپ، تولىراق ئەھۋالدا يالغانچى بولۇپ قالىدۇ. توققۇزىنچى بابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىغا قاراڭ).

ـ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنى دىن مەسىلىسى پەقەت مەشغۇل قىلالمايدىغانلار بار. دىن مەسىلىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ، ئۇ بۇ مەسىلىگە پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت تەسىرلەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇ دىن ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنى جىددىي تۇتقۇچىلارنىڭ نېمىشقا جاپا تارتىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىدۇ. ئۇنىڭ غېمىدا الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بولمايۋاتقان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە توي قىلىش، يېمەك ـ ئىچمەك... لەرگە ئوخشاش ھاياتنىڭ غەملىرى ۋە مەسىلىلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى مەشغۇل قىلىۋالغان بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ نەزىرىدە دىن ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل قويۇش ۋە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ياكى دىن ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى تەلەپ قىلىنغان ئۇلۇغلاشتا ئۇلۇغلاشنىڭ يوقلىقىنى ياكى بولمىدى دېگەندىمۇ ئاخىرەتكە سوغۇققانلىق ۋە مۆتىدىللىك بىلەن قاراشنىڭمۇ يوقلىقىنى بايقايسىز. گەرچە ئۇ ئاخىرەتكە تولۇق ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت مۇھىم ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت مۇھىم بولغان بولسا. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى ئاخىرەت بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە جىددىي قارىغان بولاتتى. ئاخىرەت شۇنچە قورقۇنچلۇق ۋە ھەممەيلەن چوقۇم قايتىدىغان جاي بولسىمۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئاخىرەتنىڭ ئىشىنى غەلىتە سانايدىغان ۋە نېمە ئۈچۈن غەم يەيمىز؟ دەيدىغان دەرىجىدە ئاخىرەتنىڭ ھېچقانداق غېمى يوق. خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتىن غەم يېيىشكە تۈرتكە بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوقتەك. ئۇ غەيىبلەردىن تامامەن غەپلەتتە قالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىدە غەيىبلەرگە نىسبەتەن سەلبىي بولسۇن ياكى ئىجابىي بولسۇن ھېچقانداق بىر يۈزلەندۈرۈشنى تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاخىرەتتىن قورقمايدۇ. ئۇنى ياخشىمۇ كۆرمەيدۇ، يامانمۇ كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئاخىرەتنى ۋە باشقا غەيىبلەرنى ئەسلا ھېس قىلمايدۇ. مانا بۇ الله نى ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇشتۇر. سىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نەرسە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى مەشغۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىز. كۆڭۈلنىڭ ئاخىرەت بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى دېگەن ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن خۇددى ئۇ مۇھىم بولمىغان ئىشتەك كارى بولماسلىقتۇر. دېمەك ئاخىرەتنى ئۇنتۇش

دېگەن ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئۇنتۇش دېگەنلىك ئەمەس .بەلكى ئاخىرەت ئېپادىلەۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەنى ئۇنتۇپ ،ئاخىرەتنىڭ كۆگۈلنى مەشغۇل قىلالماسلىقىدۇر . شۇنىڭدەك الله نى ئۇنتۇش الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئۇنتۇش دېگەنلىك ئەمەس (كۇففارلارمۇ الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى بىلىشىدۇ) ، بەلكى الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلالماسلىق ۋە قەلبنىڭ الله بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى ياكى الله ۋە دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ مەشغۇل بولماسلىقىدۇر .الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى(يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى) ،الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى(يەنى الله ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى) شۈبھىسىزكى ،مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر»**(تەۋبە **67** ـ ئايەتتىن)**«(ئەھلى دەۋزەخكە ئېيتىلىدۇ)«مۇشۇ كۈنىدىكى ئۇچرىشىشىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن (بۇ خورلىغۇچى ئازابنى) تېتىڭلار ،بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق ،قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار»»** **(**سەجدە **14** ـ ئايەت**)**

ـ شۈبھىسىزكى ،مۇھىم نەرسە بىلەن قەلب مەشغۇل بولىدۇ .مۇھىم بولمىغان نەرسىنى ئىنسان ئۇنتۇپ قالىدۇ . ۋە ئەسلىمەيدۇ .ئاخىرەتنىڭ ئىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . ئەگەر ئاخىرەت سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مۇھىم ۋە چوڭ ئىش ، ھاياتىڭىزنىڭ كەلگۈسى دەپ قارالغان بولسا ،جەزمەن سىزنىڭ غېمىڭىز ئاخىرەت بىلەن ۋە ئاخىرەتنىڭ زېھنىڭىزدە قالغان سۈرەتلىرى بىلەن بولىدۇ .ۋە سىزنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭىزمۇ كۆپ بولىدۇ .غەم دېگەن سىزنى غەمگە سالالىغان نەرسىدە بولىدۇ .ئەگەر الله سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا كاتتا ئۇلۇغلۇقتا ئىگە بولغان بولسا ،ئەلۋەتتە سىزنى دۇنيا ئىشلىرىغا ۋۇجۇدىڭىزنى بېرىۋېتىشتىن توسۇپ قالىدۇ .بۇ سىزنىڭ تىلىڭىزنىڭ دائىم الله سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ زىكرى بىلەن ئۇلىنىپ تۇرغانلىقى ۋە الله توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭىزنىڭ كۆپەيگەنلىكى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ .ھەببى مەھبۇبىنى ئۇنتۇيالامدۇ؟ . (شۈبھىسىزكى ،زىكرى دېگەن الله نىڭ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە دائىم بولىشىدۇر ـ قەلبنىڭ الله نى ئەسلىشى بولسا ، الله نىڭ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ،دىققەت ئېتىبارىڭىزدا ۋە خاتىرىڭىزدە دائىم بولىشىدۇر ـ مانا بۇنىڭدىن تىلنىڭ زىكرى پەيدا بولىدۇ. قەلب قازانغا ،تىل ئۇنىڭ چۆمۈچىگە ئوخشايدۇ.)

مەسلەن:توپنى ياخشى كۆرۈدىغان بىرنەچچە كىشى بىرلىكتە ئولتۇرسا نېمە توغرىسىدا سۆزلىشەر؟ .تەبىئىيكى توپ توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدۇ .شۇنىڭغا ئوخشاش الله نى ياخشى كۆرۈدىغان ۋە ئاخىرەتكە جىددىي قارايدىغان بىر نەچچە كىشى بىرگە ئولتۇرۇشسا نېمە توغرىسىدا سۆزلىشەر؟ . تەبىئىيكى الله ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ .

ـ ئەگەر بىر كىشى مۇھىم بولغان بىر دۇنياۋى ئىشنى ھېس قىلغان بولسا ، مەيلى ئۇ ئۇ قورقىدىغان بىر نەرسە بولسۇن ، ياكى مەيلى ئۇ ياخشى كۆرۈدىغان بىرى بولسۇن ،ياكى ئۇنى خالىغان ۋاقتتا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پاش قىلىش ئۈچۈن كۆزىتىپ تۇرىدىغان ۋە كامېرا بىلەن سۈرەتكە ئېلىپ تۇرىۋاتقان بىر شەخس بولسۇن ،جەزمەن بۇ ئىش ياكى بۇ شەخس ئۇنىڭ خىيالىدا دائىم بولغان بولىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش الله تەئالانىڭ ئاگلاپ ۋە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ،ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشنى ھېس قىلغان كىشى ئۈچۈن الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنىڭ خىيالىدا دائىم بولغان بولىدۇ .مانا بۇ قەلبنىڭ زىكرىدۇر . ئىنسان مەئسىيەت ـ گۇناھلارغا پەقەت الله تەئالا ئۇنىڭ خىيالى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى( يەنى الله نى ئۇنتۇغانلىقى ) ئۈچۈنلا چۈشۈپ قالىدۇ .ئەگەر الله نى ئەسلىسە ـ يەنى الله تەئالا ئۇنىڭ خىيالىدا بولسا ـ تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئىستىغپار ئېيتىدۇ .:**«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھنى قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ،الله نى ياد ئېتىدۇ ،گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ ،گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟ئۇلار قىلمىشلىرىنى تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ»**( ئالى ئىمران **135** ـ ئايەت ) ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ مالىكىڭلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پاكىراقىنى ، سىلەرنىڭ دەرىجەڭلارنى بەكراق كۆتۈرەلەيدىغىنى ۋە سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن ۋە پۇل سەدىقە قىلغاندىن ،دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرغىنىڭلار ۋە ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغىنىدىنمۇ ياخشىراقىنى خەۋەر قىلمايمۇ؟ . ساھابىلەر:خەۋەر قىلسىلا! .دېگەندە . ئۇ الله تائالانى ئەسلەش . دەپ جاۋاب بەرگەن .» شۇنىڭ بىلەن مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : «الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان الله نى ئەسلەشتىن ياخشىراق بىر نەرسە يوقكەن»دېگەن .( تىرمىزى**3704** )

بىرەر ئىشنىڭ سىزنى مەشغۇل قىلالمىغانلىقىنىڭ مەنىسى سىزنىڭ ئۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىڭىزدۇر.دېمەك ئۇ ئىش سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مۇھىم بولمىغان بىر ئىشتۇر. مۇھىم بولمىغان ئىش،سىز ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن ئەمەس،چاقچاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىچىك ئىشتۇر.الله تەئالا قۇرئان توغرىسىدا ئىنسانلارغا مۇنداق دەۋاتىدۇ: **«قۇرئان شەك ـ شۈبھىسىز (ھەق ـ بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر.ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر»** (تارىق 13 ، **14** ـ ئايەت) ،شۈبھىسىزكى ئاخىرەت كەسكىن سۆز ھەم چاقچاق ۋە بوشاڭلىق قىلىش ماس كەلمەيدىغان جىددىي ئىشتۇر.

ـ غەيبلەرنى ھېس قىلىش قەلبنىڭ راھىتىنى پەيدا قىلىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، غەيبلەرنى ھېس قىلىش دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.مانا بۇ قەلبنىڭ راھىتىنى ۋە روھى خۇشاللىقنى پەيدا قىلىدۇ.ۋە ئىنسان ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.چۈنكى ئۇ ئۆز رىزقىنى باشقا بىرىنىڭ ھەرگىز ئېلىۋالالمايدىغانلىقىنى پەقەت ئىشىنىپ قويماستىن،ھەقىقى ھېس قىلىدۇ ـ دە، ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان دۇنيا ئىشلىرىدىن يۆتكىلىشىنى، نەپسىنىڭ راھىتىنى،نېرۋىلارنىڭ تىنچلىقىنى،قەلبنىڭ راھىتىنى ۋە تەسكىنلىكىنى ۋە ئارام ئېلىشنى ھېس قىلىشقا ئاپىرىدۇ.ئىنسان دۇنيا ئىشلىرى بىلەن غەمكىن بولمىغان ۋاقتىتا، ئۇ چوقۇم راھەتلىنىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ. مانا بۇ ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىدۇر.ئىنسانىنىڭ غېمى پەقەت بىر غەم،يۈزلىنىش پەقەت بىر تەرەپكە يەنى الله تەرەپكە بولغان ۋاقىتتا ئۇ چوقۇم راھەتلىنىدۇ.بۇنىڭغا قوشۇپ تېخى ئۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان زات (الله ) بىلەن باغلانغان بولىدۇ.كىمدە كىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر نەرسە بىلەن باغلىنىدىكەن،بۈگۈن بىرھالەتتە بولغان بولسا،ئەتە ئىشلار ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.ئەگەر سىز ھېچقانداق مەنپەئەت ۋە زىيان بولمىغان بىر نەرسىگە ئەمەس،بەلكى قۇدرەت،غەلىبە ۋە بارلىق شەيئىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇنىڭغىلا خاس بولغان زاتقا باغلانغان بولسىڭىز،دېمەك سىز كاتتا بىر ھامىيلىققا كىرگەن بولىسىز.ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سىزگە ئېھتىياجلىرىڭىزنىڭ بېرىدۇ.

## ئىككىنچى پەسىل:نىشان ۋە ئومۇمىي نىيەتلەرنىڭ ئىمان ئەركانلىرىدىن ئۆزۈلۈپ قېلىشى

ــ ئىنسان ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن ياشايدىغان،ئۇنىڭ ئۇچۇن ياشايدىغان ۋە ھېس ــ تۇيغۇلىرى ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان بىر مەسىلىنى نىشان قىلىپ ياشىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .ھەربىر ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغان بىر مەسىلىسى بولغان بولىدۇ ۋە بۇ مەسىلە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ،كەلگۈسىنىڭ ۋە ئاقىۋىتىنىڭ مەركىزى بولغان بولىدۇ .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« . . . . . . .ھەربىر ئىنسان ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى بازارغا سالغۇچىدۇر. ياكى ئۇ ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ ياكى ھالاك قىلىدۇ.» (بۇخارى **556**) ،بىز بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايمىز:

***بىرىنچى:نىيەت مەقسەتنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىپ كېتىشى؛*** ئاخىرەتنى ھېس قىلمايدىغان كىشىنىڭ ھاياتى دۇنيا ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ،دۇنيا ئۇنىڭ نىشانى ،ئارزۇسى ۋە كەلگۈسى بولۇپ قالىدۇ.ھاياتىنىڭ دۇنيا ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى تۆۋەندىكى شەكىللەردە بولىدۇ؛

ــ بەزى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى باشقا كىشىلەرنىڭ ئېتىبارى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ.ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى الله نى غەزەپلەندۈرۈپ تۇرۇپ ،كىشىلەرنى رازى قىلىدىكەن ،الله ئۇنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ.كىمكى كىشىلەرنى نارازى قىلىپ تۇرۇپ ، اللهنى رازى قىلىدىكەن ،الله ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ جاپاسىدىن كۇپايە قىلىدۇ.» (سەھىھۇل جامىئ **6010**) ،مانا بۇ ئىنساننىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىنىڭ كىشىلەرگە يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەت ياكى زىيانغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولسا ،ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى.سىز ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كىشىلەرنىڭ توغرا ،خاتا ۋە خۇشال قىلىدىغان، غەمكىن قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئادەت ،ئەنئەنىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى بايقايسىز.(ۋەھالەنكى كىشىلەر پەقەت دۇنياۋى ئىشلىرىغا

ئاساسەن خۇشال بولىدۇ ياكى غەمكىن بولىدۇ.) ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ:« ئىنسانلارغا ئىنسانلاردىن زىيانلىقراق بىر نەرسە بارمۇ؟ .الله تەئالا مۇنداق دېگەن:**«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر( يەنى كۇففارلار)گە ئىتائەت قىلساڭ،ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ،ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ،ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ»** (ئەنئام **116**ـ ئايەت)،ئىنسان ئۇچۇن ئاخىرەتنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە باشقا غەيبلەرنى ھېس قىلغان تۇرۇقلۇق،بۇ غەيىپلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەمەللىرىنىڭ ئاساسى ۋە ئۆلچىمى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.بۇنداق قىلالمىغان ئادەم كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى الله قا بويسۇنۇپ ۋە باش ئېگىپ ياشاشتىن ئارتۇق كۆرگەن بولىدۇ.دېمەك ئۇ ئىنسان پايدا ـ مەنپەئەت،ئادەت ۋە ئەنئەنىنىڭ ئىسكەنجىسى،كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى، ۋەتەن، تەۋەلىك،ئائىلە،جىنس ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي ۋەزىيەت تەرەببازلىقى ياكى تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋەياكى ئۇنى قورشاپ تۇرغان مۇھىت ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى قالدۇرغان ئەنئەنىلەر......لەرگە ئەسىر ۋە بويسۇنغان ھالدا ياشايدۇ.ياكى ئۆز نەپسى ـ خاھىشىغا، ۋە ياكى مەلۇم بىر رامكىغا بويسۇنغان ھالدا ياشايدۇ.الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:**«بەلكى سىلەر دۇنيا ھاياتىنى ئارتۇق كۆرۈسىلەر.»**(ئەئلا **16**ـ ئايەت)،**«كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن،دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ»**(نازىئات **37**ـ **39**ـ ئايەت)**«ھەر قاچان ئۇلارغا(يەنى مۇشرىكلارغا):«الله نازىل قىلغان نەرسىگە(يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىگە،قۇرئانغا)ئەگىشىڭلار دېيىلسە ،ئۇلار: «ياق،ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز»دېيىشىدۇ ، ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا،يەنى ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»**(بەقەرە**170**ـ ئايەت)،

ـ ئىنسان ئۆز مەنپەئەتى ۋە ئۆزىگە پايدا كېلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ جەننەتتىكى مەنپەئەتى ۋە پايدىلىرىنى ھېس قىلالمىسا،جەزمەن ئۇ جەننەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى بىرخىل ھاشار ياكى يۈك ھېسابلايدۇ ـ دە،ئېغىرلىق قىلىدۇ.گەرچە ئۇ ھەقىقى بەخت ـ سائادەتنىڭ پەقەتلا جەننەتتە ئىكەنلىكىگە،دۇنياۋى

نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ،بۇ پەقەت ئىشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ،يەنىلا ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى پەقەتلا مال،مەنپەئەت ۋە دۇنيانىڭ ھەرخىل ماددىي زىبۇ ـ زىننەتلىرىدە دەپ ھېس قىلىدۇ.ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى غەيبلەر ۋە بۇ غەيبلەردە پەيدا بولىدىغان ئىشلار بىلەن ھېچ تەسىر ئالمىغان بىلەن،لېكىن دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈك، مەنپەئەت ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرى بىلەنلا ئىجابى،سەلبىي ياكى خۇشاللىق، غەمكىنلىككە ئوخشاش تەسىرلەرنى ئالىدۇ.دېمەك غەيبلەر ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەۋجۇد ئەمەس.بۇ غەيبلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يۈزلىنىۋاتقان كەلگۈسى تۇرۇغلۇق ئۇنىڭ خىيالىدا،ئۆلچەملىرىدە يەنىلا بۇلارغا ئورۇن يوق. شۇڭا ئۇ دۇنيا ئۇچۇن ياشايدۇ.«**بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە(ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس)بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز،ئاندىن ئۇنى(ئاخىرەتتە)جەھەننەم بىلەن جازالايمىز،جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان،(اللە نىڭ رەھمىتىدىن)قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ»**(ئىسرا **18** ـ ئايەت)، «**كىمكى(ئۆزىنىڭ ئەملى بىلەن)ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە،ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز،كىمكى(ئەملى بىلەن)دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە،(ئۇنىڭ تىلىگەن)مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز،ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق.**»(شۇرا**20** ـ ئايەت)،

يەنە تېخى ئۆزى ئۇچۇن مەلۇم بىر مەسىلىنى ئۆزى پەيدا قىلىپ،شۇنىڭ ئۇچۇن ياشايدىغان كىشىلەرمۇ بار. مەسىلەن: قەدىمكى جاھىلىيەتتىكى قەبىلىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ يادروسى شۇ قەبىلىسىنىڭ شەرىپى ۋە شۆھرىتى بولغان بولۇپ،ئۇلار شۇ قەبىلىسى ئۇچۇن ياشايتتى.شۇنىڭدەك ھاياتىنىڭ يادروسىنى مودا كىيىم،ياكى شەھۋەت،ياكى جىنسى ھەۋەس،كۆڭۈل ئېچىش،ۋە ياكى مەلۇم بىر ئىش قىلىشۋالغان كىشىلەر باركى،بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ نىشانى،غايىسى ۋە پۈتكۈل مەشغۇلاتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ـ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ بىر مەسىلىسى ئۇچۇن بىرەر شەخسنى ياخشى كۆرۈدىغانلار بار.بۇنداق كىشىلەر پات يېقىندا شۇ شەخش بىلەن بىرگە ھەشىر قىلىنىدۇ.بۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھېلىقى شەخسنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىرگە

بولىدۇ.»(بۇخارى 6239) ،شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىن كىشى بىرەر كىشى ياكى شەيئىنى پەقەت الله ۋە دىن مەسىلىسى تۈپەيلىدىنلا ياخشى كۆرىدۇ.يەنى ئۇنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە يۈزلەنگەن بولىدۇ.(بۇ ھېس ــ تۇيغۇلارنىڭ الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر ــ ت).

ــ شۈبھىسىزكى ئىنسان ئۆزى ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىپ،ئۆزىدىن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە نېمە؟. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاۋاتقان مەسىلە زادى نېمە؟ .دەپ سورىغاندا ،ئاندىن ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك نەرسە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ.بۇلار بىرىنچى:بايلىق ۋە بۇ بايلىق ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەت، ئىككىنچى:ئاياللاردىن ۋە ئەۋرەتلەرگە قاراشتىن ھۇزۇرلىنىش، ئۈچىنچى: يېمەك ــ ئىچمەك ،تۆتىنچى:دۇنيانىڭ ھەرخىل زىبۇ ــ زىننەتلىرى قاتارلىقلار بولغان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان بىر ئەھۋال بولسىمۇ،لېكىن نۇرغۇن كىشلەر ئۆزى توغرىسىدا بۇنداق ماھىيەتلىك ئويلىنىشنى خالىمايدۇ ۋە ئۆزىگە يۈزلىنىپ بېقىشتىن غاپىل قالغان بولىدۇ.بۇ تۆت تۈرلۈك ئىش نۇرغۇن كىشلەر شۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان ،بۇ نەرسىلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن باغلانغان مەركەز ۋە ھاياتنىڭ ئەسلى مەنىسى بولۇپ قالماقتا. ئەمما مۆئمىن ئۈچۈن ئۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان يېگانە بىر مەركەز بار.ئۇ بولسىمۇ الله نى مۇكەممەل ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇكەممەل بويسۇنۇش.بەزى كىشلەر ئۆزىنى بىلەلمەستىن ،الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن ،دەپ گۇمان قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەقىقەتتە ئۆزىنى ئالداۋاتقان بولىدۇ.ئۇنىڭ ئىشىنىشى توغرا بولسىمۇ، ھېس ــ تۇيغۇلىرى ئەكسى يۆنىلىشتە ماڭىدۇ. دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ــ يۇ ،لېكىن ئۇنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى الله ۋە ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن بولۇپ ،دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر بىلەنلا تەسىرلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى،مۆئمىن دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن قارايدۇ.دۇنيا ئۈچۈن ياشاۋاتقان كىشلەرنى مىسكىن،غېرىب دەپ قارايدۇ.لېكىن كاپىر دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش،ئۇلۇغلاش ۋە ياخشى كۆرۈش نەزىرىدە قارايدۇ. چۈنكى الله ئۇنىڭغا شۇ دۇنيانى چىرايلىق كۆرسەتكەن.ئۇ ھەقىقى مۆئمىنلەرگە مەسخىرە نەزىرىدە

قارايدۇ.تەپسىر تەبەرىدا مۇنداق بايان كەلگەن: «الله تائالانىڭ:«كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتى چىرايلىق كۆرسىتىلدى.» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: كاپىرلار دۇنيا مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ.ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتنى تەلەپ قىلغانلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ.»» .

***ئىككىنچى:ئىنسانىنىڭ ئاخىرەتكە يۈزلىنىشى؛*** شۈبھىسىزكى،ئىنسان غەيبلەرنى ھەقىقى ھېس قىلغان ۋاقىتتا،ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئۆلچىمى تۈپتىن ئۆزگىرىدۇ.چوقۇم ئۇ ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ نەزەر ـ ئېتىبارىدىن تاشلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ دۇنيانىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنى،ۋە ھەقىقى بەخت ـ سائادەتنىڭ پەقەت جەننەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئۇنىڭ نىشانى،ئارزۇسى،غايىسى ۋە كەلگۈسى بولىدۇ.ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى مەركىزى،ئۇنىڭ يۆلىنىدىغان تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ يۈزلىنىشى ئىسلامى يۈزلىنىش بولىدۇ.ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دۇنيادا قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار.لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىكى ئاساسى يادرو ۋە بارلىق ھاياتىدىكى چىقىش نۇقتىسى پەقەتلا دىن ئۈچۈن(يەنى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى)ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.

# 10 ـ باب:قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولىشى

## بىرىنچى پەسىل:شەرئى دەلىللەر

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئەگەر بەندە خاتالىق ئۆتكۈزسە ، ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ .ئەگەر گۇناھتىن يانسا ،مەغپىرەت تەلەپ قىلسا ۋە تەۋبە قىلسا ،ئۇنىڭ قەلبى ئاقىرىدۇ .ئەگەر ئۇ گۇناھقا قايتسا ، ئۇنىڭ قەلبىدە قارا چېكىت كۆپەيتىلىپ ، ھەتتاكى قەلبىنى قارىلىق بېسىپ كېتىدۇ .مانا الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس .بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن .» دېگەن سۆزىدىكى قارىيىپ كېتىشتۇر .» (تىرمىزى 3645) ،يەنە بىر ھەدىستە: «پىتنىلەر قەلبلەرگە خۇددى بورا توقۇلغاندەك قايتا ـ قايتا توغرا قىلىنىدۇ . قايسى قەلبكە بۇ پىتنە ئىچۈرۈلسە ،ئۇنىڭغا قارا بىر چېكىت ئۇرۇلىدۇ .قايسى قەلب ئۇنى يامان كۆرسە ، ئۇنىڭغا بىر ئاق چېكىت ئۇرۇلىدۇ .قەلب (ئاق قارىدىن ئىبارەت) ئىككى خىل قەلبنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ . ئاسمان ـ زېمىن مەۋجۇدلا بولىدىكەن ،ساپادەك سۈزۈك ئاق قەلبكە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ .يەنى بىرى دۆم كۆمتۈرۈلگەن كۈزىدەك قارا رەڭلىك قەلب بولۇپ ، ئۇ ياخشىلىقنى تونۇمايدۇ . يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ .پەقەت كۆڭلى تارتقان نەرسىنىلا تونۇيدۇ .»دېگەن .(مۇسلىم 386) .ھۇزەيفە مۇنداق دېگەن: «ئىمان قەلبتە ئاق چېكىتتەك ئاشكارا بولىدۇ .ھەرقاچان بەندە ئىمانىنى ئاشۇرسا ، قەلبىدىكى ئاقلىق كۆپىيىدۇ . ئەگەر سىلەر مۆئمىننىڭ قەلبىنى ئېچىپ باققان بولساڭلار ،جەزمەن ئۇ قەلبنى ئاپئاق ، نۇر چاچقان ھالەتتە كۆرگەن بولاتتىڭلار . شۈبھىسىزكى نىفاق قەلبتە قارا چېكىتتەك ئاشكارا بولىدۇ .ھەرقاچان بەندە نىفاقنى زىيادە قىلسا ،ئۇنىڭ قەلبىدە قارىلىق كۆپىيىدۇ . ئەگەر سىلەر مۇناپىقنىڭ قەلبىنى ئېچىپ كۆرگەن بولساڭلار ،جەزمەن بۇ قەلبنى قاپقارا

هالەتتە كۆرگەن بولاتتىڭلار.». يالغانچىلىق قاپقارا چېكىتتەك ئاشكارا بولىدۇ. بەندە ھەرقاچان نىفاقنى زىيادە قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىدە قارىلىق زىيادە بولۇپ، ھەتتاكى ئۇ چوڭ نىفاققا ئۆزگىرىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:«بەندە داۋاملىق يالغان ئېيتسا، ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ. ھەتتاكى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ھەممىسى قارىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچىلار قاتارىدا يېزىلىدۇ.». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«راست سۆزلەش ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. ياخشىلىق جەننەتكە يېتەكلەيدۇ. چوقۇم بىر كىشى راست سۆزلەۋەرسە، راستچىللار قاتارىدىن بولىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا يېتەكلەيدۇ. گۇناھ دوزاخقا يېتەكلەيدۇ. چوقۇم بىر كىشى يالغان سۆزلەۋەرسە، الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچىلار قاتارىدىن بولىدۇ.» (بۇخارى **6161**)، ۋە يەنە:«كىمدە كىم جۇمە كۈنىسى ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ كەلمىسە، يەنە ئاڭلاپ كەلمىسە، ئاندىن يەنە ئاڭلاپ كەلمىسە، الله ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ. ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى مۇناپىقنىڭ قەلبىگە ئوخشاش قىلىۋېتىدۇ.» دېگەن. (بەيھەقى)، يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئۈچ جۇمەنى سەل قاراپ تەرك ئەتسە، الله ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ.»دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد **1054**)،

ـ قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولىشى تەپسىرلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: «گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىش قەلبنى قارايتىۋېتىدۇ.»(قۇرتۇبى)، «گۇناھلار قەلبلەرگە تەسىر قىلىۋەرسە، بۇ قەلبنى ئېتىپ قويىدۇ.»(ئىبنى كەسىر)، «ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئاسىيلىقلىرى كۆپىيىپ كەتتى.» (زادۇلمەسىر)، «گۇناھلارغا قىزىققانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا گۇناھلارنى ياخشى كۆرۈش ھۆكۈمران بولىۋالدى.»(بەيزاۋى)، «گۇناھلار قەلبلەردە كۆپىيىپ، ھەتتا ئۇنى ئورىۋالدى.» (مۇجاھىد)، «ئەگەر بەندە گۇناھ ئۆتكۈزسە، گۇناھ ئۇنىڭ قەلبىدە يىڭنە سانجىلغاندەك تۇرىدۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە گۇناھ ئۆتكۈزسە، يەنە شۇنداق بولىدۇ. ئاندىن گۇناھلار كۆپەيسە، قەلب ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىسلاھ ئورناشمايدىغان ئۆتكەمە ۋە غەلۋىردەك بولۇپ قالىدۇ.»(قۇرتۇبى)، «مۇجاھىد: قەلب ئالقانغا ئوخشايدۇ. دېدى ۋە ئالقىنىنى كۆتۈردى. ئەگەر گۇناھ قىلسا، گۇناھ قەلبكە چاڭگال سالىدۇ. (ئۇ بارماقلىرىنى يىغدى.) يەنە بىر گۇناھ ئۆتكۈزسە، قەلبكە يەنە چاڭگال

سالىدۇ،ۋە الله ئۇنىڭ قەلبىگە پېچەت بېسىۋېتىدۇ.(ئۇ بارماقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغدى.)»(فەتھۇل قەدىر) «مۆئمىن بەندە ئۇچۇن قەلبىدىكى قاساۋەتنى كۆرگەندە،ئۇنىڭ قەلبىدىكى قارىيىش ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇ الله تائالانىڭ قېتىپ كېتىش ۋە قاساۋەت ئارقىلىق بۇگۇن ئۇنىڭ قەلبى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا پەردە پەيدا قىلىشىدىن،ئەتە الله تائالاغا قاراشتىن توسۇپ قويىشىدىن قورقىشى كېرەك.الله تائالا مۇنداق دېگەن:«**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن قەلبلىرى قارىيىپ كەتكەن.ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!.ئۇلار چوقۇم شۇ كۈنده ئۆز پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنىدۇ.**»» (تەپسىر سەئالىبى)، «قارىيىپ كېتىش(يەنى داتلىشىش) كاپىرلارنىڭ قەلبىنى يالىڭاچلايدۇ»(ئىبنى كەسىر) «قەلبنىڭ قارايغانلىقى قەلبنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر.»(تەپسىر نەسەفى)

ـ شائىر مۇنداق دەيدۇ

قەلبنى ئۆلتۈرەر گۇناھ ـ مەئسىيەت،
ئۇنى داۋام قىلىش كەلتۈرەر خارلىق.
قەلبنىڭ ھاياتى گۇناھنى تاشلاش،
سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر ئاڭا ئاسىيلىق.

ـ يەنە بىر تەرەپتىن مۆئمىن كىشى ھەتتاكى بارلىق گۇناھلاردىن پاكلانمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.(مەيلى ئۇ پاكلىنىش الله نىڭ مەغپىرەت قىلىش بىلەن بولسۇن، مەيلى شاپائەت ئارقىلىق بولسۇن،ياكى مەيلى دوزاخقا كىرىپ پاكلىنىش بىلەن بولسۇن.) دېمەك،گۇناھ ئۈچ جەھەتتىن خەتەرلىك ئىشتۇر.1 ـ ئۇنىڭ قەلبنىڭ ئىمانىغا تەسىر قىلىشى، 2 ـ ئۇنىڭ چوقۇم قىيامەت كۈنىسى پاكلىنىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكى،3 ـ ئىتائەت قەلب ئىمانىنىڭ تەسىرى ۋە تەبىئىي مېۋىسى بولغان بولسا،گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىنچە قەلب ئىمانىنىڭ ئاجىز ياكى مەۋجۇد بولماسلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.(ئىتائەت ۋە گۇناھنى تاشلاش ئىمان ئۈچۈن دەلىل ۋە گۇۋاھچى).

## ئىككىنچى پەسىل:قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ تەپسىلاتى

ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن نىيەت قىلماستىن بىر ئىشنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.ئەمما نىيەت تۆۋەندىكىدەك ياكى ياخشى بولىدۇ ياكى بۇزۇق بولغان بولىدۇ:

ـ ياخشى نىيەت الله نىڭ مۇھەببىتىنى مەقسەت قىلغانغا ئوخشاش نىيەتلەردۇر. ئىتائەت قەلبتە الله نىڭ مۇھەببىتىنى زىيادە قىلىدۇ.ئەگەر بۇ نىيەت ۋە بۇ ئىتائەت داۋاملاشسا قەلبكە ئاق چېكىت ئۇرۇلىدۇ.ھەتتاكى قەلب الله نىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.(يەنى ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە مەقسەتلىرى الله نىڭ مۇھەببىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.)ئاندىن بۇ قەلب ساپ ھاۋادەك سۈزۈك بولىدۇ.

ـ شۇنىڭغا ئوخشاش الله تىن قورقۇش ۋە الله قا ئىتائەت قىلىشنى نىيەت قىلىشقا ئوخشاش نىيەتلەر.

ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتەك بۇزۇق نىيەتلەر.مەئسىيەت قەلبتە دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى زىيادە قىلىدۇ.ئەگەر بۇ خىل نىيەت ،بۇ خىل ئاسىيلىق ۋە شەيتانغا بويسۇنۇش داۋاملىشىۋەرسە ، قەلبكە قارا چېكىت ئۇرۇلىۋېرىدۇ.ھەتتاكى قەلب دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.(يەنى ئىنساننىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە دىققەت ئېتىبارى پەقەت دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بىلەنلا مەشغۇل بولىدۇ.)شۇنىڭ بىلەن قەلب قاپقارا بولۇپ قالىدۇ.

ـ بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە گۇناھنىڭ ئۆزىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپلۈكىدە ۋە ياكى ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئەمەس. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەلبىڭلار قىلغان نەرسە(يەنى قەستەن ئىچكەن قەسەمىڭلار)تۈپەيلىدىن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ،الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،ھەلىمدۇر(يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ»**(بەقەرە **225** ـ ئايەتتىن)بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلىنى يۇقىرىقى ئايەت الله تائالانىڭ «قەلبىڭلار

قىلغان نەرسە تۇپەيلىدىن» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىزاھلاپ بېرىدۇ.ۋە بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى بايان قىلىنغان ھەدىسلىرىدىكى«قەلبىگە ئۆچۈرۈلدى» ۋە «پەقەت كۆڭلى تارتقان نەرسە» دېگەن سۆزلىرى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. يەنى بۇ مەسىلە قەلبتە بۇ نەرسىلەرگە ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ باغلىنىپ قېلىشى ۋە دىققەت ئېتىبارنىڭ مەشغۇل بولىشى تۇپەيلى پەيدا بولغان نەرسىدۇر.ئەگەر ئىنسان تەۋبە قىلسا،يەنى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ باغلىنىپ قېلىشنى توسسا ۋە بۇ نەرسىلەرنى ھېس ـ تۇيغۇلىرى يامان كۆرگەن ۋە ئىنكار قىلغان ھالدا زېھنىنى بۇ نەرسىلەردىن يىراقلاتسا،ئاندىن قەلبى پاقىرايدۇ.ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلمىسا،ئاندىن بۇ گۇناھلارغا قايتسا،ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ باغلىنىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ مەشغۇل بولىشى زىيادىلىشىدۇ.ۋە بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇ ۋە دىققەت ئېتىبار ئېشىپ بارىدۇ،ھەتتا قەلبى بۇخىل ھېس ـ تۇيغۇلار ۋە دىققەت ئېتىبارلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.شۇنىڭ بىلەن الله نى قويۇپ نەپسى خاھىش ۋە دۇنياغا ئىبادەت قىلىشقا چۈشۈپ قالىدۇ.(مانا بۇ چوڭ نىفاق)، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ ئەھۋال ئىمان ئەركانلىرى بىلەن باغلىنىدىغان ھېس ـ تۇيغۇ ۋە دىققەت ئېتىبارنىڭ ئازىيىش بەدىلىگە بارلىققا كېلىدۇ.ئەگەر بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇ مەۋجۇد بولغان بولسا ئاخىر بېرىپ يوقىلىدۇ.مانا بۇ ئىمان ئەركانلىرىنى تەستىقلىغان تۇرۇغلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش كاپىرلىقىدۇر.

ـ بەندە ھەرقاچان گۇناھ ئۆتكۈزسە،ئۇنىڭ قەلبىدىكى«ھارام»دېگەن سۆز كۆرسىتىۋاتقان مەنالارغا سەل قاراش پەيدا بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە الله نىڭ كاتتىلىقى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.(ئەگەر ئۇنىڭ قەلبىدە الله نىڭ كاتتىلىقى مەۋجۇد بولغان بولسا!)ھەتتا الله نىڭ كاتتىلىقى ئۇنىڭ قەلبىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ.ئاخىرى بېرىپ ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدىكى الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى نۆلگە باراۋەر بولۇپ قالىدۇ.(مانا بۇ ياراتقۇچىنى تەستىقلاپ تۇرۇقلۇق قەلبىدە يۈز ئۆرۈش)

ـ گۇناھلار بىلەن قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى،بۇزۇق نىيەتنىڭ الله نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرۈش نىيىتىگە ۋە نەپسى ـ خاھىشقا ئىبادەت قىلىشقا تەرەققىي

قىلىدىغانلىقىدۇر.:**«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى،ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى»**(مۇھەممەد 9 ـ ئايەتتىن) («بۇزۇق نىيەت»دېگەن پەسلىنىڭ «نىيەتكە بولغان تەسىرى»گە قاراڭ)،(يەنە غەيىبلەرنى ھېس قىلىش بىلەن قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان، غەيىبلەرنى ھېس قىلىش ۋە ھېس قىلماسلىقنىڭ ئەمەللەردىكى تەسىرىگە قاراڭ)،خۇسۇسەن،مەخپىي جايلاردىكى گۇناھ مەئسىيەتلەر الله نىڭ ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.يەنە بىر تەرەپتىن(گۇناھلارغا يېتەكلەيدىغان) يامان نىيەتلەر قەلبكە توپلىنىپ، ئاخىرى ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

ـ گۇناھ،ئىتائەتنى تەرك ئېتىش بىلەن قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرى ئىتائەت، ئىلىم ۋە گۇناھلارنى تەرك ئېتىشنىڭ روھنىڭ ئوزۇقى بولغانلىقىدۇر.ئەگەر قەلب ئۆزىنىڭ ئوزۇقىدىن مەنئى قىلىنسا،ئاجىزلىشىپ ئۆلىدۇ.دېمەك،بۇ يەردە قەبرىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان ئۆلۈكلەر باركى،ئۇلار ياشايدۇ، يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. لېكىن ئۇلار تىرىك ئەمەس.:**ئۇلار(يەنى بۇتلار)تىرىك ئەمەس،ئۆلۈكتۇر، ئۇلار(چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ)قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.»** (نەھلى **21** ـ ئايەتتىن)،**«كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ،قىيامەت كۈنى،ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»** (تاھا **124** ـ ئايەتتىن)،

ـ شۇنىڭدەك بەدەن ئىبادەتلىرى بىلەن قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى،ئىنساننىڭ بىر نەرسىگە قانائەت قىلسا،ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا،ھەرۋاقىت ئۇ بۇ ئەمەلنى قىلغانسېرى ،بۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىپ قالىدىغانلىقىدۇر.ۋە بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى كۆپىيىدۇ.گەرچە بۇ ئىش باشلىنىشىدىلا خاتا ئىش بولسىمۇ،لېكىن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۇنىڭغا توشۇپ كېتىدۇ.بۇ خۇددى بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچىيىپ قالىدىغانلىقىغا

ئوخشاش بىر ئىش.

ـ نىيەتنى تۈۋەندىكىدەك تۇرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:دۇنيانى نىيەت قىلىش (بۇزۇق نىيەت)،ئاخىرەتنى نىيەت قىلىش (ياخشى نىيەت)،تەپسىرى قۇرتۇبىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:««سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دۇنيانى مەقسەت قىلىدىغانلار بار» يەنى غەنىيمەتنى.ئىبنى مەسئۇد:«بىز ئۇھۇد كۈنىسى بولغىچىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىن دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىدۇق.»دېگەن. «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىدىغانلار بار.»يەنى بۇلار مەركەزلىرىدە مۇستەھكەم تۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمىغان كىشىلەردۇر.»گۇناھنىڭ سەۋەبى دۇنيانى مەقسەت قىلىش. قوبۇل بولىدىغان ئىتائەتنىڭ سەۋەبى ئاخىرەتنى مەقسەت قىلىشتۇر.دۇنيانى مەقسەت قىلىشتىنمۇ ئىتائەت پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.شۇنىڭدەك نىيەتنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن:الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى مەقسەت قىلىش.ۋە دۇنيا ۋە ئاياللارنى مەقسەت قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى نىيەتكە باغلىق.ھەربىر كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. كىمنىڭ ھىجرىتى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىگە بولىدىكەن،ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىگە بولىدۇ.كىمنىڭ ھىجرىتى دۇنيا ئۈچۈن بولىدىكەن،شۇ دۇنياغا ئېرىشىدۇ. يا بىر ئايال ئۈچۈن بولىدىكەن،شۇ ئايالغا ئۆيلىنىدۇ.ئۇنىڭ ھىجرىتى ئۆزى ھىجرەت قىلغان نەرسە تەرىپىگە بولىدۇ.» (بۇخارى **54**)،

***بىرىنچى:دۇنيانى نىيەت قىلىش(بۇزۇق نىيەت ياكى دۇنيا ۋە ئايالالارنى مەقسەت قىلىش)***بۇ تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

***1 ـ نەپسى ـ خاھىشنى نىيەت قىلىش:***يەنى شەھۋەت ياكى كۆز ـ قاراشقا ئاساسەن ئىش قىلىش،بۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولسا رازى بولمىغانلىقىدىن(يەنى ئۇنى

قىزىقتۇرالمىغانلىقى ياكى كاللىسىدىن ئۆتمىگەنلىكى،كۆڭلىدىكىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ھەرقانداق ئەمەلنى ئىجرا قىلماسلىقتۇر.مەسىلەن:ئىنسان ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قاراشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قارىغان ۋاقتىتا،بۇ گۇناھنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.بۇ مۇشۇ مەئسىيەتتىن توسۇشنى يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.بۇ الله نىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىنى يامان كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. **«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى»**( مۇھەممەد**9** ـ ئايەتتىن) ، ياكى بۇ گۇناھنىڭ سەۋەبى بۇ گۇناھنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلماسلىق بولىشى مۇمكىن.مانا بۇ بۇ گۇناھلاردىن چەكلىگەن كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلماسلىققا ئاپىرىپ قويىدۇ.بۇ الله نى ھېس قىلماسلىقتىن پەيدا بولىدۇ.(ياراتقۇچىدىن قەلبى جەھەتتىن يۈز ئۆرۈش.) مەسىلەن:سىز بىرىيەردە ئىشلىسىڭىز،سىزنىڭ ئىش ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلماسلىقىڭىز، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا پەرۋا قىلمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ياكى ئۆز بېشىمچىلىق ۋە ياكى ئىش ئىگىسىنىڭ ھۆرمىتىنى كىچىك ساناش تۈپەيلىدىن بولغان بولىدۇ.دېمەك، خەتەر گۇناھنىڭ ئۆزىدە ئەمەس.لېكىن خەتەر گۇناھنىڭ سەۋەبىدە ۋە بۇ سەۋەب پەيدا قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشلاردا.بۇ گۇناھلارنىڭ سەۋەبى غەيىبلەرنى ھېس قىلماسلىقتىن پەيدا بولغان بولسا ئەڭ خەتەرلىك بولغان بولىدۇ.بۇ ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنسانلار ئۇقماستىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.گۇناھلاردا داۋاملىشىش نىيەتنى بۇ گۇناھلارنى ياخشى كۆرۈش نىيىتىگە ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەپسى ـ خاھىشقا ئىبادەت قىلىش ياكى الله  بۇيرۇغان نەرسىنى يامان كۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

***2 ـ ئادەتنى نىيەت قىلىش:***ئەمەل ئىبادەت ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ۋاقىتتا،بۇ ئىبادەتلەردىن بولغان نىشان ـ مەقسەتنى يوقىتىپ قويىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئەمەل ياخشى ياكى يامان نىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ.بۇنداق ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ.گۇناھقا ئادەتلىنىش ۋە كۆنۈپ قېلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.تۆۋەندىكى ئىككى ھالەتتە ئىنسان گۇناھكار بولىدۇ:**«ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار:«ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد**

**قىلغانلىقنى بىلىمىز ،بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىلارمىز»دەيدۇ . شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەرقاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى(يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا ، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى:«بىز ھەقىقەتەن ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقنى بىلىمىز ،شەك ــ شۈبھىسىزكى ،بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز»دېيىشتى .»(زۇخرۇف 23 ،22 ــ ئايەتتىن) ،«ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە(يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىگە ،قۇرئانغا)ئەگىشىڭلار دېيىلسە ،ئۇلار:«ياق ،ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ .ئاتا ــ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا ،يەنى ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»(بەقەرە 170 ــ ئايەتتىن) ،**

***3 ــ ھېكمەتنى نىيەت قىلىش:*** بۇ بولسا گۇناھنى ئۇنىڭ زىيانلىرى سەۋەبىدىن تەرك ئېتىش ،ئەمەل ــ ئىبادەتنى ئۇنىڭدىكى پايدا مەنپەئەت تۈپەيلىدىن قىلىشتۇر .مانا بۇ ئوخشاشلا بۇزۇق نىيەتتۇر .گۇناھنى تاشلاش پەقەت الله نىڭ ئۇنى ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بولىشى ۋە ئەمەل ــ ئىبادەت قىلىشمۇ پەقەت الله تائالانىڭ ئۇنى بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈنلا بولىشى كېرەك .

ــ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھارام ئىشنى تاشلىغانلىقى ئۇ ئىشقا قىزىقمىغانلىقى ، ياكى ئۇنىڭدا بىرەر مەنپەئەت بار دەپ ئويلىمىغانلىقى ياكى ئۇ ئەيىب ھېسابلانغانلىقى ،ياكى بۇ ئىشنىڭ ھاياسىزلىق بولىدىغانلىقى ،ياكى گۈزەل ئەخلاققا توغرا كەلمەيدىغانلىقى ، ياكى بۇ ئىشنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا يامان كۆرۈلىدىغانلىقى ۋە ياكى ئىنسانىيلىققا مۇخالىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ .ياكى ھارام ئىشنى تەرك ئېتىش بۇ ئىشنىڭ مۇشكۈلچىلىك پەيدا قىلىدىغانلىقى ياكى قانۇننىڭ ئۇنىڭغا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن بولىدۇ .دېمەك ،بۇ ئىنساننىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىكى چىقىش نۇقتىسى كۆز ــ قاراش ، نەپسى ــ خاھىش ،مىجەز ــ خاراكتېر ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق بولۇش . . . قاتارلىقلاردۇر .لېكىن مۆئمىن ئۈچۈن ھارام ئىشلارنى باشتىن ئاخىر پەقەت ئۇنى الله تائالانىڭ ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈنلا تەرك ئېتىشى ۋاجىپ بولىدۇ .ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشنىڭ بۇ ئىشلارنى

قىلىش ياكى قىلماسلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولماسلىقى كېرەك.

***4 ـ دۇنياۋى نىشان ۋە ئارزۇلارنىڭ نىيىتى:***نىيەتنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلاردىن پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش،نىيەت يەنە ئىنساننىڭ ئېگىدىكى نىشان ۋە ئارزۇلاردىنمۇ پەيدا بولىدۇ.ياكى ئىنسان بىر ئەمەلنى ياخشى ياكى يامانلىق بولىدىغانلىقىنى چىقىش قىلىپ، ياكى «الله رازى بولارمۇ؟»دېگەننى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ.ۋەياكى نىيىتى بۇزۇق بولۇپ، بىر ئەمەلنى مەلۇم بىر مۇشكۇلاتنى چىقىش قىلىپ ياكى مەلۇم بىر دۇنياۋى مەنپەئەت ئۈچۈن،ياكى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىغانلىقى ئۈچۈن زىيان يەتمىسۇن دەپ قىلىدۇ.شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىلىيەتتە ،ئۇ ئىنسان ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئومۇمى نىشانىنى ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ ئومۇمى نىشانى دۇنيا بولسا،ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ.ئايال بولسا ئۇنى ئالىدۇ.دېمەك ئۇنىڭ بارلىق نىيەتلىرى پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا يۈزلەنگەن بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ نىيەت باتىل بولىدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاۋاتقان نىيىتى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بولغان بولسا، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ بارلىق نىيەتلىرى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يۈزلەنگەن بولىدۇ.

***5 ـ قەلبنىڭ كېسەللىكىدىن پەيدا بولغان نىيەت:***مەسىلەن:ئۆچ ـ ئاداۋەت ياكى ھەسەت . . .قاتارلىقلار.مانا بۇ قەلبنىڭ قارىيىپ كېتىشىگە ئەڭ تېز تەسىر يەتكۈزىدىغان يولدۇر.

***6 ـ نىيەتنى بىرلەشتۈرۈش:***يەنى دۇنيا بىلەن الله نىڭ رازىلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ نىيەت قىلىش.مانا بۇ ھەم قوبۇل بولمايدىغان بۇزۇق نىيەتتۇر.الله تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:«مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت.كىمكى بىر ئەمەلنى ئۇنىڭدا ماڭا بىرسىنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ قىلسا،ئۇنى شېرىكلىرىگە تاشلاپ قويىمەن.»(مۇسلىم **7666**)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:«بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:«يا رەسۇلۇللاھ! ،مال ـ مۈلۈك ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن غازات قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى نېمە بولىدۇ؟.»دەپ سورىۋىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:«ئۇنڭغا ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ.»دېدى.ئۇ كىشى سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋېدى.رەسۇلۇللاھ يەنىلا:«ھېچ نەرسە يوق!».دېدى.ئاندىن: «الله ئەززە ۋە جەللە الله ئۈچۈن خالىس بولغان ۋە پەقەت الله نىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.»دېدى.».كىمكى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ۋە كېسەل قوغلاش ئۈچۈن روزا تۇتقان بولسا،قوبۇل قىلىنمايدۇ.

### 7 ـ يالغان نىيەت:

ھەربىر ئەمەلنى ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىشىڭىز ناھايىتى زۆرۈر.سىز ئۇنىڭغا مۇنداق سەۋەبتىن دەپ جاۋاب بېرىسىز.ئاندىن سىز نېمە ئۈچۈن بۇ سەۋەبتىن قىلىسىز؟دەپ سوراپ بېقىڭ. سىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق «الله ئۈچۈن»ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان جاۋابنى تاپىسىز.مەسىلەن: سىز نېمە ئۈچۈن بۇ مالنى ئېلىپ كەلدىڭىز؟.ـ پالانى نەرسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن.ـ سىز ئۇنى نېمە ئۈچۈن سېتىۋالىسىز؟.... سىز چوقۇم ئەڭ ئاخىرىدا الله ئۈچۈن ياكى رەببىمگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى دىنىمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دېگەن جاۋابقا يېتىسىز.(بۇلار ئىنسانىنىڭ كاللىسىدا يوق،لېكىن ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا مەۋجۇد بولغان ئىشتۇر.) سىز نەپسى ـ خاھىشى، مەنپەئەت ۋە ئومۇم ئۈچۈن ياشاۋاتقان كىشىلەرنى بايقايسىز.سىز تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتىكى سوئال«سىز الله قا ئىتائەت قىلىشتا كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن يەۋاتامسىز؟»دېگەن بولىدۇ.سىز خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى پۇل تېپىۋاتقان ۋاقىتتىكى سوئال«سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەپسىڭىزنىڭ نېسىۋىسى ئۈچۈن ياكى دۇنياۋى مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن ۋە ياكى الله قا ئىتائەت قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن پۇل تېپىۋاتامسىز؟»دېگەنلىك بولىدۇ.شۈبھىسىزكى،ئەمەلنىڭ ئۆزىنى قىلىشتىن نىيەت قىلىش كۆپ قىيىن.لېكىن بىز نىيەت قىلىشنى بىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ئاسانراقى دەپ تونۇپ قېلىۋاتىمىز.بۇ خىل نىيەت كۆپىنچە يالغان نىيەت بولىدۇ. يەنى بۇ ھېچقانداق

ئىمانى ھېس تۇيغۇلارغا يۆلەنمىگەن بولىدۇ.ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ ئەمەلنى پەقەت الله ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىغا ئازراقمۇ شەك قىلماستىن تولۇق ئىشەنگەن بولىدۇ.لېكىن ئۇ ئەمىلىيەتتە الله نىڭ غەيرى ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتقان بولىدۇ.چۈنكى بۇ ئەمەل ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقى ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇدىن پەيدا بولمىغان.

ـ بۇيەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە كېچىدە ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش ئىباەتلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن دەيدىغان كىشى بارمۇ؟.ئەلۋەتتە يوق.لېكىن سىز كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بۇنى قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈسىز .مانا بۇ ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە دەلىلكى،بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇنى چوقۇم قىلىدۇ.دېمەك،ئۇلار بۇ ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بىر نەرسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشى يا بۇ ئىشقا پەرۋا قىلمايدۇ،ياكى بۇنىڭغا كۆڭۈل قويمايدۇ.ياكى شەھۋەتلىرىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلىدۇ.مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىدە سىقىلىش ياكى ھەرەج ۋە ياكى يامان كۆرۈشنى پەيدا قىلىپ قويىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئىش الله نىڭ پەرىزلىرىدە يۈز بېرىپ قالسا تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈپ قالىدۇ:**«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)يامان كۆرۈش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى»** **(مۇھەممەد 9 ـ ئايەتتىن)**

ـ ***نىيەتنىڭ شەرتلىرى:***ھەرقانداق نىيەتكە شۇ نىيەتنى پەيدا قىلغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ شەرتلىرى لازىم بولىدۇ.يەنى چوقۇم بۇ ھېس ـ تۇيغۇلارغا ماس كېلىدىغان روھى ھالەتلەرنىڭ بولىشى ۋە بۇ ھالەتلەرنىڭ سىز يۈزلىنىۋاتقان ئىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ماس ھالدا بولىشى ۋە مۇشۇ روھى ھالەت ئىشنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرىغىچىلىك داۋاملىشىشى كېرەك.(ئەمەل مەۋجۇدلا بولىدىكەن، داۋاملىشىدۇ.)

ـ مەسىلەن:قۇرقۇش نىيىتىنىڭ روھى ھالەتلىرى؛سىز مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىش تەلەپ قىلىنغان بىر ئىنسانغا قاراپ بېقىڭ.ئۇ بۇ ئىشتىن ئايرىلىشقا دۇچ كەلمىگەن بولسا،سىز ئۇنىڭ بۇ ئەمەلنى ئورۇنلاشنىڭ بېشى،جەريانى ۋە ئاخىرىدىكى روھى ھالىتىگە

قاراپ بېقىڭ .سىز چوقۇم قورقۇشنى ئىپادىلەيدىغان روهى هالەتنى ۋە هەتتا بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېينمۇ ،بۇ كىشى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى لايىق دەرىجىدە ئادا قىلدىمۇ؟ ،ياكى ئۇلار بۇ ئىشتىن رازى بولمامدۇ؟ دېگەن خىيال بىلەن بۇ هالەتنىڭ قۇۋۋىتى ،داۋاملىششى ۋە قەلبىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىشىنىڭ مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز .

ـ يەنە بىر مىسال:سىزنى گۇناھ قىلىش قانۇن جازالايدىغان بىر ئىشنى قىلىش قۇرقۇنچىغا سالغاندەك قورقۇنچىغا سالالامدۇ؟ .ئۇنداقتا سىزنىڭ الله نىڭ جازاسىدىن قورقۇشىڭىز قەيەرگە كەتتى! .سىزنىڭ بۇ گۇناهقا چۈشۈپ قالغاندىكى پۇشايمىنىڭىز ۋە پەرىشانلىقىڭىز يۈز يۈەن پۇلنى يوقىتىپ قويغاندىكى پەرىشانلىقىڭىزچىلىك چىقارمۇ؟ . سىزنىڭ پۇل يۈتتۈرۈۋەتكەندىكى روهى هالىتىڭىز بىلەن الله قا ئاسى بولغاندىكى روهى هالىتىڭىز ئوخشاشمۇ؟ .

***ئىككىنچى:ئاخىرەتكە بولغان نىيەت(ياخشى نىيەت ياكى الله ۋە پەيغەمبەرگە يۈزلىنىش نىيىتى)*** ئۇ تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

***1 ـ الله نى ياخشى كۆرۈش نىيىتى:*** الله نىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىدا ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت بار. (گەرچە بىز بۇنى بىزنىڭ قىسقا نەزىرىمىز بىلەن بىلەلمىسەكمۇ) .الله سۇبهانەهۇ ۋەتائالا ئۆزىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىملىرى بىلەن ئۆزى مەنپەئەتلەنمەيدۇ .(يەنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى ئەمىللەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇپ چەكلەيدىغانلىقىغا ئوخشمايدۇ . )ئەگەر سىز بۇ بۇيرۇقلاردىن رازى بولمىسىڭىز ۋە ياخشى كۆرمىسىڭىز ، دېمەك سىز بۇ بۇيرۇقلاردا مەنپەئەتلەرنىڭ بارلىقىغا رازى بولمىغان ،ۋە ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزگە پايدا يەتكۈزۈشتە الله تىنمۇ ئالىم دەپ(نەئۇزۇبىللاھ) هېس قىلىپ قالغان بولىسىز .الله تائالانى ياخشى كۆرۈش الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ .ئىنسان ئەمەللەرنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن قىلىدۇ .سىز نامازغا نامازنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن تۇرىسىز .(نامازغا بۇيرۇغان زاتنى ۋە ياخشىلىقنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن) .ئەمما مۇناپىقلار نامازنى هۇرۇنلۇق بىلەن ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇلار نامازنى

ياخشى كۆرمەيدۇ .مانا بۇ الله نى ۋە الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ .سىز ياخشى كۆرۈپ قىلغان ئەمەل قوبۇل قىلىنىدۇ .ۋە نەتىجىلىك ۋە مۇۋەپپىقىيەتلىك ئەمەل بولىدۇ .سىز بۇ مۇشەققەتلىك ئەمەل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قىلىشۋاتقاندا ۋە قىلىپ بولغاندا راھەت ھېس قىلىسىز .مەسىلەن:رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ بەدەنلىرى ھېرىپ ـ چارچىسىمۇ كېچە ـ كېچىلەپ رەسىم سىزىدۇ .لېكىن ئۇ ناھايىتى بەختلىك ۋە كۆڭلى خۇشال بولىدۇ .چۈنكى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىدۇ .

***2 ـ الله قا بويسۇنۇش نىيىتى:***الله قا بويسۇنۇش ئەمەللەرنى نەپس ـ خاھىش ياكى مىجەز ـ چارەكتىن ياكى كۆز ـ قاراش ۋە ياكى مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئادا قىلماسلىققا يەتكۈزىدۇ .مانا بۇ توغرا نىيەت ئۈچۈن بولغان ئەڭ مۇھىم تۈرتكىدۇر .

***3 ـ الله تىن قورقۇش نىيىتى:***ھەرقانداق گۇناھىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازاسى بار .ئەگەر ئىنسان ئاخىرەتنىڭ جازاسىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلالىسا(بۇ ئاخىرەتنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ) گۇناھتىن الله نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ يىراقلىشىدۇ . (مانا بۇ الله تىن قورقۇشتىن پەيدا بولىدۇ)

***4 ـ الله نى ئۇلۇغلاش ۋە الله تىن قورقۇش نىيىتى:***شۈبھىسىزكى ،الله نىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى الله نىڭ كاتتىلىقىغا ئوخشاش كاتتا ئىشلاردۇر .ئەگەر سىزنى دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىرى سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز ياكى ئاددىي بىر شەخسنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى بولغان بىر ئىشقا بۇيرۇسا ،قانداق قىلارسىز؟ .: **«كىمكى الله نىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا(يەنى ھەج جەريانىدا الله نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە) ،بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ(دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكى)ئۈچۈن ياخشىدۇر ،»** (ھەج **30** ـ ئايەتتىن) ،**«ئىش مانا شۇنداق ، كىمكى دىنى ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى ،قۇربانلىقلارنى)ئۇلۇغلايدىكەن ،بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر»** (ھەج **32** ـ ئايەتتىن) ،

***5 ـ ئاخىرەتنىڭ ساۋابلىرىنى ھېس قىلىش نىيىتى:***چوقۇم ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قىيامەت كۈنىسىدىكى مەنپەئەت ۋە خەتەرلىرىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىش كېرەك.مانابۇ ئاخىرەتنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ.مەسىلەن:ئەگەر سىزگە بىر ئىنسان:«بېرى كەل،ماۋۇ ئون سوم پۇلنى ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇغىن.»دېسە،سىز دەرھال كېلىسىز.ئەمما:« بېرى كەل،ۋە بۇ ياخشىلىقلارنى ئېلىۋال.»دېسە،سىز ھۇرۇنلۇق قىلىشىڭىز مۇمكىن.مانا بۇ سىزنىڭ ئېڭىڭىزدىكى ماددىنىڭ قىممىتى ساۋابنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىدىن بولغان.چۈنكى سىزنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇڭىز ۋە ياخشىلىققا بولغان ئېھتىياجىڭىز ئاجىز.سىز دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايسىز.ئەمىلىيەتتە بىر ياخشى ئەمەلگە دۇنيانىڭ بارلىق ماللىرى باراۋەر كېلەلمەيدۇ.سىز بۇنىڭغا رازى بولامسىز؟.سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ياخشى ئەمەلنىڭ سىز ئىگە بولىۋاتقان بارلىق مۈلۈكلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مەۋجۇدمۇ؟.بۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ چىرايىڭىز ئۆزگىرىپ«مەن بۇ ماللارنى الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن.»دەيسىز. بۇ راستمۇ؟!.ئەگەر ئىنسان بىر گۇناھنى مەقسەت قىلغان بولسا،بۇ ئۇنىڭ بۇ گۇناھقا بېرىلىدىغان جازانى ھېس قىلمىغانلىقىدىن بولغان بولىدۇ. ۋە بۇ ئاخىرەتنى ھېس قىلىشنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ.

# 11 ـ باب

## بىر ئىشقا بۇ ئىش كۆرستىۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنى

## تەسەۋۋۇر ،تەپەككۇر قىلماستىن ۋە ئويلانماستىن قۇلاق سېلىش

ــ ئىنسان ئۇ يەردە قورقۇنچلۇق ئاخىرەتنىڭ ۋە نېئمەتلىك جەننەت،ئازابلىق دوزاخنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا،بۇ سۆزلەردىكى مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنىڭ دائىرىسىنى ۋە بۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ۋە بارار جايى ئىكەنلىكىنى ئويلانمىسا، چۈشەنمىسە، تەپەككۇر قىلمىسا،تەسەۋۋۇر قىلمىسا ۋە بىلمىگەن بولسا،دېمەك بۇ ئىنسان ئاخىرەت ئىسمىلىك بۇ نەرسە توغرىسىدا ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغانغا ئوخشاش.شۇنىڭدەك بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بىر رەببى ۋە ئىلاھىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا،ئۇ رەب ۋە ئىلاھنىڭ قۇدرەتلىك ۋە ئىنسانىنىڭ كۈچىدىن ھالقىغان زور كۈچ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە،ئۇنىڭدىن قورقمىسا ۋە چۆچۈمىگەن بولسا،ئۇ خۇددى رەب ۋە ئىلاھ ئىسمىلىك بىر نەرسە توغرىلىق ھېچقانداق سۆز ئاڭلىمىغانغا باراۋەر. ئەگەر ئۇ بۇ نەرسىلەر ئىپادىلەۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەرنىڭ بار يوقلىقى توغرىسىدا ئويلانمىغان بولسا،ئۇ بۇ توغرىلىق ھېچنەرسە ئاڭلىمىغانغا باراۋەر.مانا بۇ يۈز ئۆرۈشنىڭ بىر تۈرى.مانا بۇ«مۆھۈر بېسىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى.يەنى الله ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىش ئىپادىلەۋاتقان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا،ئەقىللىرىگە ۋە قەلبلىرىگە مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ ــ دە،بۇ ئىشنىڭ خەتىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ۋە ئويلىيالمايدۇ.

ـ دېمەك ،بۇنداق بولغان ئىنساننىڭ بىر نەرسىگە ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوق . چۈنكى ئۇ ئۆزى ئىشەنگەن نەرسىنىڭ مەنىسى ۋە ھەقىقىتىنى بىلمەيدۇ .ئاخىرەتتە قورقۇنچ ،ئازاب ۋە نېئمەتلەر بولسىمۇ ، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى تەسەۋۋۇر قىلمايدىغان ئادەم ئىشەنگەن بولسۇن ياكى ئىشەنمىگەن بولسۇن ،بەرىبىر ئاخىرەت ئىسمىلىك بىر نەرسە توغرىسىدا ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغانغا ئوخشاش .شۇنىڭدەك ، كىمكى الله نىڭ كاتتىلىقىنى ، قۇدرىتىنى ۋە سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ، ۋە الله سۇبهانەهۇ ۋەتائالانىڭ قازا ـ قەدەردە بېكىتكەن ئىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن ، خۇددى ئۇ رەب ، ئىلاھ بولغان ۋە كىشىلەرگە سۆز ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بىر زات توغرىلىق ھېچقانداق سۆز ئاڭلىمىغانغا ئوخشاش .مەيلى ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنسۇن ئىشەنمىسۇن .

ـ دېمەك ،تەستىقلاش ،جەزمىيەت ۋە ھەقىقى ئىشىنىش چوقۇم ھېس قىلىشقا ئاپىرالىشى كېرەك .مانا بۇ مۇھىم قائىدە: تەستىقلاش ،جەزىم قىلىش ۋە ھەقىقى ئىشىنىش= ئىشىنىش +ھېس قىلىش ۋە ھېس ـ تۇيغۇ .

ـ تەستىقلاش ،جەزىم قىلىش ۋە ئىشىنىش بولسا تەسەۋۋۇر قىلىش ،تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ . بۇ پەقەت ھېس قىلىش ۋە ھېس ـ تۇيغۇغا ئېلىپ بارىدىغان تەستىقلاش ۋە ھەقىقى ئىشىنىشتۇر .بۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەستىقلاش ،جەزىم قىلىش ۋە ھەقىقى ئىشىنىش بولالايدۇ .ئەمما يالغان ئىشىنىش بولسا مىراس قىلىش ،ئادەتلىنىش ياكى ئىشلارغا پەرۋا قىلماسلىق ۋە كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ .

ـ تەپەككۇر قىلىش الله تائالانىڭ كۆرگىلى بولىدىغان كىتابى(كائىنات ۋە مەخلۇقاتلار)دا بولىدۇ .ۋە يەنە مۇلاھىزە قىلىش الله تائالانىڭ ئوقۇلىدىغان كىتابى (قۇرئاندا)بولىدۇ .ۋە يەنە تەپەككۇر قىلىش قۇرئان ۋە ھەدىستىكى مۆجىزىلەردە ۋە ئايەتلەر كۆرسىتىۋاتقان مەزمۇنلاردا بولىدۇ .تەپەككۇر قىلىش بىلەن مۇلاھىزە قىلىش ئىشىنىڭ مەنپەئەتى ،چوڭلۇقى ۋە خەتىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاپىرىدۇ .بۇ خىل تەسەۋۋۇر تەستىقلاپ ئىشىنىش ،جەزىم

قىلىش ۋە ھەقىقى ئىشىنىشكە ئاپىرىدۇ. مانا بۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ھېس قىلىش ۋە ھېس ـ تۇيغۇغا ئاپىرىدۇ.

*ـ بۇلارنىڭ دەلىللىرى:*

***بىرىنچى:*** **الله تائالانىڭ «ئى مۆئمىنلەر !الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار،سىلەر(قۇرئاننى)ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى(يەنى كاپىرلارنى)دورىماڭلار. شۈبھىسىزكى الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى(ھەقنى ئاڭلىماي)گاس بولىۋالغان،(ھەقنى سۆزلىمەي)گاچا بولىۋالغان،(ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر»**( ئەنفال **20 ـ 22** ـ ئايەتتىن)،دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

ـ تەپسىر قۇرتۇبىدا:«الله تائالانىڭ:ئاڭلىماي تۇرۇپ «ئاڭلىدۇق»دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار»دېگىنى،يەنى يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلار ياكى مۇشرىكلاردىن بولماڭلار. دېگەنلىكتۇر. بۇ قۇلىقىدىن ئاڭلاش بولۇپ،«ئاڭلىماي تۇرۇپ»دېگىنى ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى تەپەككۇر قىلمايدۇ. ۋە ئۇنىڭدا مۇلاھىزە قىلمايدۇ.دېمەك ئۇلار ئاڭلىمىغان ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەرنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان.الله مۆئمىنلەرنى شۇلاردەك بولۇپ قىلىشتىن توستى. بۇ ئايەت مۆئمىن كىشىنىڭ ئاڭلىدىم ۋە ئىتائەت قىلدىم دېيىشدە،ئەگەر بۇنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئەمەللەرنى بىجىرىشدە ئاشكارا بولمىسا ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.ئەگەر ئۇ بۇيرۇقلاردا سۇسلۇق قىلسا ۋە ئۇنى ئورۇنلىمىسا،چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلسا ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتسە،ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش بولمىغان بولىدۇ.ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئىماننى ئاشكارا قىلىپ،كۇفرىنى يوشۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ.مانا بۇ «ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار.» دېگەن سۆز بىلەن بولغان مەقسەتتۇر.بۇنىڭدىن مۇناپىق،يەھۇدىي ۋە مۇشرىكلارنى كۆزدە تۇتماقچى.»

ـ تەپسىر بەيزاۋىدا:««ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار»دېگەن ئايەتنىڭ

مەنىسى ،يەنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىغانلىقنى دەۋا قىلغان كاپىر ۋە مۇناپىقلاردەك بولماڭلار .ئۇلار مەنپەئەت ئالالايدىغان ئاڭلاشتا ئاڭلىمايدۇ .شۇڭا ئۇلار ئاڭلىمىغانغا ئوخشاش» .

ـ تەپسىر تەبەرىدە:«الله تائالانىڭ«ئاڭلىماي تۇرۇپ«ئاڭلىدۇق»دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار»دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا ،ئى مۆئمىنلەر! سىلەر رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىشتا الله نىڭ كىتابىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ،قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق دېگەن ،لېكىن ئاڭلىمىغان مۇشرىكلاردەك بولماڭلار ،دېگەنلىكتۇر . بۇ مۇشرىكلار قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان نەرسىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ .قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ،ئۇنى قەلبلىرىگە سىغدۇرماسلىق ئۈچۈن تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ .شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارنى قۇرئاننىڭ ۋەزلىرىدىن مەنپەئەتلىنەلمەيدىغان قىلىپ قويدى .گەرچە ئۇلار قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇلار ئاڭلىمىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى .

ـ تەپسىر ئەبى سەئۇدتا:«چۈشەنمەستىن پەقەت قۇرۇق دەۋا بىلەن «ئاڭلىدۇق» دېگەن كىشىلەردەك ،يەنى ئاڭلىغانلىقنى دەۋا قىلىۋاتقان كاپىر ، مۇناپىقلاردەك دېگەنلىكتۇر .»

ـ تەپسىر ۋاھىدىدا:«كاپىر مۇناپىقلار ئاڭلىغان بولسىمۇ ئاڭلىغان نەرسىسى ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمىگەن .شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاڭلىمىغان كىشىنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان .»

ـ تەپسىر بەغەۋىدا:««ئۇلار ئاڭلىماي تۇرۇپ»يەنى تىللىرىدا «قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق»دەيدۇ .لېكىن ئۇلار ئاڭلىمايدۇ .يەنى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاڭلىشى بىلەن مەنپەئەتلەنمەيدۇ ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىمايدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاڭلىمىغانغا ئوخشاش بولىدۇ .»

ـ تەپسىر فەتھۇل قەدىردا:««ئاڭلىماي تۇرۇپ ،ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەردىن بولماڭلار»دېگەن ئايەتتە كۆرسىتىلگەنلەر مۇشرىكلار ياكى مۇناپىقلار ۋە ياكى يەھۇدىيلار ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىدۇر .چۈنكى ئۇلار قۇلاقلىرى بىلەن چۈشەنمەستىن ۋە ئەمەل قىلماستىن ئاڭلايدۇ .دېمەك ئۇلار ئەسلا ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ،چۈنكى ئۇلار

ئاڭلىغان نەرسىلىرىدىن مەنپەئەتلەنمەيدۇ.»

ـ تەپسىر جەلالىيىندا:«(تەپەككۇر ۋە ۋەز قوبۇل قىلىش ئاڭلىشىدا)ئاڭلىماي تۇرۇپ، ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار. يەنى بۇلار مۇناپىق ياكى مۇشرىكلاردۇر.»

***ئىككىنچى:ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ دەلىللىرى؛***

ـ الله تائالا قۇرئان كەرىمنى بىزنىڭ ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىمان ئەركانلىرىنى ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ئەھمىيەت ۋە خەتەرلىرىنى تەپەككۇر قىلىشىمىز ئۈچۈن نازىل قىلدى:**«(بۇ)ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»**(ساد **29** ـ ئايەتتىن)، لېكىن بەزى ئىنسانلار قۇلاقلىرىنى ئىشلىتىشنى، تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە قىلىشنى خالىمىدى:«**ئۇلار(پەيغەمبەرگە):«بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە(يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى(يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)دەيدۇ»**(فۇسسىلەت **5** ـ ئايەتتىن)،«**ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز(يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) ئوقۇپ بېرىلسە ،گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك (الله نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن)تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ.(ئى مۇھەممەد!)ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»**(لوقمان **7** ـ ئايەتتىن)«**بۇ الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك(كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ(گۇمراھلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ). ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»**(جاسىيە **8** ـ ئايەتتىن) **«مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەرقاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن)بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى**

**ئاگلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا)چىڭ تۇردى،چوڭچىلىق قىلىپ(ئىماندىن تېخىمۇ باش تارتتى»**(نۇھ 7 ـ ئايەتتىن)،**«كاپىرلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە،ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە (قوشۇمىسىنى تۈرگەنلىكتىن) ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈسەن،ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى كۆرۈسەن ،ئېيتقىنكى، «سىلەرگە مەن بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟الله ئۇنى كاپىرلارغا ۋەدە قىلدى، ئۇلار بارىدىغان جاي نېمىدېگەن يامان!»**(ھەج 72 ـ ئايەتتىن)، **«يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ .الله دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا،ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ»**(زۇمەر 45 ـ ئايەتتىن)، **«ئۇلارنىڭ تولىسى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر،بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر)»** (فۇرقان**44** ـ ئايەتتىن) **«ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى)ئاڭلىغان،ياكى چۈشەنگەن بولساق،ئەھلى دەۋزەخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق»دەيدۇ.»**(مۇلك **10** ـ ئايەتتىن) **«شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دەۋزەخكە(يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن)ياراتتۇق .ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ،ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ،ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ،ئۇ ئارقىلىق(الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ)تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ،ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر،ئەنە شۇلار غاپىلدۇر»** (ئەئراف **179** ـ ئايەتتىن)،

***ئۈچىنچى: ـ پىكىر يۈرگۈزمەسلىك ۋە تەپەككۇر قىلماسلىقنىڭ قەلبكە مۆھۈر ۋە پېچەت بېسىلىش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى؛***(قەلبنىڭ پېچەتلىنىشى ۋە مۆھۈر بېسىلىشى پەقەت كاپىر ۋە مۇناپىقلار ئۈچۈن بولىدۇ!.)،يەنى بىر ئىشقا بۇ ئىش ئېپادىلىۋاتقان مەنىپەئەت ۋە خەتەرلەرنى تەپەككۇر قىلماستىن،پىكىر يۈرگۈزمەستىن ۋە تەسەۋۋۇر قىلماستىن ئاڭلاپ قويۇش چوڭ كاپىرلىق بولىدۇ:

**ـ تەپسىر قۇرتۇبىدا الله تائالانىڭ:«الله ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋە قۇلاقلىرىنى**

**پىچەتلىۋەتكەن (ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)،ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقنى كۆرمەيدۇ)،ئۇلار(ئاخىرەتتە)قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»**(بەقەرە 7 ـ ئايەتتىن) ،دېگەن ئايىتى مۇنداق تەپسىر قىلىنغان:«قەلبكە پېچەت سېلىش بولسا ،الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ئايەتلىرىگە كاپىر بولۇش ۋە ئۇنىڭ خىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھەقىقىتىنى قەلبكە سىغدۇرالماسلىقتۇر.قۇلاققا پېچەت سېلىش بولسا قۇرئان ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنغاندا ياكى ئۇلار الله نىڭ يىگانىلىقىغا چاقىرىلغاندا ئۇلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىدۇر.كۆزلىرىگە پېچەت سېلىش بولسا ،الله نىڭ مەخلۇقاتلىرى ،ئاجايىباتلىرى ۋە ھۈنەرلىرىگە نەزەر سېلىشقا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ يېتەكلىيەلمىگەنلىكىدۇر.مانا بۇ ئىبنى ئابباس ،ئىبنى مەسئۇد ،قەتادە ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىدۇر.»تەپسىر قۇرتۇبىدا يەنە مۇنداق بايان قىلىنغان:**««ئەنە شۇلار الله‌ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە پېچەت سېلىۋەتكەن كىشىلەردۇر.»** دېگەن مەنىسى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ۋەز ـ نەسىھەتنى چۈشىنىشتىن، قۇلاقلىرىنى الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاشتىن،كۆزلىرىنى الله نىڭ مۆجىزىلىرىگە قاراشتىن پېچەتلىۋەتتى. دېگەنلىك بولۇپ،مانا بۇلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەردىن غاپىل قالغانلار بولۇپ،ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە زىيانكارلاردىن بولىدىغانلىقىدا ھېچ شۈبھى يوق.». ئىبنى كەسىردە مۇنداق بايان قىلىنغان:«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ«كاپىرلارنى ھىدايەتكە چاقىرغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇش ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان كىشىگە ئوخشايدۇ.»يەنى ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى ئىمانغا چاقىرغان ۋاقىتتىكى ھالىتىنىڭ مىسالى خۇددى ھايۋانلارنى چاقىرغانغا ئوخشايدۇكى،ھايۋانلارنى پادىچى چاقىرسا ،ھايۋانلار پەقەت تاۋۇشنىلا ئاڭلايدۇ.ۋە ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى چۈشەنمەيدۇ.» ۋە يەنە ئىبنى كەسىردە مۇنداق بايان قىلىنغان:«الله ئەززە ۋە جەلله مۇنداق دەيدۇ:« **شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا قەلبى(يەنى چۈشىنىدىغان دىلى**،مۇجاھىد ئەقلى بار دەپ تەپسىر قىلىدۇ) **بار كىشى ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھوزۇرى قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان كىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.»**يەنى سۆزنى ئاڭلاپ،ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ.ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن ئويلايدۇ،قەلبى بىلەن چۈشىنىدۇ.» بەزى كىشىلەر باركى ئۇنىڭغا ئاخىرەت توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز،ئۇ ئاخىرەتنىڭ خەتەرلىك ئەھۋاللار ۋە كەلگۈسى ئىكەنلىكىنى

بىلەلمەيدۇ .چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە داتلىق(قەلبىنىڭ قارىيىپ كېتىشى)بار .ئىبنى كەسىردە مۇنداق بايان قىلىنغان:«الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ دۆتلۈكى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ تۆۋەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ: «ئەنە شۇلار الله ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە پېچەت سېلىۋەتكەن كىشىلەردۇر .»دېدى .بۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ،ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ .لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەيدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ قېشىدىن يېنىپ چىققاندا ،ساھابىلەرنىڭ ئىلىملىكلىرىگە: «پەيغەمبەر نېمە دېدى»دەيدۇ . ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويمايدۇ .ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگىشىدۇ .يەنى ئۇلاردا توغرا چۈشەنچە ۋە توغرا نىيەتمۇ يوق .»«الله تائالا تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان ،لېكىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەپ :«خۇددى كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەككە ئوخشايدۇ .»دېدى . يەنى ئۇلار ئېشەككە ئوخشايدۇكى ،ئەگەر ئېشەك كىتاب يۈدۈۋالسىمۇ ، ئۇنىڭدىكى مەنىلەرنى بىلمەيدۇ .ئۇ پەقەت جىسمانى جەھەتتىنلا كۆتۈرىدۇ .يەھۇدىيلارمۇ ئۇلارغا بېرىلگەن كىتابلارنى كۆتۈرۈشتە ئېشەككە ئوخشاشكى ،ئۇلار بۇ كىتابنى ھەرپمۇ ـ ھەرپ يادا ئالدى لېكىن بۇنى چۈشەنمىدى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىمىدى. بەلكى ئۇنى تەئۋىل قىلىپ ئۆزگەرتتى ۋە ئالماشتۇرىۋەتتى .دېمەك ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئېشەكتىن يامان ،چۈنكى ئېشەك بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. لېكىن بۇ يەھۇدىيلاردا چۈشىنىش قابىلىيىتى بولسىمۇ بۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە:«**ئۇلار ھايۋانغا ئوخشايدۇ. بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر.ئۇلار غاپىللاردۇر**»دېدى .» ،شۈبھىسىزكى ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن ياشاۋاتقان كىشىلەر ئەمىلىيەتتە ئۆلۈككە ئوخشاش. دېمەك بۇ يەردە قەبرىنىڭ سىرتىدا تۇرىۋاتقان ئۆلۈكلەر باركى ،ئۇلار ياشايدۇ ،يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. لېكىن ئۇلار تىرىك ھېسابلانمايدۇ :«**ئۇلار تىرىك ئەمەس ،ئۆلۈكتۇر، ئۇلارقاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ .**»(نەھل **21** ـ ئايەتتىن)]الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىۋاتقانلىقىغا

قاراڭ]:**«كىمكى مېنى ئەسلەشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ،ئۇنىڭ تۇرمۇشى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتىدۇ.»**(تاھا **124** ـ ئايەت) ئۇلاردا ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش ئەمىلىلەشكەن ۋاقىتتا ،ئۇلارغا روھ ـ جان كىرگەن بولىدۇ:**«ئەسلىدە ئۆلۈك(يەنى كاپىر) بولۇپ ،بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن)تىرىلدۈرگەن ،بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە(يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا)قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟.كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرستىلدى.»**( ئەنئام **122** ـ ئايەتتىن)، بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

چاقىرغانتىم بىر تىرىكنى قاتتىق ۋارقىراپ ،

ئەمدى بىلسەم چاقىرغىنىم ئەمەسكەن ھايات.

يەپ ـ ئىچسىمۇ ۋە يۈرسىمۇ زېمىن ئۈستىدە،

ئۆلگەن قەلب تىرىكلىككە بەرمەس قىلچە نەپ.

ئەنە شۇلار خۇددى ئۆلۈككە ئوخشايدۇ.ئەگەر سەن ئۇلارغا الله ۋە ئاخىرەتتىن سۆزلەپ بەرسەڭ ،خۇددى ئۆز ـ ئۆزۈڭگە سۆزلەۋاتقاندەك بولۇپ قالىسەن.

**ـ تەپەككۇر ،مۇلاھىزە ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ مەنىسى:**

ـ بەزى كىشىلەر باركى ،دۇنيا ۋە دىن توغرىسىدىكى بارلىق نەرسىلەردە پىكىر قىلىدۇ. ۋە بارلىق دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقلى ۋە زېرەكلىكىدىن پايدىلىنالايدۇ.ۋە ئۇنىڭدا دىن ۋە دۇنيا توغرىلىق نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بار.لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە دىنىنىڭ يىلتىزىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ھەقىقەت ئىشلىرى توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ.ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا تەپەككۇر قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ.ۋە ئۆزى ئىبادەت قىلىۋاتقان زاتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش توغرىسىدا

پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. دىنى ئىلىم ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:بىرى الله نى بىلىش(اللەنى تونۇش)،يەنى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلىش(دىن ۋە دەۋەت ئىشلىرىنى بىلىش).تەپسىر ئىبنى كەسىردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:«ئالىم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.بىرى اللەنى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلىدىغان ئالىم،ئىككىنچىسى:اللەنى بىلىدىغان،اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلمەيدىغان ئالىم، ئۈچىنچىسى: اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلىدىغان، لېكىن الله نى بىلمەيدىغان ئالىم.اللەنى ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقىنى بىلىدىغان ئالىم دېگەن اللەتىن قورقىدىغان ۋە اللەنىڭ چەك ــ چېگرا ۋە پەرىزلىرىنى بىلىدىغان ئالىمدۇر.الله نى بىلىدىغان، لېكىن الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلمەيدىغان ئالىم الله تىن قورقىدىغان،لېكىن الله نىڭ چەك ــ چېگرا ۋە پەرىزلىرىنى بىلمەيدىغان ئالىمدۇر.الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىلىپ،الله نى بىلمەيدىغان ئالىم الله نىڭ چەك ــ چېگرالىرىنى بىلىدىغان،لېكىن الله نى بىلمەيدىغان ئالىمدۇر.».كىمكى دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلسە،لېكىن ئۇ الله نى بىلمىگەن بولسا،دېمەك ئۇ غەيىپ ئىشلىرىنى ھېس قىلالمايدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى لەززەتلىرىنى ھاسىل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.ئۇنىڭ تەپەككۇرى كۆز ئالدىدىكى لەززەتلەرنىڭ كەينىدىكى جازا ــ ئوقۇبەتلەر توغرىسىدا ئويلىنىشقا يەتمەيدۇ.ئۇ ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.ۋە الله نىڭ بۇ دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇسى قىلغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ.ئۇنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى دۇنيا بىلەنلا باغلانغان بولۇپ،ئۇنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشتىن يۈز ئۆرىتىدۇ ۋە غەپلەتتە قويىدۇ.دېمەك بۇ ئىنسان ئەقلى يوق دۆت ئىنساندۇر:«**ئۇلار ھاياتى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ،ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىش ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر.**»(رۇم 7 ــ ئايەتتىن)، «**ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەندە،ئۆزلىرىدە بار ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىپ (پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى ۋە مەسخىرە قىلدى)،ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان(كەلسە دەپ ئالدىرىغان) ئازاب نازىل بولدى.**» (غافىر **83** ــ ئايەتتىن)،

ــ دۇنيا ئىشلىرىغا قاتتىق بېرىلىپ كېتىشتىن دىن ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك

كېلىپ چىقىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنسان دىن ئىشلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۇ دىن ئىشىنى مۇھىم دەپ قارىمايدۇ ــ ئۇنى پەقەت تەقلىد ۋە مىراس يولى بىلەنلا قوبۇل قىلىدۇ: «ئۇنداق ئەمەس،ئۇلار:«ھەقىقەتەن ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز،بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىلارمىز» دەيدۇ.شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەرقاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى(يەنى پەيغەمبەر)ئەۋەتسەكلا،ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى:«بىز ھەقىقەتەن ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز،شەك ــ شۈبھىسىزكى،بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز»دېيىشتى.»(زۇخرۇف 23،22 ــ ئايەتتىن)«ھەر قاچان ئۇلارغا(يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە(يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار»دېيىلسە ،ئۇلار:«ياق،ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ ، ئاتا ــ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا،يەنى ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»(بەقەرە170 ــ ئايەتتىن)

ــ شۈبھىسىزكى،غەيىپ ئالىمى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەھۋاللار ۋە ئاجايىباتلار ۋىجدان ۋە ھېس ــ تۇيغۇنى تىترىتىدۇ. بۇ سىز كۈتۈۋاتقان،بەلگىلەنگەن،قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاقىۋەتتۇر.سىزنىڭ ھەقىقى ھاياتىڭىز ۋە ئۆيىڭىز پەقەت ئەشۇ جايدا. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقىنىڭ ئۆزى سىزنىڭ ئۇ توغرىسىدا ئويلىنىشىڭىز، تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ۋە ئۇنى ھېس قىلىشىڭىزغا تۈرتكە بولالماسمۇ؟.بۇنداق بولالمىغانلىقى ئەمىلىيەتتە سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە غەيىپ ئالىمىنىڭ ئاساسىدىن بولغان ھەرقانداق بىر مەسىلىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولىدۇ.گەرچە سىز تامامەن ئەكسىچە گۇمان قىلىسىڭىزمۇ.

ــ شۈبھىسىزكى،دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ قىلىپ بېرىدىغان ئايەتلەرنى تەھلىل قىلغان كىشى چوقۇم ئۆز زېھنىدە دۇنيانىڭ يوقالغۇچى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.دۇنيا دېگەن ئايەتلەرنىڭ ئاشكارا كۆرسەتمىسىدىن كۆرە كىچىك باللارنىڭ ئويۇن ۋە تاماشاسىدەك ئويۇندىن ئىبارەتتۇر:«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن،

**غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر،(بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر»(ئەنئام 32 ـ ئايەتتىن)،«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە تاماشادىن ئىبارەتتۇر»(مۇھەممەد 36 ـ ئايەتتىن)«بىلىڭلاركى،دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن،(كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ ـ زىننەتتىن، ئۆز ـ ئارا پەخىرلىنىشتىن،پۇل ـ مال،پەرزەنت كۆپەيتىش پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر» (ھەدىد 20 ـ ئايەتتىن)**،دۇنيا ئىشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى ھېس ـ تۇيغۇلاردىمۇ شۇنداق بولىشى كېرەك. يەنى ئىنسان دۇنيانىڭ قىممەتسىزلىكىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىشى كېرەك. ئەمما غەيبلەرنى ھېس قىلمايدىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلمايدىغان كىشىنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشى ماددىۋى قاراشقا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بارلىق نەرسە پەقەت ماددا،پايدا ـ مەنپەئەت،كۆرگىلى بولىدىغان دەلىللەر بىلەن ئۆلچىنىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقتى،بۇ شەيئىلەر دالالەت قىلىۋاتقان نەرسە ۋە بۇ شەيئىلەر كۆرسىتىۋاتقان مەنپەئەت ۋە خەتەرلەر ياكى بۇ نەرسلەرنىڭ يوقاپ كەتكۈچى ۋە قىممەتسىزلىكىنى ھېس قىلىش مەۋجۇد بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، غەيبلەرنى ھېس قىلمايدىغان كىشىلەر بەخت ـ سائادەت،ماددىۋى مەنپەئەت،ۋە كۆڭۈل خوشلۇقىنى پەقەت بۇ دۇنيا دەپ ھېس قىلىدۇ. لېكىن غەيبلەرنى ھېس قىلغان كىشىلەر جەننەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋە ھەقىقى بەخت ـ سائادەتنىڭ پەقەت جەننەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ـ تەپەككۇر مىساللىرى:تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراڭ.ۋە ئۇ توغرىسىدا ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ؛

بىز ئاسماندا مۇئەللەق ھالدا تۇرىۋاتقان شارچە ئۈستىدە تۇرىۋاتىمىز.بارلىق تەسەۋۋۇرلاردىن ھالقىغان كاتتا يۇلتۇزلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يەرشارىنىڭ ھەركىتى بىلەن بىرگە ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلانماقتا.بۇ يۇلتۇزلار پەقەت ئۈستىمىزدىلا ئەمەس. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پەيدا بولىشى.........قاتارلىقلار بۇيەردە بارلىق ئۇلۇغلۇقتىن ئۈستۈن بولغان،بارلىق ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنى قانداق

خالىسا شۇنداق قىلالايدىغان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ،ئۇ كۈچنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىق دائىرىسىنى ۋە ئىنسانىنىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ياراتقۇچىغا تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇشنى ھېس قىلىشقا يەتكۈزىدۇ .

ـ يەنە ئاسمان بوشلۇقىنىڭ ھەممىسىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ .يورۇقلۇق پەقەت كىچىككىنە زېمىن يۈزىدىلا بار:**«جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ،زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان الله قا خاستۇر! ئاندىن(يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ)كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ .»**( ئەنئام **1** ـ ئايەتتىن )

قۇياش بولسا ئوتتىن شەكىللەنگەن ئاسمان بوشلۇقىدا مۇئەللەق تۇرىۋاتقان زور بىر شارچە .بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ ئوت ئەتراپىدا يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىۋاتىمىز . بۇنىڭدىن جەزمەن قورقۇش ۋە چۆچۈشنى ھېس قىلىش ،ئىنساندىن ئۈستۈن بولغان ،ئۇنى قانداق خالىسا شۇنداق قىلالايدىغان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش ۋە ئىنسانىنىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلىش پەيدا بولىدۇ .شۇنىڭ بىلەن بۇ ياراتقۇچىغا تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇشنى ھېس قىلىش پەيدا بولىدۇ .

ئالىملار ئايغا چىققاندا زېمىننىڭ ناھايىتى كىچىكلىكىنى كۆرگەن .زېمىن ئۇلارغا خۇددى ئايغا ئوخشاش كۆرۈنگەن . سىز ئۆزىڭىزنى ئاينىڭ يۈزىدە دەپ خىيال قىلىپ بېقىڭ .ۋە زېمىنغا يىراقتا تۇرۇپ:«ئۇ يەردە مېنىڭ ئۆيۈم ، بالىلىرىم ۋە ئەھلىم بار .ئۇلار مېنىڭ قايتىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ .»دەپ ئىشارەت قىلىپ بېقىڭ .ئاخىرەت دەل شۇنىڭغا ئوخشاش .سىز يەرشارىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا قانداقسىگە مۇئەللەق شارچە بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىڭ .

يەكۈن:تەپەككۇر قىلىش مۆۋەپپەقىيەت قازىنىپ ،ئۇ الله نى تونۇش ،ئۇنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشتا نەتىجە بەرگۈچە ،چوقۇم تۆۋەندىكىدەك قىيىنچىلىقلارنى

بىسسپ ئۆتىدۇ؛

***1 ـ بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماددىي چەكلەر ئالدىدا توختىيالماسلىق:*** سىز ھەرقانداق بىر ئىش توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا ،ئۇنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىتا ئىلمى سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنى تاپىسىز.سىز بۇ خىل سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىزدەنسىڭىز،ئۇنىڭ يەنە باشقا سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنى تاپىسىز.سىز مۇشۇنداق ئىزدىنىشتە داۋاملىشىۋەرسىڭىز، ئاخىرى ماددىي ئىلىم بۇ چۈشەندۈرۈشكە ئاجىز كېلىدۇ ،ۋە:«مەن بۇنىڭغا سەۋەب تاپالمايمەن.»دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز بۇ يەردە ھېلىقى ئىشنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرگە قارىتا دەرىجىدىن تاشقىرى مەخپىي بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالىسىز.مانا تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەنىسىدۇر.سىز مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردە ھەربىر شەيئىنى مۇكەممەل كۆزىتىپ تۇرىۋاتقان ۋە ھەممە شەيئىنى مۇكەممەل باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان بويسۇندۇرغۇچى كۈچنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ياراتقۇچىلار بولغان مۇكەممەل بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇشنى ھېس قىلىسىز.ۋە بۇ سەۋەبلەرنى پەيدا قىلغۇچى ئادەتتىن تاشقىرى بۇ كۈچتىن قورقۇشنى ھېس قىلىسىز. ئىنسان شەيئىلەرگە سەۋەب نۇقتىسىدىن قارىسا، ھەربىر سەۋەبنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيدۇ.ئەگەر ئۇ بۇخىل قاراشتا داۋاملاشسا،سەۋەبلەرنىڭ بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقى ۋە بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئارقىسىدا مەخپىي بىر قولنىڭ بارلىقى ئاشكارا بولىدۇ.ئاندىن ئىنسان سەۋەبلەرنى پەيدا قىلغۇچىغا نىسبەتەن بويسۇنۇشنى ھېس قىلىدۇ: **«ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ(ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن)ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.»**(مۇلۇك 4 ـ ئايەتتىن)،ئەمما سەۋەبلەرنىڭ ماددىي چېگرالىرىدا توختاپ قېلىش ئىنساننى چوقۇم بۇ ئىشلارنى مۇشۇ سەۋەبلەر پەيدا قىلغان،ياسىغان ۋە مەيدانغا كەلتۈرگەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گەرچە ئۇ الله نىڭ مۇشۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى سەۋەبلەرگە باغلىنىشتىن ھالقىيالماستىن، دۇنيا سەۋەبلىرى بىلەن ياشايدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلىش ئەمىلىيلەشكۈچە ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ماددىي دەلىللىرى ۋە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ

مۆجىزىلىرى بىلەن مۇشۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

***2ـ شەيئىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە نەزەر سالماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قېلىش:*** بىز بىرەر شەيئىگە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئىزلەنمەستىن نەزەر سېلىشىمىز مۇمكىن.بۇ ۋاقىتتا بۇ شەيئى ئۇنى چۈشەندۈرۈشتىن سەۋەبلەر ئاجىز كېلىدىغان مۆجىزە تۈرۈقلۇق ئاددىي بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.مەسىلەن:سىز بىر پارچە لايغا قاراپ بېقىڭ.ئۇ ھەرگىزمۇ ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ ۋە ھەرىكەتلىنىدىغان ئىككىنچى بىر خىل لايغا ئۆزگىرەلمەيدۇ.لېكىن ئىككىنچى بىر خىل لاي الله تائالا ئۇنىڭغا روھ پۈلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ .مانا بۇ ئىنسان بولۇپ،ئۇ زېمىن ماددىسى(لاي)غا قەتئىي ئوخشىمايدىغان گۆش ۋە سۆڭەكلەرگە ئايلاندى. سىز يەنە ئۇرۇقلارغا قاراپ بېقىڭ.ئۇ قانداق قىلىپ ياغاچ(دەرەخ)لەرگە ئايلاندى.بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس.شۇنىڭدەك بارلىق نەرسىلەر ئاددىي ئەمەس،بەلكى مۆجىزىدۇر.لېكىن بىز بۇ ئىشقا ئادەتلىنىپ،كۆنۈپ قالغان:**«ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ)نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى،ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ»***(يۇسۇپ105 ـ ئايەتتىن)*،

***3ـ زېھنىي تەسەۋۋۇر ۋە خىياللارنى ئىشلەتمەسلىك:*** مەسىلەن:سىز زېمىننىڭ سىرتىغا ئەتتىگەندە چىقسىڭىزمۇ،چوقۇم قاراڭغۇلۇقتا قالىسىز.چۈنكى ئاسمان بوشلۇقىنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇقتۇر.ۋە يەنە سىز كېچىدە زېمىن يۈزىدە بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسىڭىز،پات يېقىندا سىزگە قۇياشنىڭ نۇرى يېتىپ كېلىدۇ. سىز ئالدىنقى مىسالغا قاراپ بېقىڭ.مانا بۇ زېھنىي تەسەۋۋۇر ۋە خىياللارنى ئىشلىتىشكە موھتاج بولىدۇ.

***4 ـ شەيئىلەرنىڭ مەنبەسىدە تەپەككۇر قىلماستىن،يەنى دۇنيا ۋە ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى... .قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ھېس قىلماستىن دىن ۋە ھايات ئىشلىرىدا تەپەككۇر قىلىش شەيئىلەرنى تەپسىلىلەشتۈرۈش:*** (شۇبھىسىزكى، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كائىناتنىڭ سىرلىرىنى تونۇشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ.)ۋە ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن

ياشاۋاتقان مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىنىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلماسلىق .

### ـ يوچۇق زادى نەدە؟:

بىز ھازىر ئەسلى يوچۇق ـ سەۋەب تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە قىلماستىن ئاڭلاپ قويۇشتا دەپ ئېيتالايمىز .يەنى ئۆزىنىڭ پات يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ ۋە بىلىدۇ .لېكىن ئۆزىنىڭ پات يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىنىڭ نېمە مەنا بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ .ئۇ دۇنيا توغرىلىق ئاڭلايدۇ ۋە بىلىدۇ .لېكىن ئۇ بۇدۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى زىننەت ۋە شەھۋەتلەرنىڭ نېمە مەنا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ .ئۇنىڭ نۇرغۇن ئارزۇلىرى بولغان بولىدۇ .لېكىن ئۇ بۇ ئارزۇلارنىڭ ھەقىقىتى ۋە كەلگۈسى نەتىجىسى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلمايدۇ .ئۇ ئەمەل قىلىدۇ. لېكىن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ .ئۇ بۇ يەردە كائىنات ۋە يۇلتۇزلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ .لېكىن بۇ كائىنات ۋە يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇد بولىشىنىڭ نېمە مەنا بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلانمايدۇ .ئۇ ئاخىرەت ، جەننەت ۋە دوزاخ توغرىسىدا ئاڭلايدۇ ۋە بىلىدۇ . لېكىن بۇلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلمايدۇ .ۋە ئۇ بۇ كائىناتنىڭ بىر رەببى ۋە ئىلاھى بار ئىكەنلىكىنىڭ نېمە مەنا بېرىدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا ئويلانمايدۇ . مانا بۇ بارلىق مۇشكۇلاتنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولۇپ ،باشقا ھېس ـ تۇيغۇغا ياكى ئەقىلگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئاڭلاش ،كۆرۈش ، تەپەككۇر قىلىش ،ئويلىنىش ،نەسىھەت ئېلىش ۋە ئىبرەت ئېلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ .قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى پەقەت مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئۈستىدە قېتىم ـ قېتىملاپ پىكىر يۈرگۈزىشىمىز كېرەك .مانا مۇشۇنىڭدىن ھېس قىلىش ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار بىۋاستە مەيدانغا كېلىدۇ .قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن بايانلار كەلدى .مەسىلەن: الله تىن قورقۇش ،ئەيمىنىش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش .ۋە مۆئمىنىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئۇنىڭ بويسۇنىشى بىلەن سۈپەتلىدى .قۇرئان كەرىمدە مۆئمىنىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى

خۇددى ئىماننىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئوخشاش بايان قىلىندى.

ـ شۈبھىسىزكى،ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلغان كىشىنىڭ دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بەدەنلىرى مەشغۇل بولۇشى مۇمكىن،لېكىن ئۇنىڭ دىققەت ئېتىبارى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى مەشغۇل بولمايدۇ.شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئۇنىڭ قەلبىدە ئەمەس، بەلكى قولىدا بولغان بولىدۇ.ئىنسان ئۇنىڭ قېشىدا مىليونلىغان دىنارلار بولسىمۇ، زاھىد بولالىشى مۇمكىن.بۇ ئۇنىڭ بۇ پۇللار بىلەن خۇشال بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلماسلىقىدۇر.زاھىدلىقنىڭ مەنىسى بولسا،زۆرۈر بولغان ئىشلاردا بەدەننىڭ دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى بىلەن بىرگە، قەلب ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ دۇنيانى تەرك ئېتىشىدۇر.

ـ بەزىلەر ئەمەللەر پەقەت بەدەن بىلەن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، زېھنىنىڭمۇ تەسەۋۋۇر،تەپەككۇر ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ.تەپەككۇر قىلىش ۋە قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلىش بولسا بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار زايە قىلىۋاتقان قەلبى ئىبادەتتۇر.«پەيغەمبەر ئېيتتى :«ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى،مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى.» (فۇرقان 30 ـ ئايەتتىن)،يەنە شۇنىڭدەك قەلبنىڭ تاكى الله قا ئۇچراشقۇچىلىك غەيبلەرنى ھېس قىلىش(قەلبنىڭ ئەملى)،بۇ زېھنىي ۋە قەلبى ئەمەلنى داۋاملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ.ئىككى كىشى بىر جايدا نامازغا تۇرۇپ،ئوخشاش ھالەتتە ناماز ئوقۇغان بولسا،بىرى يۇقىرى يەنە بىرى تۆۋەن دەرىجىدە ئوقۇغان بولىشى مۇمكىن.بۇ يەردىكى پەرق نېمە بولىدۇ؟.بۇ يەردىكى پەرق جەزمەن قورقۇشتا ۋە بۇ قورقۇشنىڭ مىقدارىدا.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە پۈتكۈل ھاياتىدا قەلبىگە قەلب ئەمەللىرىنى توپلىغان،لېكىن كىشىلەر ئۇنى ئاددىي بىر ئىنسان قىلىدىغان ئەمەللەردىن ئارتۇق ھېچقانداق ئەمەل قىلمىغان دەپ قارىغان ئادەملەر مەۋجۇد بولىشى مۇمكىن.چۈنكى ئىنسانلار پەقەت بەدەن ئەمەللىرىنىلا تونۇيدۇ.

ـ ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئەمىللەشتۇرۇش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر:

شۇبھىسىزكى ،ھەرقانداق ئەمەل ئاۋۋال تەپەككۇر قىلىش ،ئاندىن ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ،ئاندىن ئۇنى ھېس قىلىش ،ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ شۇ تەرەپكە يۈزلىنىشى ،ۋە ئاندىن ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىبارىنى بېرىش ،ئاخىرىدا ئەمەل قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلنىڭ ئەڭ مۇھىمى قەلبنىڭ ئىچكى قىسمىدا تامام بولىدىغان قەدەم ـ باسقۇچلاردۇر .(يۇقىرىقى ئامىللار) ،شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:**«مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەلبىڭلار قىلغان نەرسە( يەنى قەستەن ئىچكەن قەسەمڭلار) ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ ،الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ،ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»** (بەقەرە 225 ـ ئايەتتىن) **«الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ ،الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»** (ھەج 37 ـ ئايەتتىن) **«الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى)قوبۇل قىلىدۇ»**( مائىدە 27 ـ ئايەتتىن)

ـ ئاساسى مەسىلە قەلبلەردىكى ھېس ـ تۇيغۇلاردۇر .ئەگەر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىمان ھېس ـ تۇيغۇلىرى بولسا ،ئەگەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھارامنىڭ ھەممە تۈرلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ،ھەرگىزمۇ بۇنىڭ يېقىنلاشمايدۇ .ئەكسىچە بولغاندا ،بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇلار مەۋجۇد بولمىسا ،گەرچە ھارامنىڭ يوللىرى ئۇنىڭدىن قانچىلىك يىراق ۋە تەس بولۇپ كەتسىمۇ ،چوقۇم ئۇ ھارامنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرىنى ئىزدەپ قىلىدۇ .دېمەك ،مەسىلە پەقەتلا قەلبنىڭ پاكىزە ۋە ئاقلىق مەسىلىسىدۇر .

ـ قورقۇش بويسۇنۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرىدۇر .ناماز ئىنساننىڭ قورقۇشى ۋە ئۇنىڭ بەدەنلىرى الله نىڭ ئالدىدا ئېگىلىشتىن بۇرۇن ،ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئېگىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان شارائىتنى تەمىنلەپ بېرىدۇ .سىز قورقمىغان بولسىڭىز ،دېمەك سىز ناماز ئوقۇمىغان بولىسىز .شۇنىڭدەك سىزدە تەقۋالىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى مەۋجۇد بولمىغان بولسا، ئەمەللىرىڭىز قوبۇل بولمايدۇ: **«الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ(قۇربانلىقىنى)قوبۇل قىلىدۇ»** مائىدە 27 ـ ئايەتتىن)

ـ ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭغا پايدا ئەكىلەلەيدىغان نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ .ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ .ئەگەر ئۇ جەننەت نېئمەتلىرىنى ئەملى ھېس قىلالىغان بولسا ،جەزمەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە كاتتا پايدىسى بولغان نەرسە ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولاتتى .لېكىن ئۇ جەننەت نېئمەتلىرىنى ھېس قىلمايدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇشۇ دۇنيادا دەپ ئويلايدۇ ـ دە ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ .ئۇنىڭ ھالى ئاخىرەت ئۈچۈن ياشايدىغان كىشلەرنىڭكىدەك ھەرگىز بولالمايدۇ .

ـ سىز تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراڭ:**«(الله قا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ )ياكى ئاخىرەت( ئازابىدىن قورقۇپ ، پەرۋەدىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىن سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم( ياخشىمۇ؟ )** .ئېيتقىنكى ،**«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» پەقەت( ساغلام )ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»**( زۇمەر **9** ـ ئايەتتىن ) ، شۈبھىسىزكى بۇ ئىنسانىنى شۇنداق قىلىدىغان قىلىپ قويغان نەرسە ئۇنىڭدا ئاخىرەتتىن قورقۇش ۋە ئېھتىيات قىلىش ۋە الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشنى ھېس قىلىشنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىدۇر .

ـ گۇناھقا پۇشايمان قىلىش مەغرۇرلۇق ۋە مىننەت قىلىش ئارىلىشىپ قالغان ئىتائەتتىن ئەۋزەل .بۇنىڭ دەلىلى بۇيەردىكى مەسىلىنىڭ ئەمەلىنىڭ كۆپ بولۇش بولماستىن ،ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ پانى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن يىراقلىشىشى ئىكەنلىكىدۇر .جامىئۇل ئۇلۇم ۋە ھۆكۇم دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەبۇ بەكرى سىلەردىن روزا ياكى نامازنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئېغىر ئورناشقان نەرسە( يەنى ئىمان ) بىلەن ئېشىپ كەتكەن .»

ـ بەزى كىشلەر زىكىر ،قىيامدا تۇرۇش ،روزا ،قۇرئان ئوقۇش ،قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ،ناماز ياكى خۇتبە ئاڭلاش . . . . . .قاتارلىق ئەمەللەر ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇلارنى

ئەمىلىلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ،دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ شارائىت تەييارلايدىغان قېلىپلاردۇر. قورقۇش (خۇشۇئ)سىز ئوقۇلغان ناماز،ناماز ئەمەس.نىيەتسىز ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ.نىيەت دېگەن ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇلاردىن كېلىدۇ.

ـ ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشنى ئەمىلىلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش ئەڭ كاتتا ئەمەلدۇر.ئەگەر سىز الله نى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن قورقۇش.. قاتارلىق ئىمانى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئەمىلىلەشتۈرگەن ۋاقتىڭىز،ھەرگىزمۇ ھېچ قانداق ئەمەل قىلمىغاندەك ئويلىماڭ.بۇ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.بەلكى بۇ ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئەمىلىلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى شەرئى تەلەپ ۋە مەقسەتتۇر.ئەمەللەردىن بولغان مەقسەت قەلب ئەمەللىرىنى ھاسىل قىلىشتۇر. «**تەقۋادارلاردىن بولىشىڭلار ئۈچۈن.......**». مانا بۇ ئىمان ئەمەل بىلەن زىيادە بولىدۇ،دېگەننىڭ مەنىسىدۇر.شۇنىڭ بىلەن سىز نامازدا قورقىسىز ۋە بۇ نامازنى الله تىن قورقۇش ۋە بويسۇنۇشنى ئەمىللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئادا قىلىسىز. ھېس ـ تۇيغۇسىز نىيەت مەۋجۇد بولمايدۇ. چۈنكى نىيەت ھېس ـ تۇيغۇلاردىن كېلىدۇ.بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار مەۋجۇد بولمايدىكەن،سىز قانداقلىكى ئەمەل قىلماڭ،ھەرگىز قوبۇل بولمايدۇ.ئىنسان بىرەر ئەمەل قوبۇل قىلىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشى مۇمكىن.لېكىن بۇيەردە قەلبلەرنىڭ ئەمەللىرى(ھېس ـ تۇيغۇلار)مەۋجۇد بولمىسا،ھېچ نەرسە قوبۇل بولمايدۇ.دېمەك،ئەڭ مۇھىم بولغىنى قەلب ئەمەللىرىنى ھاسىل قىلىش ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئەمىللەشتۈرۈش.مانا بۇ ئەڭ كاتتا جىھاد ۋە ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغان ئەمەلدۇر.

# 12 ـ باب

# ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىش ۋە ھېس قىلماسلىقنىڭ تەسىرلىرى

ـ *ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلىشنىڭ نىيەتكە بولغان تەسىرى:* الله نىڭ پايدا يەتكۈزگۈچى ۋە زىيان يەتكۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى الله نىڭ غەيرىنىڭ ئېتىبارى ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى الله تىن باشقىسى پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا دۇنياغا تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى چاپانغا قارىغاندەك قاراش كېرەك. (بۇ تاشلىۋېتىش ھېس ـ تۇيغۇ ۋە دىققەت ئېتىباردا بولىدۇ. لېكىن مۇئامىلىدە بولمايدۇ.) رىيا قىلىدىغانلار بۇنى پەقەت مەنپەئەت ۋە پايدا ئۈچۈن قىلىدۇ. ۋەھالەنكى پايدا الله تىن باشقىسى تەرىپىدىن كەلمەيدۇ. پايدا ياكى زىيان بولمىغان شەيئىنىڭ خەتىرى ياكى ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق مۇشكۈلاتمۇ بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش لايىق كەلمەيدۇ. دۇنيا ۋە الله تىن باشقا ھەرقانداق نەرسە پايدا ياكى زىيان بېرەلمىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا دۇنيا تاشلىۋېتىلگەن چاپاندەك بولىشى، ۋە بۇنىڭغا

سىزنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ باغلىنىپ قالماسلىقى لازىمدۇر. مانا بۇ نىيەتنىڭ مەنىسى ۋە ئىخلاسنىڭ ئاساسى.

ــ نىيەتنىڭ تەسىرى:سىزنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭىز الله ئۈچۈن بولغاندا سىز راھەت ھېس قىلىسىز. لېكىن سىز دۇنياغا باغلىنىپ قالغان ۋاقتتا ھېرىپ كېتىسىز.

***ــ غەيبلەرنى ھېس قىلمىغانلىقنىڭ ئەمەللەردىكى تەسىرى:***

ــ ئاخىرەتنى ھېس قىلمىغان كىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زۇلمىغا كەڭ قورساقلىق قىلىش چوقۇم تەس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ھەققىنى قىيامەت كۈنى ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسان ئاخىرەتنى ھەققى ھېس قىلغان بولسا ، ياخشى ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھېس قىلىدۇ،ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولىدۇ.

ــ ئىنسان نېمە ئۈچۈن گۇناھ ــ مەئسىيەتنىڭ ھاراملىقىنىغا بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە بۇنىڭغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ .چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. زىيان قىلىدىغان ئىشتىن يىراقلىشىدۇ. دېمەك ،ئۇ بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى زىيان بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان. چۈنكى ئۇ قىيامەتنى ئاساسەن ھېس قىلمايدۇ.

ــ دۇنياغا باغلىنىپ قالغان بىر ئايال ھەيزدىن توختاش دەۋرىگە يېتىپ قالسا ،قاتتىق قايغۇرۇش ۋە ئېغىر روھى ھالەتلەرگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ،شەھۋەت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ شەھۋەتنى يوقىتىدىكەن ،پۈتۈن دۇنيانى يوقاتقاندەك بولىدۇ. مانا بۇ ھېس ــ تۇيغۇلارنىڭ دۇنيا بىلەن باغلىنىپ قېلىشى ۋە ئاخىرەتنى ھېس قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

ــ ئەگەر ئىنساننىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرى دۇنياغا باغلىنىپ قالغان بولسا ،چوقۇم ئۇنىڭ خۇشاللىقى ،قايغۇسى ،غەزىپى ،ئەلەملىرى ،ئارزۇسى ۋە ئۈمىدلىرىنىڭ پەقەت دۇنيا

ئىشلىرىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈسىز .ئەمما ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدا بولسا، ئۇنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ھېچقانداق بىر نەرسە تېپىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى بايلىقتا،غەزىپى ئۇ بايلىقنىڭ يوقاپ كېتىشىدە، ئارزۇسى شەھۋەتلىرىدە.

ـ دەۋەت دېگەن قەلب(ھېس ـ تۇيغۇ)دىن چىقىپ،قەلب(ھېس ـ تۇيغۇ)غا تۇتاشقان نەرسىدۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاددىي بىر سۆزنى سۆزلەپ سېلىشى،ئاندىن بۇ سۆز باشقىلارنىڭ چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىشى ياكى ئۇنىڭدا چوڭ بىر پايدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.چۈنكى بۇ سۆز ئۇنىڭدىن ياسالمىلىق ۋە تەكەللۇپسىز ھالدا ۋۇجۇدىدىن چىققان بولىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«بىر بەندە دىققەت قىلماستىن الله نى رازى قىلىدىغان بىر سۆزنى ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرىدۇ.»(بۇخارى **6556**)،ئەكسىچە بولغاندا،ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇلىرى قېتىپ كەتكەن ھالدا سۆزلىسە،ئۇنىڭ سۆزلىرى باشقىلارنىڭ قەلبىگە ھەرگىز تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى ھېس ـ تۇيغۇلار قەلبىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەقىقى تەسىرلىنىشنىڭ مەۋجۇدلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ھېس ـ تۇيغۇ دېگەن ئىنساننىڭ ئۆزى دەۋاتقان سۆزلەرگە ھەقىقى ئىشەنگۈچى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىپ بەرگۈچىدۇر.

ـ سىز تۆۋەندىكى ئايەتكە قاراڭ:«**(ئۆلچەمدە ۋە تارازادا )كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!ئۇلار كىشىلەردىن ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ.كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا،كەم بېرىدۇ.ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ.ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.**»(مۇتەففىفىن **1** ـ **6** ـ ئايەتكىچە)سىز مىزان ۋە تارازادا كەم بېرىش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا قاراڭ.مانا بۇ ئايەت ئەشۇ كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىگە ھەقىقى ئىشەنگۈچى بولغان بولسا ۋە قىيامەت كۈنىسىدىكى ھېسابقا ئىشەنگەن بولسا بۇنداق ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.يەنە شۇنىڭدەك بۇ ئايەتلەر قىيامەت كۈنىنىڭ ئاددىي كۈن ئەمەسلىكىنى،ئۇ كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق(كاتتا)، ھېس ـ

تۈيغۇلارغا تەسىر قىلغۇدەك كۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ شۇ كۈندە الله نىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.بۇ ئايەتلەر الله نىڭ قۇدرىتى ۋە كاتتىلىقى ئىپادىلەۋاتقان مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىنسانلارنى قورقۇش ۋە ئەيمىنىش ھېس قىلسۇن دەپ،«الله »دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنا بېرىدىغانلىقىنى،يەنى ئۇنىڭ بارلىق ئالەملەرنىڭ رەببىنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. خۇددى بۇ ئايەتلەر ئۆز ھېس قىلىشىدا قىيامەت كۈنى ئاددىي بىر كۈن بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ تارازادا كەم بېرىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىيامەتنىڭ خەتەرلىرىنى،الله نىڭ كاتتىلىقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ھېس قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ـ الله نى ھېس قىلمىغانلىقنىڭ تەسىرىنىڭ بىرى الله تىن يۈز ئۆرۈپ، كىشىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىشتۇر. ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ كەتكەنلىكىڭنى ۋە خىلۋەتلەردە يالغۇزلۇق ھېس قىلغانلىقىڭنى بايقىساڭ،بىلىپ قويغىنكى،سەن تېخى الله ئۇچۇن ئىسلاھ بولمىدىڭ.»،ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:«ئىنسانلارنىڭ ئىراقلا زىيان تارتقىنى رەببىدىن يۈز ئۆرۈپ كىشىلەر بىلەن مەشغۇل بولغىنىدۇر. ئۇنىڭدىنمۇ بەكراق زىيان تارتقىنى الله تىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولغىنىدۇر»، بەزى سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دېگەن:«ۋەيرانلىقنىڭ ئالامىتى كىشىلەر توغرىلىق كۆپ سۆزلەشتۇر.»

ـ الله تائالانىڭ ئاگلاپ تۇرغۇچى،كۆرۈپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماسلىق مەخپىي جايلاردا گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مەن ئۈممىتىمدىن بولغان بىر نەچچە قەۋمنى بىلىمەن.ئۇلار قىيامەت كۈنى تىھامە تاغلىرىغا ئوخشاش ئاق(خۇددى قوبۇل بولىدىغاندەك)ياخشى ئەمەللەر بىلەن كېلىدۇ.ئاندىن الله ئەززە ۋە جەللە ئۇنى چاڭ ـ توزانغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.» سەۋبان: «يارەسۇلۇللاھ بىز بىلمەستىن بۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن،بۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ،ئاشكارا قىلىپ بەرگەن بولساڭ»دېۋىدى.رەسۇلۇللاھ: «ئۇلار سىلەرنىڭ

تېرەڭلەردىن بولغان سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار.ئۇلار كېچىنىڭ نېسۋىسىنى (ئىبادەتلىرىنى) خۇددى سىلەر ئالغاندەك ئالىدۇ.(يەنى كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدۇ) ،لېكىن ئۇلار شۇنداق قەۋملەركى،الله نىڭ ھاراملىرىغا يالغۇز ئۇچراشقاندا ئۇنى قىلىدۇ.»(ئىبنى ماججە 4386).بۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بۇزىۋېتىدۇ.يەنى ئۇلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ غەيرىدە ئۆلىدۇ.چۈنكى ئۆز ئەمەللىرى بىكارچە بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەر كاپىرلاركى،مۆئمىنلەر ئەمەس.مۇسۇلمان ئۇچۇن تارازا ـ مىزانىنى بۇزىدىغان بىر نەرسە بار.يەنى بۇ ياخشى ۋە يامان ئەمەللەر بولۇپ،يامان ئەمەللەر ياخشى ئەمەللەرنى بۇزىدۇ.ياخشى ئەمەللەر يامان ئەمەللەرنى يوققا چىقىرىدۇ. ئەگەر ياخشىلىق ئېغىر(كۆپ)كېلىپ،يامانلىق يەڭگىل بولسا، يامان ئەمەللەر يوققا چىقىدۇ.ئەگەر يامانلىق ئېغىر كېلىپ،ياخشىلىق يەڭگىل بولسا،ياخشى ئەمەللەر بىكارچە بولىدۇ ـ دە دوزاخقا كىرىدۇ.مانا بۇ مىزانىنىڭ بۇزۇلۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما كاپىردىن ياخشى ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ.ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ دەلىلى بىلەن بىكارچىدۇر:**«بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ،ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز(يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن،قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز).»**(فۇرقان 23 ـ ئايەتتىن)،چۈنكى بىزنىڭ رەببىمىز مۇنداق شەرت قويىدى:**«ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن،بىز ئۇنى ئەلۋەتتە(دۇنيادا قانائەتچانلىق،ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ)ئوبدان ياشىتىمىز،ئۇلارغا،ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.»**(نەھل97 ـ ئايەتتىن) رەببىمىز ئىماننى شەرت قىلدى.ياخشىلىقنىڭ يوقاپ كېتىشى دېگەنلىكنىڭ مەنىسى مۆئمىنلىكنىڭ يوقالغانلىقىدۇر.مەخپىي گۇناھلار ئەشۇ خاتىمىنىڭ يامان ئاخىرلىشىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر.چۈنكى بۇ الله نىڭ نەزىرىگە ئېتىبار بەرمەستىن،كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئېتىبار بېرىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان كىشىلەردىن ھايا قىلىدۇ،الله تىن ھايا قىلمايدۇ.كىشىلەردىن قورقىدۇ،الله تىن قورقمايدۇ.ئۇنىڭ نەزىرىدە الله نىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاش يوق.شۇڭا ئۇ الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلمىغان.شۇنىڭ ئۇچۇن قاچانكى كېچىدە قىيامدە

تۇرۇش ،روزا تۇتۇش . . . . قاتارلىق ئەمەللەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراقلاشسا ،ئۇنىڭ ساۋابى شۇنچە كاتتا بولىدۇ .شۇنىڭ ئۇچۇن ئىنسان ئۆز قەلبىدە ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق ئېتىبارىغا جاي بەرمەسلىكى ،ۋە قەلبىنى كىشىلەردىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىدىن يىراق بولغان ئەمەللەرنى قىلىشقا كۆندۈرۈشى كېرەك .رىيادىن قورقۇشمۇ رىيا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .پەقەت ئىنسان كىشىلەر بىلەن بىرگە بولسۇن ،ياكى بولمىسۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلىقىنى زېھنىدىن چىقىرىۋېتىشى كېرەك .( مانا بۇ ئالدىدىكى كىشىلەرگە خۇددى تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى چاپانغا قارىغاندەك قاراشتۇر . ) (پەقەت ئىخلاس نۇقتىسىدىن ،قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس .خاتا چۈشىنىۋالمايلى ـ ت )

ـ الله نىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلماسلىقمۇ مەئسىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ:سىز الله نىڭ سىزنى «مۇنداق قىل» دەپ بۇيرۇغانلىقىنى ۋە سىزنىڭ ئۇنىڭغا «ياق ،قىلمايمەن .» ياكى «نېمە ئۈچۈن؟»دەۋاتقانلىقىڭىزنى ياكى ئۇنىڭدىن «بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟»دەپ سوراۋاتقانلىقىڭىزنى ۋە ياكى ھۇرۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ،ياكى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بۇ ئىشتىن بىر سىقىلىشنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ،ياكى بۇ ئىشنى ئاڭلىمىغاندەك بىلمەس بولىۋالغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ .الله سىز ئويلاۋاتقان ئىشنى ۋە سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ:« **بىلىڭلاركى ،الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن( يەنى الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن )ئېھتىيات قىلىڭلار ،»** (بەقەرە **235** ـ ئايەتتىن )ئەگەر سىزنى دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر بۇيرۇغان بولسا ئەلۋەتتە ئالدىراپ بېجىرگەن بولاتتىڭىز .ياكى سىزنى سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈدىغان ، ئىززەتلەيدىغان ۋە سىزگە چوڭ بىلىنىدىغان بىرەر مەھبۇب بۇيرىسا چوقۇم ئالدىرىغان بولاتتىڭىز .دېمەك بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئەسكىرىنى بۇيرۇۋاتقان قوماندانىنىڭ ھۆرمىتى بەندىلىرىنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇۋاتقان ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتىدىن نېمىدېگەن چوڭ ـ ھە . بىرىنچىسىدە ئىنسان قورقۇش ۋە ئالدىراشنى ھېس قىلىدۇ .ئىككىنچىسىدە بولسا ھېچنەرسىنى ھېس قىلمايدۇ .مانا بۇ « مەجبۇرىيەت (پەرز )» دېگەن سۆز ۋە ئۇنىڭ قەلبتە قانچىلىك ئورۇن تۇتقانلىقىنىڭ مەنىسىدۇر . دېمەك بۇيەردىكى مۇشكۈلات گۇناھنىڭ ئۆزىدە ئەمەس . بەلكى الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ قەلبلەرگە ئورناشمىغانلىقىدۇر .

*ـ غەيىپلەرنى ھېس قىلغانلىقنىڭ ئەمەللەردىكى تەسىرى:*

ـ ئىنسانلار ئاخىرەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى ياخشىلىق ۋە يامان ئەمەللەر ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەت ـ زىيانلارنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلالىسا، ئۇلار چوقۇم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە«ھارام»ۋە«پەرز»دېگەن سۆزلەر ئىپادىلەۋاتقان مەنالارنى ھېس قىلغان بولاتتى. يەنى بۇ ئىشنىڭ قىممىتى ۋە خەتىرىنىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ «پەرز»ياكى«ھارام»دېگەن سۆزلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشى ناھايىتى تېز بولغان بولاتتى. مانا بۇ ئوخشاشلا الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، شۇنىڭ بىلەن الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ.:**«كىمكى الله نىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا(يەنى ھەج جەريانىدا الله نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ(دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكى)ئۈچۈن ياخشىدۇر،»** (ھەج 30 ـ ئايەتتىن)، **«ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنى ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر»** (ھەج 32 ـ ئايەتتىن)پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«مۆئمىن گۇناھلىرىغا خۇددى ئۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتقان كىشىدەك قارايدۇ. فاجىر كىشى گۇناھلىرىغا خۇددى ئۇ گۇناھ بۇرنىغا قونغان چىۋىندەك قارايدۇ.»(بۇخارى **6381**)، «ھارام»دېگەن سۆز ئىشىنىشتە ئاددىي سۆز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئۇنىڭغا يامان كۆرۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۇنى بۇ ھارامدىن توسىدىغان ھېچقانداق توسقۇق بولمايدۇ. چۈنكى «ھارام» دېگەن سۆز دالالەت قىلىۋاتقان ئاخىرەتتىكى ۋە كاتتا الله نىڭ ھەققىدىكى خەتەرلىرىنى ھېس قىلىش مەۋجۇد ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئاخىرەتنىڭ خەتەرلىرىنى ۋە الله تائالانىڭ كاتتىلىقى ۋە بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالمىغان. كىمكى ياخشى ۋە يامان ئەمەللەرنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالىغان بولسا، گەرچە ئۇنىڭ بەدىنى اللەنى رازى قىلىش يولىدا پارچە ـ پارچە قىلىنىسىمۇ، ئۇ بۇنى ئاددىي سانايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى الله نى رازى

قىلىش يولىدا تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگۈچە يۈزلىرى چانالسىمۇ ،بۇنى ئۇ قىيامەت كۈنىدە ئادىي سانايدۇ .»(سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى **446** ) ،ۋە بۇ كىشى اللە قا بولغان ئىتائەتنى تېخىمۇ كۆپلەپ قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

ـ ئەگەر بىر ئىنسان غەيىبلەرنى ھېس قىلغان بولسا ،سىز ئۇنىڭ كۆپ كۈلمەيدىغانلىقىنى بايقايسىز .چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت بار .ۋە بۇ كىشى ئويۇن تاماشا ۋە پايدىسى يوق سۆزلەرنى كۆپ قىلمايدۇ ،ۋە بىكار ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ .يەنە شۇنىڭدەك ئۇ ھارام ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ .چۈنكى ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى دۇنيادىن ئۈزۈلگەن ، قەلبى بولسا اللە بىلەن باغلانغان ،دۇنيا بولسا ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا يوقاپ كەتكۈچى ئەرزىمەس نەرسىدۇر ،شۇڭا ئۇ دۇنيادىن ھېچقانداق بىر نەرسىگە موھتاج ئەمەس .سىز يەنە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈسىز .چۈنكى ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىدا ئاخىرەت ۋە ئاخىرەتتە قىلىنغان زۇلۇمغا يارىشا ئەجىر ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بار .

ـ قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابقا پەقەتلا ئىشىنىپ قويۇش ھېچنەرسىدە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ .ئەمما قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابنى ھېس قىلغاندا ،سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىز ئۇنىڭدىن ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايدۇ .سىز ھەربىر ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇپ كېتىسىز ،ۋە ئەمەل قىلىشقا ئالدىرايسىز .ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان:«ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىدىن باشقا بارلىق ئىشلاردا تەمكىن بولۇش كېرەك»(سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى **1794** ) ، دېمەك بۇ يەردىكى قىينچىلىق پەقەت ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ھېس قىلماسلىقتۇر .يەنى اللە نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىش ئىشىنىشتە مەۋجۇد بولسىمۇ ،لېكىن ھېس ـ تۇيغۇ نۇقتىسىدىن ئېتىقاندا ھېچنەرسە يوق .

ـ ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئىمان ئەركانلىرى بىلەن تەسىرلىنىشى بارلىق دىن ئىشلىرى بىلەن تەسىرلىنىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئىنسان اللە بۇيرۇغان ئىشلارنى

ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.الله تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى يامان كۆرۈدىغان بولىدۇ.مانا بۇ ئەمەل ۋە تائەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۇرگۈچىسىدۇر. ئەمما ئىمان ئەركانلىرىنى ھېس قىلمىغان ئادەم چوقۇم ئۆز قەلبىدە الله نىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقلىرى ئالدىدا سىقىلىش ،ھەرەج تارتىش ۋە ھۇرۇنلۇق قىلىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ.: **:«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى،ئۇلار الله نازىل قىلغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)يامان كۆرۈش بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى»**( مۇھەممەد **9** ـ ئايەتتىن)

ـ ئىنساننىڭ قۇرئاننىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنى ھېس قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى شۇكى،بۇ ئىنسان قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ،يادىلايدۇ.بۇ ئىش قەلبكە ئېغىر كەلمەيدۇ.الله نى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتۇر: **«(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار،ماڭا ئەگىشىڭلاركى،الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ.(ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،ناھايىتى مېھرىباندۇر» (ئالى ئىمران 31 ـ** ئايەتتىن)

ـ غەيبلەرنى ھېس قىلىشنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى:ئىنسان بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ توغرىلىق كۆپ سۆزلەيدۇ.مېخانىكا ئەھلىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر يىغىلىپ ئولتۇرۇشسا،چوقۇم ماشىنا توغرىلىق پاراڭ سېلىشىدۇ. بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بىرگە ئولتۇرۇشسا،چوقۇم شۇ كەسىپ توغرىلىق پاراڭلىشىدۇ.قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا الله مەۋجۇد بولغان ۋە الله ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ يادروسى بولغان كىشىلەر يىغىلىپ ئولتۇرۇشسا ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى چوقۇم تەبىئيلا الله ،ئاخىرەت ۋە ئىمان ئىشلىرى توغرىسىدا بولىدۇ.بۇ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنى كۆپ تىلغا ئالىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

***ـ غەيبلەرنى ھېس قىلىشنىڭ ئەخلاقتا بولغان تەسىرى:***

شۈبھىسىزكى،شەھۋەتنى ئۇنى قۇل قىلىۋالمىغان ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى دۇنياغا

يۈزلەنمىگەن ئىنسان نەپسى پاك ،قەلبى ياخشى ،كەرەملىك ئىنساندۇر .سىز ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بايقايسىز .چۈنكى ئۇ يالغانچىلىققا موھتاج ئەمەس .ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر مەنپەئەتى بۇ دۇنيادىن كەلمەيدۇ . ئەكسىچە بولغاندا ،ئەگەر ئىنساننىڭ ھېرس ــ تۇيغۇلىرى دۇنياغا يۈزلەنگەن ،شەھۋەتلىرى ئۇنى قۇل قىلىۋالغان بولسا ،چوقۇم ئۇ بېخىل ،ئاداۋەتخور ، ئاجىز ،قورقۇنچاق ۋە بارلىق نىفاق سۈپەتلىرىگە ئىگە ئادەم بولۇپ قالىدۇ .چۈنكى قەلبلەرنىڭ كېسەللىرى ۋە نىفاق سۈپەتلىرى ھېرس ــ تۇيغۇلارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ .ئەخلاق بولسا ھېرس ــ تۇيغۇلارنىڭ الله قا يۈزلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ .ياخشى ئەخلاق قەلبنىڭ راھەتلىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ .ئەمما يالغانچىلىق ،ئالداش ،ئوغرىلىق ، ساختىپەزلىك . . قاتارلىقلار روھى قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ .دۇنيانىڭ يوقاپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشى چوقۇم بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە يولىدا غەزەپلەنمەيدۇ . ئەمما مال ــ دۇنياغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىنى ئون سوم پۇلنىڭ زايە بولۇپ كېتىشى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە غەمكىن قىلىدۇ .

***ــ غەيىبلەرنى ھېس قىلىش ۋە ھېس قىلماسلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى:***

ــ ئىنسان مال ــ دۇنيانىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ،ۋە بۇ ماللارنىڭ ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ پەقەت الله نىڭ مۈلۈكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن ئۆزىدىكى قەلبى بايلىقنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا نامراتلارغا مال بېرىدۇ .ئىنسان دۇنيانىڭ ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا ئۇنى چىڭ سىقىپ كەتمەيدۇ ،ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:«سىلەرنىڭ ھەرقاندىقىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ .»(بۇخارى 13) ،دۇنيا توغرىسىدا ئاداۋەتلىشىش ، بىر ــ بىرىنى ئۆلتۈرۈش يوقاپ بارىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىقلار ۋە ھەرخىل يامان ھادىسىلەر ئازىيىدۇ ــ دە ،ئىنسانلار ئىسلامنىڭ ئادالىتى ئاستىدا ياشايدۇ:**«ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان ،ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر »**( ئەنئام

**82** ـ ئايەتتىن) ،يەنى ئىمانغا شېرىك ئارىلاشتۇرمىغان كىشىلەر .يەنى ئۆزلىرىدە الله نىڭ مەۋجۇتلۇقى ، سۈپەتلىرى ۋە باشقا غەيبلەرنى ھېس قىلىشنى ئەمىللەشتۇرەلىگەن كىشىلەر .

ـ قەلبنى تۈزەش دېگەن ئەسلىدە قەلبتە غەيبلەرنى ھېس قىلىشنى پەيدا قىلىش دېگەنلىكتۇر .شۇ ۋاقىتتا ئىنسان دۇنيانىڭ قىممىتىنى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغان ۋاقىتتا نۆلگە تەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنياغا بېقىنىپ ياشىمايدۇ ۋە دۇنيا ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ .ئاندىن جەمئىيەت ئىسلاھ بولىدۇ:**«الله بىر قەۋمنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ،الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ .»** (سۈرە رەئىد **11** ـ ئايەت)مانا بۇ ۋاقىتتا ياخشىلىق ئومۇملىشىدۇ ،چۈنكى ئىنسانلار دۇنيا ئۈچۈن ياشىمايدۇ: **«(پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان)شەھەر ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن ،گۇناھلاردىن)ساقلانغان بولسا ئىدى .ئەلۋەتتە ،ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق ، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى ،شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق»**(ئەئراف **96** ـ ئايەتتىن) ،دىنىي ياردەم ئىنسانلارنى ئۇلار رەببىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ .بىرى يەنە بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ .قېرىنداش قېرىنداشقا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ .مانا بۇلار ئىنسانلار دۇنيا ئۈچۈن ياشىماستىن ،پەقەت ئاخىرەت ئۈچۈن ياشىغاندىلا شۇنداق بولىدۇ .چۈنكى ماددىۋى بۇيۇمنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش بارلىق بالايى قازالارنىڭ مەنبەسىدۇر .

ـ جەمئىيەتنىڭ ھەممىسى بىر نەرسىگە( ئۇ دۇنيا ئەمەس ،پەقەت الله نىڭ ئارغامچىسى بولۇشى كېرەك )يۈزلەنگەن ۋاقىتتا ، ھەممەيلەن بۇنى چىڭ تۇتىدۇ . **«ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى الله نىڭ دىنىغا)مەھكەم يېپىشىڭلار ، ئايرىلماڭلار .»** (ئالى ئىمران **103** ـ ئايەتتىن) ،بىرى يەنە بىرىگە ئېسىلىپ ياشىمايدۇ .ھەممەيلەن الله نىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ تۇتقان ۋاقىتتا دۇنيا ۋە دۇنيانى تاما قىلىش ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ . ھەممەيلەننىڭ الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىدىن ئىبارەت يېگانە يۈزلىنىشى بولغان بولىدۇ .:**«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر ،شۇ يولدا مېڭىڭلار ،ناتوغرا يولدا**

**ماگماگلار ،ئۇلار سلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ ،(الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دەۋزەختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ»**( ئەنئام **153** ـ ئايەتتىن )

ـ ئەمما غەيىبلەرنى ھېس قىلماسلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بەزىسىدە ياكى كۆپىنچىسىدە مەۋجۇد بولىدىكەن ،بۇ جەمئىيەتنىڭ دۇنيا ،ماددا ۋە شەھۋەتلەرگە يۈزلىنىپ كېتىشىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ .كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ئومۇمىي مەسىلە ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ،ئۇنىڭدا مال ،ئاياللار ،زىبۇ ـ زىننەتلەر ،يېمەك ـ ئىچمەك . . . . قاتارلىقلاردىن بەس ـ بەس بىلەن قانداق مەنپەئەتلىنىش بولۇپ قالىدۇ .ۋە كىشلەرنى مەشغۇل قىلىۋالغان مۇشكۇلاتلار ۋە غەم ـ ئەندىشىلەر ھەممىسى دۇنياۋى ئىشلار بولۇپ قالىدۇ . خۇددى ئۆلۈم ۋە ئاخىرەت مۇشكۇل ئەمەستەك ،ھېچكىممۇ ئۇنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ . خۇددى ئاسماندىكى ئىززەتلىك بولغان بىرى ھەممە شەيئىنى كۆزىتىپ تۇرمايۋاتقاندەك ،ۋە غەيىبلەر ھېچقانداق بىر خەتەرلەرنى ئىپادىلەۋاتمىغاندەك بولۇپ قالىدۇ .بۇ ۋاقىتتا ئىنسانىنىڭ كۆز ـ قارىشى ،خاراكتېرى ،نەپسى ـ خاھىشى ۋە كۆڭلى خالىغان نەرسە ھاياتنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ .

## خاتىمە

ـ بەزىلەر ئۆزىنىڭ كارتۇچكىدىكى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا جەننەتكە ئېرىشىمەن دەپ گۇمان قىلىدۇ .لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئېچىپ كۆرۈشكە قادىر بولالىغان بولسا ،دۇنيادىن باشقا ھېچ نەرسىنى تاپالمىغان بولاتتى . الله ،ئاخىرەت ۋە ئىمان ئەركانلىرى ئۇنىڭ ئەقلىدە ،ئىشىنىشىدە ،تىلىدا ۋە بەزى ئەمەللىرىدە بولغان بىلەن ،لېكىن

قەلبىدە، ھېس ـ تۇيغۇسىدا ۋە غەملىرىدە قەتئىي مەۋجۇد ئەمەس.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەلب ئىمانىنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان،ۋە ھەربىرى(شۇ كىشى دۇنيادا مۇسۇلمان دەپ ئاتالسىمۇ،يەنىلا)چوڭ نىفاققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان يەتتە تۈرلۈك سەۋەبنى بايان قىلدۇق.ۋە يەنە بۇ يەتتە تۈرلۈك سەۋەبنى ساقايتىدىغان ئامىللارنىمۇ بايان قىلىپ قويدۇق.(بۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىكىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ھېس قىلىش(**6** ـ باب)، شەيئىلەردە تەپەككۇر قىلىش(**11** ـ باب)،ۋە ھېس قىلىش بىلەن ئىشىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلىش(**3** ـ باب، **2** ـ قىسىم) قاتارلىقلاردۇر.)

ـ سىز يېتىپ كېلىۋاتقان كېلەچەك ۋە ھەقىقەتتىن قېچىش ۋە غاپىل بولۇشقا قانچىلىك ئۇرۇنماڭ،ئۇ چوقۇم ئاز كۈندىن كېيىنكى ئەتىدە سىز رازى بۇلۇڭ ،مەيلى رازى بولماڭ،بۇنى ھېس قىلىڭ مەيلى ھېس قىلماڭ يېتىپ كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سىزدىن بۇرۇن ئۇيەرگە كېتىپ بولدى.سىزگە پەقەت ئۇنىڭغا ھەقىقى ئىشىنىشتە ئىشىنىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق!.(ھەقىقى ئىشىنىش=ئىشىنىش+ھېس قىلىش)،سىز چوڭ نىفاقنىڭ بۇ يەتتە تۈرلۈك سەۋەبلىرىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ!. بۇ مەسىلە سەل قاراش مۇمكىن بولمايدىغان،خەتەرلىك ۋە كەسكىن مەسىلىدۇر.لېكىن بىز غەپلەتتە كېتىۋاتىمىز. بۇ ھايات ھېلى ئاخىرلىشىپ قالسا سىز نېمە قىلارسىز؟!

ـ مانا بۇ مېنىڭ تاكى ئىمان ئەركانلىرىغا بولغان ھەقىقى قەلبىنىڭ ئىمانى ئەمىلىلەشكۈچە،ئىمان ئەركانلىرىنى تەپەككۇر قىلىش،تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ھېس قىلىش توغرىسىدا قىلغان تەۋسىيەرىمدۇر.

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ ئىگىسى الله قا خاستۇر.